
ئابلەت نۇردۇن

# غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئابلەت نۇردۇن

# غەربىي يۇرت تارىخى ۋە مەدەنىيىتى
# توغرىسىدا ئىزدىنىش

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: رىزۋانگۈل راخمان
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# غەربىي يۇرت تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش

ئاپتورى: ئابلەت نۇردۇن

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168 × 850 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 11.75
2001 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 - 0001
باھاسى: 16.00 يۈەن

---

ISBN7—5631—1346—9/K.146



# نەشرىياتتىن

تارىخ تەتقىقاتچىسى، تونۇلغان ژۇرنالىست ۋە مول ھوسۇللۇق تەرجىمان ئابلەت نۇردۇن 1951 - يىلى 3 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى توقسۇ ناھىيىسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1966 - يىلىدىن 1978 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزىسىدا قايتا تەربىيە ئالغان ھەمدە بوغالتىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1978 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1983 - يىل 2 - ئايدىن 1999 - يىل 6 - ئايغىچە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرناللار نەشرىياتىدا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، ژۇرناللار نەشرىياتىنىڭ باش تەھرىرى، قوشۇمچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1996 - يىلى 6 - ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، ئوقۇش - تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ ھازىر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى مەركىزى» نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ؛ مەملىكەتلىك مىللەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ؛ شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى.

ئۇ تەتقىقات ساھەسىگە قەدەم قويغان 10 نەچچە يىلدىن بۇيان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى توغرىسىدا»، «غەربىي يۇرتنىڭ چال-

غۇ ئەسۋابلىرى» . . . قاتارلىق 100 نەچچە پارچە ماقالە ۋە
ئىلمىي ماقالە؛ «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى
توغرىسىدا ئىزدىنىش» ، «ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ
مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش» . . . قاتارلىق 200 نەچچە
پارچە تەرجىمە ماقالە ئېلان قىلغان. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ
«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخى ئاتالغۇلار لۇغىتى» نى ۋە مۇستە-
قىل ھالدا «چاشقان يىلى» ، «تارىخى ئاتالغۇلار تەرجىمە قوللان-
مىسى» ، «تۈركىيە» نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. «دۇنيا مىل-
لەتلىرى» قاتارلىق بىر نەچچە كىتابنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلى-
گەن. ئۇ مۇستەقىل تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە
تارىخى» (3) ، «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» (3) ،
«يەكەن خانلىقى تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ، «شىنجاڭ تارىخى-
دىن سوئال - جاۋابلار» ، «شىنجاڭ تارىخىدىن تەربىيە» قاتارلىق
كىتابلار ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان «قەدىمكى
ئۇيغۇرلار تارىخى» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1 - ، 2 - قىسىم،
«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە
تارىخى» 1 - ، 2 - قىسىم، «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» ، «شىنجاڭ-
نىڭ يەرلىك تارىخى قىسقىچە ئوقۇشلۇقى» ، «پانئىسلامىزم ۋە
پانتۈركىزم ھەققىدە تەتقىقات» ، «شىنجاڭنىڭ 2000- يىلى» ،
«قاراخانىيلار تارىخىدىن قىسقىچە بايان» قاتارلىق كىتابلار نەشر
قىلىنغان. نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان «جەمئۇتتەۋارىخ»
(«تارىخلار جەمئىيسى») ، ليۇ زىشاۋ يازغان «ئۇيغۇرلار تارى-
خى» (ئوتتۇرا قىسىم) ، «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرى-
نىڭ قىسقىچە تارىخى» ، «يىپەك يولى قەدىمىي مەدەنىيىتى» ،
«ۋۇ زېتيەن» قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشقان.
«24 تارىخ» قا تەۋە — «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» بىلەن
«سۇينامە» نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت قىسىملىرىنى
مۇستەقىل تەرجىمە قىلغان ۋە «جىننامە» ، «لياڭنامە» قاتارلىق

كىتابلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈروپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشقان. قولىڭىزدىكى مەزكۇر كىتابقا ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلان قىلغان ۋە تېخى ئېلان قىلىنمىغان تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە ماقالىلىرىنىڭ بىر قىسمى تاللاپ كىرگۈزۈلدى ۋە كىتابنىڭ ئاخىرىغا ئۇ تۈزگەن شىنجاڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا دائىر چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى ھەم مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ئاساسلىق تەرجىمە ماقالىلىرىنىڭ كاتالوگى قوشۇمچە قىلىندى.

ئاخىرىدا بۇ كىتابقا قىممەتلىك تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەرگەن، بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن مىجىت ئابدۇرۇسۇل، جاقىپ مىرزاقان، داۋۇت سايىم قاتارلىق ئۇستازلارغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

## مۇندەرىجە

1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم ...... 1
2. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى .................. 21
3. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى .................. 26
4. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى — تۇنباغا .............. 28
5. ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقى ................................ 31
6. تۈرگەش خانلىقى .................................... 33
7. تۈركلەر ۋە تۈرك تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ............ 37
8. هونلارنىڭ ئاتاقلىق تەگرىقۇتى ـ مودۇ .................. 444
9. شىمالىي هونلار ۋە ئاتتىلا ............................ 48
10. كۇشان ئىمپېرىيىسى .................................. 54
11. قاراقىتان خانلىقى ۋە موڭغۇللار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار... 57
12. قىتانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى .................. 61
13. قىتانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلار قۇرغان خانلىقلار توغرىسىدا ........................................ 67
14. قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلار ............................ 86
15. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي رولى ........................................ 92
16. ساكلار ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ... 95
17. ياپپان ۋە ياپپان بەگلىكى توغرىسىدا .................. 101
18. غەربىي قىتانلار ۋە ياللۇغ تاشىن .................... 105
19. جۇجانلار ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى ... 109
20. غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى قوۋم ـ ئېفتالىتلار.............. 113

21. قەدىمكى زاماندا ئۇنىڭەن غەربىي يۇرتلۇق بىر قىسىم سەنئەتكارلار ...... 119

22. غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرى ...... 128

23. چىياگلار ۋە چىياڭ نېيى ...... 141

24. غەربىي يۇرتتىكى 54 بەگلىك ...... 145

25. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئەسكەرلىرى ...... 156

26. غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش - يۆتكىلىشلىرىدىن ئەينى چاغدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە نەزەر ...... 158

27. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ...... 183

28. ياللۇغ چۇساي ۋە «غەرب سەپىرىدىن خاتىرە» ...... 200

29. قەدىمكى جۇغراپىيىلىك تارىخىي ئەسەر — «ھۇدۇدۇلئالەم» ...... 203

30. مەرۋەزى ۋە «تەبىئەتۇل ھايۋان» ...... 207

31. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى ...... 210

32. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى توغرىسىدا ...... 220

33. مانى دىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ...... 225

43. زوروئاستېر دىنى ...... 242

35. كلاسسىك داستان – «ئاۋېستا» ...... 245

36. ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ...... 248

37. قىممەتلىك يازما يادىكارلىق – «موڭغۇل - ئويرات قانۇنى» ...... 251

38. شىنجاڭنىڭ ئالتۇنچىلىق تارىخى توغرىسىدا ...... 253

39. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوغۇتلاش تېخنىكىسى ...... 261

40. گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ...... 264

41. دۇنخۇاڭ ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق ...... 266

42. مەشھۇر تارىخىي شەھەر – بېشبالىق ...... 271

43. «قۇمۇل قوغۇنى» دېگەن نام توغرىسىدا ...... 275

44. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا توغرىسىدا ...... 278

45. قەدىمكى يىپەك يولىدىكى چەت ئەللىكلەر ..................... 282
46. مانىخېيىزمنىڭ ئىلىمىزدىكى ئېكسپېدىتسىيىسى ............ 287
47. چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ مەخپىيىتى ......................... 290
48. جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭدا ئەپيۇنى مەنئىي قىلىشى ...... 293
49. شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ................. 295
50. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىغا دائىر
ئەھۋاللار ..................................................... 297
51. دۇنيادىكى يىلنامىلەر...................................... 307
52. تارىخقا ئائىت ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇلى توغرىسىدا دەسلەپكى
قاراشلىرىم...................................................... 309
53. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر
نىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى
مەسىلىلەر ..................................................... 314

قوشۇمچە:

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى ... 336
ئابلەت نۇردۇننىڭ ھەرقايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئاساسلىق تەرجىمە
ماقالىلىرىنىڭ كاتالوگى ......................................... 358

[illegible] 218

[illegible]

[illegible]

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلي زاتى (ئېتنىك مەنبەسى، كېلىپ چىقىشى) توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ـ شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم، ئەھمىيەتلىك تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بىر مۇنچە تارىخىي مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تۇردە چېتىلىدۇ. تارىخشۇناسلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە خېلى ئۇزاقتىن بۇيان تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، خېلى نۇرغۇن كىتابلار نەشر قىلىنغان، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىلىم ئەھلىلىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئىلمىي قاراش شەكىللەنگىنى يوق. مەسىلەن، بۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى تەتقىق قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللارغا، گويىڭدى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شەرق نەشرىياتى، 1952 ـ يىل)، فېڭ جياشېڭ، چېڭ شولو قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» (ئىككى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1958 ـ يىل)، ليۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (تەيبېي، جېڭجۇڭ كىتاب ئىدارىسى، 1975 ـ يىل)؛ مەرھۇم ليۇ زىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (ئۇيغۇرچە ئىككى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل)؛ بى چاڭپۇ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» ـ (تەيبېي، شىنۇېن نەشر شىركىتى، 1986 ـ يىل)، خامىلتون يازغان «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللار» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىل)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ

يىل)، لىن گەن، گاۋ زېخۇ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» (ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىل 10 - ئاي) ۋە ياڭ شېڭمىن يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە)، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي زاتى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەرنى كۆرستىپ ئۆتۈش كۇپايە.

1980 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1981 - يىلى 30 - ئىيۇلدىكى سانىغا بېسىلغان ماقالىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ھەقتىكى تۆرلۈك كۆز قاراشلارنى ئالتە خىلغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. مەن ئەنە شۇ قاراشلاردىن، بىر- بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىلنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

1 - خىل قاراشتىكىلەر - ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى مىلادى 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 - 840) قىرغىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئورۇش، كېسەللىك ۋە ئاپەت سەۋەبىدىن غەربكە كۆچكەن، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭدىكى يەنى تارىم ئويمانلىقىدا 840 - يىلىدىن ئىلگىرى ياشايدىغان خەلقلەر تۈركىي تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشەتتى، گەرچە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى يەرلىك خەلقلەردىن ئاز بولسىمۇ، تىل، ئۆرپ - ئادەت ۋە پسىخولوگىيىسى ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئۇلار يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئاسانلا قوشۇلۇپ كەتكەن، دەپ ھېسابلايدۇ.

2 - خىل قاراشتىكىلەر - ئۇيغۇرلار تەڭرىتاغ (تيانشان) نىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا 840 - يىلىدىن ئىلگىرى، ھەتتا مىلادى-

يىدىن ئىلگىرىلا ياشىغان ئەڭ قەدىمىي خەلق، دەپ قارايدۇ.
بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئالدىنقى ۋە كېيىنكى «خەننامە» نىڭ
«غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ياقىلى-
رىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ سانىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرىدۇ. «تەز-
كىرە» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلار-
دىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مە-
لۇم. ھالبۇكى ئورخۇن ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ
سانى كۆپ بولغاندىمۇ 100 ـ 200 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە بول-
غان، بۇلار سان جەھەتتىمۇ مۇتلەق ئازچىلىقنى تەشكىل قىلغان
بولسىمۇ سان جەھەتتىن كۆپ بولغان يەرلىك خەلقلەرنى ئاسىمىل-
ياتسىيە قىلىۋالغان دېيىلگەن كۆز قاراش پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەل-
مەيدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشقا «شىنجاڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە نەشرى 1981 ـ يىل
1 ـ سانىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى
يېڭى مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسىنى، ئۇيغۇرچە نەشرى 1982 ـ
يىل 2 ـ سانىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى
توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن ماقالىلەرنى مىسال قىلىپ
كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشقا ئوخشىمايدىغان قاراشلارمۇ
بار: مەسىلەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
سابىق باشلىقى، تارىخچى گۇ باۋ ئەپەندى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال، 1979 ـ يىللىق 5 ـ
سان ۋە 1980 ـ يىللىق 6 ـ سان) ۋە «جۇڭگو ئىجتىمائىي
پەنلەر تەتقىقاتى» (1980 ـ يىللىق 6 ـ سان) قاتارلىق ژۇرناللا-
ردا ئېلان قىلغان ئۈچ پارچە ئىلمىي ماقالىسىدە: «مىلادى III
ئەسىردە شىنجاڭدا ماكانلاشقان دىڭلىڭلار، مىلادى V ئەسىردە
ياشىغان تېلېلار ئۇزاق تارىخىي جەرياندا يەرلىك مىللەتلەر بىلەن
قوشۇلۇپ، كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شەكىل-

لەندۇرگەن» ، «مىلادى V ئەسىردە دىڭلىڭلار، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان» ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خېلى كۆپ جايلار مۇشۇ مەزگىلدە تېلېلەشكەن» دەپ قارىغان. مو گۋاڭۋېن ئەپەندى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى ۋە ماكانى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى («مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» ، 1983 - يىل) دە، ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن مىلادى IV ئەسىرگىچە ياشىغان دىڭلىڭ ۋە ئوغۇزلارنى ئېتنىك مەنبە قىلغان، دەپ ھېسابلىغان. چېڭ شولو ئەپەندى بولسا «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى زاتى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى («شياڭ دا ئەپەندىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان ماقالىلەر توپلىمى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 - يىل) دا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي زاتىغا دائىر رىۋايەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇرلار: دى (دىھار) - قىزىل دى - دىڭلىڭ - تېلې - ئۇيغۇر دېگەن تەرتىپ بويىچە كېلىپ چىققان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يۇقىرىقى بۇ خىل قاراشلارغا باھا بېرىشتە، ھېسسىياتقا بېرىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز، تارىخىي پاكىتلار ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا ئالدى بىلەن، ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت ئىكەنلىكىنى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئەمما تۈركلەر بىلەن ھونلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە تۈركلەرنىڭ ئەجدادى مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزى ئالىملار (مەسىلەن: ئېلىمىز تارىخشۇناسلىرىدىن ما چاڭشۇ، ياپونىيىلىك تارىخشۇناس سۈگىتىيەن شۈنەن،

مانسۇدا توشيو قاتارلىقلار) تۈركلەرنى تىل (دى، دىڭلىڭ، تېلې) لاردىن كېلىپ چىققان دېسە، يەنە بەزىلەر، ھونلاردىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. ئاز ساندىكى تەتقىقاتچىلار بولسا، تۈركلەرنى ساكلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان تىگىراخا ئۇدا (ئۇچ-لۇق قالپاقلىق ساكلار) بىلەن تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇد-دەتلىك قان ئارىلىشىشىدىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن دەپ ھېسابلا-يدۇ.

خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ نامى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە تۈرلۈك ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن ئاتالغان، مەسىلەن: ئالدىنقى چىن دەۋرىدە دى ( 狄 )، خەن دەۋرىدە دىڭلىڭ ( 丁零 ئەينى چاغدا تىڭلىڭ دەپ ئوقۇلغان)، سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە تېلې ( 铁勒 )، ۋېيخې، يۈەنخې (ئور-خۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە دەۋرىدە، (يەنى مىلادى 789 - يىلى خۇيخۇ* غا ئۆزگەرتىل-دى)، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خۇيخې، خۇيخۇ دېگەن ناملار داۋاملىق قوللىنىلغاندىن باشقا، يەنە ۋۇگۇ، ۋېۋۇئېر، ۋېگۇئېر، ۋېيۋۇ قاتارلىق ئون نەچچە خىل نام بىلەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوللىنىلغان ناملاردىن سىرت، خۇيخۇي دېگەن نام بىلەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە چەنتۇخۇي، خۇيبۇ دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنى بىر خىل نامنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىشى ياكى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان نام، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ليۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇر-لار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابنىڭ 87 - بېتىدە قەدىمكى چاغدا، خەنزۇچە خەتلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا كۆپ ھاللاردا «ڭ» تاۋۇ-شى چۈشۈپ قالىدىغانلىقى، مەسىلەن ئەينى چاغدا « 丁 » (ting) ئوقۇلۇشقا تېگىشلىك خەتنىڭ «تى» (ti) دەپ؛

* خۇيخۇ ـ ئۇچقارلىڭ چەبدەس ـ باتۇر مەنىسىدە.

«轻» (king) خېتى «ki» دەپ: «龙» خېتى «lu» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان، تىئوپلاست «تىل» دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركچىدىكى ئەتىل ياكى ئېتىل (دەريا) دېگەننىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىنلىقىنى ۋە «ت» بىلەن «دى» ئۆزئارا نۆۋەتلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى مەنسەپ نامى «شاد» ئوقۇلۇشتا «شات» دەپ، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇرچىگە كىرگەن «قەد» سۆز «قەت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى بىلەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، «دى»، «دىڭلىڭ» «تېلې» دېيىلگەن نامالارنىڭ «تىل» ياكى «دىل» دېگەن نامنىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شۆ زۇڭجېڭمۇ «دىڭلىڭ» نىڭ قەدىمدە «دىل» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان.

دىللار ـ ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىدە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. ئەمىنىيە (چۈنچيۇ) دەۋرى مىب 722 ـ مىب 481 دە يېزىلغان «زۇجۇەن» تەزكىرىسىنىڭ جاۋگۇڭنىڭ تۇنجى يىلى تەپسىرىسىدە: «جىن دۆلىتىنىڭ لەشكەر بېشى شۇنۇۋنىڭ قوشۇنى داچى دېگەن جايدا دى (دىلى) لارنىڭ مەغلۇپ قىلدى» دېيىلگەن. داچى ـ ھازىرقى تەييۈن رايونى بولۇپ، يۇقىرىقى مەلۇماتتىن دىللارنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. سۇ بېيخەي يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىدە، بەش خۇ (غۇز) 16 دۆلەت دەۋرى (304 ـ 439) دىكى دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئ. ئ.رىسىدا «دى» (翟)، شيەنيۇ* (鲜于)، لۇ

---

* 翟 خېتى ـ قەدىمكى چاغدا «دى» دەپ ئوقۇلغان، ھازىر «زى» دەپ ئوقۇلىدۇ ـ ت.

(洛)، چۇ دەپ ئاتالغان ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ سانى ھەممىدىن كۆپلۈكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە بۇنىڭغا ئاساسەن دىل (دىڭلىڭ) دېگەن نام، «دى» ئۇرۇقىنىڭ نامىنىڭ ئۆزگىرىشى دېگەن خۇلاسە چىقىرىلغان.

شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا. جۇڭگو، ئەرەبىستان، ئىران، ياۋرۇپا جۈملىدىن شىنجاڭدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ھېلىھەم ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى تېپىلمىلار يازما يادىكارلىقلارنىڭ رېئاللىقتا قانچىلىك دەرىجىدە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ھالبۇكى، يېقىنقى زامان شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تېپىلغان بەزى يادىكارلىقلارنى چەت ئەللىكلەر ئەپچىقىپ كەتتى. دەرۋەقە، بىر مۇنچە چەت ئەللىك ئالىملار شىنجاڭدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئۈستىدە نۇرغۇن پايدىلىق ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ خېلى زور نەتىجە قازانغان بولسىمۇ، بىر قىسىم ماددىي ۋە يازما يادىكارلىقلار تېخىچە ئۆز ئىگىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدا بىر مۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلغانلىقى مەلۇملۇق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قولىيازما ھالىتىدە بولغاچقا، خېلى بىر قىسمى يوقىلىپ كەتتى، يەنە بىر قىسمى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا، «كىگىمز كىتاب» قاتارىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ياكى يوقاپ كەتكەن. شۇڭا دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يازما تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە يېزىلغان ئىشەنچلىك يازما يادىكارلىق ناھايىتى ئاز. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەدىمكى شەرق مىللەتلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا خەنزۇچە مەنبەلەر، بولۇپمۇ دۇنياغا مەشھۇر «24 تارىخ» (بەزىدە «25تارىخ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ئائىت جىلد-

لاردىن پايدىلىنىش، ئۇلارنى تەھلىل قىلىش ۋە باشقا يېزىقتىكى
ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى بولغان دىل (دىڭلىڭ،
دى) لار ئېدىرلىق، داللاردا كۆپىنچە ھارۋىلاردا يول يۈرۈشنى
ياقتۇرغاچقا ھەمدە «ھارۋىلىرىنىڭ چاقى ئېگىز، شادىلىرى
كۆپ» بولغاچقا، ئېگىز قاڭقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپمۇ
ئاتالغان. بىز بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي
داستانى «ئوغۇزنامە» دە ئېيتىلغان ئوغۇز خاقان جۇرجىت خاقا-
نىنى مەغلۇپ قىلىپ نۇرغۇن غەنىيمەت ئالغانلىقى، ئۇلارنى تو-
شۇشقا ئات، قېچىر، كالا ئازلىق قىلغاندا، ئوغۇزخان لەشكەرلى-
رىدىن بىر چىۋەر ياشانغان كىشى ئېگىز ھارۋا ياساپ جانسىز
غەنىيمەتلەرنى قاچىلاپ، ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىيمەتلەرنى
قوشۇپ توشۇغانلىقى، ئوغۇزخاننىڭ نەۋكەرلىرى، ئەل جامائىتى-
مۇ بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغانلىقى ۋە ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىغانلى-
قى، ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا «قانغا» «قانغا» دېگەن ئاۋاز چىققاچقا،
ئوغۇزخان ھارۋا ياسىغانلارغا قانغۇرلۇقلار (يەنى قاڭقىللار) دەپ
نام بەرگەنلىكى («ئوغۇزنامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 - 56 -
بەتلەر) ھەققىدىكى بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئېگىز
قاڭقىللار يەنى دىڭلىڭلار ناھايىتى قەدىمىي خەلق ئىكەنلىكى،
يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن خەنزۇچە مەلۇماتنىڭمۇ خېلى ئاسا-
سى بارلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى پاندىرىخ قەلئەسىدىن قەدىمكى ھارۋىنى تاپقانلىقى،
1983 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي ناھىيىسىدىكى ئوتبۇلاق دادۇيىدىكى قىيا-
تاش سۈرەتلىرى ئارىسىدىن بىر كالا ھارۋىسىنىڭ رەسمى بايقال-
غانلىقى ۋە رەسىمنىڭ تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
1500 - يىللارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقى
(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئايلىق ئىچكى ژۇرنال)

خەنزۇچە، 1984 ـ يىلى 5 ـ سان، 15. 16. بەتلەرگە قاراڭ)، شۇنداقلا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (تەخمىنەن مىلادى 25 ـ 220) دىن باشلاپ ياسالغان كۆسەن (كۇچا) دىكى بېزەكلىك غارلىرىدا ھارۋىدا ئولتۇرغان قۇياش ئىلاھىنىڭ سىزىلىشى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، پەسىللىك ژۇرنال ئۇيغۇرچە 1987 ـ يىلى 2. سان 118. بەتكە قاراڭ) بىزنىڭ يۇقىرىقى كۆز قارىشىمىزنى ئارخېئولوگىيە ۋە قىياتاش رەسىمى ۋە تام سىزمىچىلىق جەھەتتىن ۋاستىلىك پاكىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

«ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە، مىلادى 487 ـ يىلى، ئېگىز قاڭقىللارنىڭ بىكقۇلۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلو ۋە ئىنىسى چۇڭچىلار جۇجان قاغانى تولۇننىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە نارازى بولۇپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى، ئۇلار ئالدىنقى قانقىلنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچكەنلىكى، ئاۋۇزلو ئۆزىنى خان دەپ، دۆلىتىدىكىلەرنى بەگ دەپ ئاتىغانلىقى، چۇڭچى كۇلىبەگ دەپ ئاتالغانلىقى، جۇجان خانى ئاۋۇزلونى قوغلاشقا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، نەتىجىسى چېقىمىغانلىقى، ئاۋۇزلو قۇجۇ خانى كەن شۇگۇينى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مىڭمىڭنى خان قىلغانلىقى، ئاۋۇزلو جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كىنگىت (قاراشەھەر)، پىشامشان، ئۇدۇن (خوتەن) لارنى بويسۇندۇرۇپ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، ئۇيغۇرلارنى ھونلارنىڭ ئەۋلادى، دېيىلگەن مەلۇماتلارمۇ بار. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» 99 ـ جىلد «تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تېلېلارنىڭ ئەجدادى ـ ھونلارنىڭ ئەۋلادى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرى كۆپ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ: «ئۇيغۇر (خۇيخې) لارنىڭ ئەجدادى ـ ھونلارنىڭ ئەۋلادى، كېيىنكى ۋېي خانلىقى دەۋرىدە تېلې قەبىلىلىرى دەپ ئاتال-

دى» دېيىلگەن. بۇ خاتىرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادى هونلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

هونلار ـ ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى، «كېيىنكى خەننامە» 89 ـ جىلد «جەنۇبىي هونلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئىزاھاتىدا: «باتۇر (مودۇ) تەڭرىقۇت تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، شياخۇلار* نىڭ ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ ئەجدادى چۇنۋېيدىن تۇمەنگىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن» دەپ قەيت قىلىنغان. هونلار دەسلەپتە ئوردوس يايلىقى ۋە يىنشەن (تەسكەي) تېغىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. ئۇلار ھەرقايسى دەۋرلەردىكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، يەنى جو سۇلالىسى دەۋرىدە گۈيفاڭ، خۇنيى، شيەنيۈن، شۈنيۇ دەپ؛ چۇنچيۇ دەۋرى (ئەمىنلىك دەۋرى) دە رۇڭ ياكى دى دەپ؛ ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خۇ ياكى «لۇ» ( 虏 ) دەپ ئاتالغان، باتۇر (مودۇ) تەڭرىقۇت دەۋرىدىن ئىلگىرى هونلار شەرقىي غۇزلارغا يەنى توڭغۇس ۋە توخرىلارغا بوزەك بولۇپ، ئۇلارغا ئېسىل ئات ۋە ساھىبجامال قىزلارنى تارتۇقلاپ تۇرغان. تۇمەن تەڭرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ هون قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى تۇمەننىڭ چوڭ ئوغلى باتۇر ئاتىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق قۇدرەتلىك هون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. هون ئىمپېرىيىسى بويسۇندۇرۇلغان نۇرغۇن قەبىلىلەر، ئۇرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى، هون تىلىنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپلۇقى ھەققىدە تىلشۇناسلار ۋە تارىخچىلار ئارىسىدا تالاش -

---

* شياخولار ـ شيا سۇلالىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XXI ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە) دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ ـ ت.

تارتىش يوق. لېكىن ئۇنىڭ قايسى تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان-لىقى توغرىسىدا ھېلىمۇ ئىختىلاپ بار. فرانسىيىلىك دىمۇسار، كلاپروت قاتارلىقلار غەربكە كۆچكەن ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋېن-گىرلار (ھونگىرلار) دا ھازىرمۇ داستىخان، ئالما، تەڭنە، ئو-چاق قاتارلىق ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان، «كېيىنكى خەننامە» 89 - جىلد «جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىس-سە» دە «تەڭرىقۇتنىڭ ئەسلى ئىسمى فەنتاي ئىدى، ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر ئۇنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتايتتى. ھونلار ئاسماننى تەڭ-رى، تەڭرىنىڭ ئوغلىنى قۇت دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز دە ھازىرمۇ تەڭرى ۋە قۇت، قۇتلۇق دېگەن سۆزلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ھونلار غەربكە كۆچكەندە، قېرى - چۈرى، ياشانغانلىرى بىللە ماڭالماي كۇسەن (كۇچا) نىڭ شىمالى، كىنە-گىت (قاراشەھەر) نىڭ غەربىدىكى بايىنبۇلاق يايلىقىدا قېلىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم كەڭلىكتىكى زېمىنغا، ئىككى تۇمەندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە ياپبان دۆلىتىنى قۇرغان. «شىمالىي سۇلا-لىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ئېگىز قاڭقىلىلارغا ئوخشاش ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئەجدادلى-رىنىڭ تىل ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن شۇ-نىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، تەيۋەنلىك تارىخچى لىۋ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تا، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسىم رايونلىرىدىن تېپىلغان بىر رەسىمدە بىر ھوننىڭ بويى پاكار سىزىلغانلىقى، چىرايى مانجۇلارغا ئوخشايدىغانلىقى، ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ بىر مۇنچىسى «تاي» بىلەن ئاياغلى-شىدىغانلىقى، «تاي» سۆزى موڭغۇل تىلىدا ھازىرمۇ مەۋجۇتلۇ-قى ۋە «لىق»، «لىك» دېگەن سۆز قوشۇمچىسى ئورنىدا قوللى-نىدىغانلىقى، مەسىلەن سۇبۇتاي - ئەقىللىق، ئۇلاستاي (تېرەك-

لىك) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ھونلارنىڭ تۆت ئالىي ئۇرۇقى ئىچىدىكى قويان ئۇرۇقىنىڭ نامى كېيىنكى چاغلاردا سىيانپىيلار ئارىسىدا قايتا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ۋە تۈركلەر بىلەن سىيانپىيلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خەلقلەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇڭلاشقا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل ئەھۋالنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادىنى ھونلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ياكى ئىنكار قىلىشقا ئالدىرىماسلىقىمىز لازىم.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنپەئەت، ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ۋە بۇيسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن شىمالىي ھونلار زەئىپلىشىپ ھالسىزلانغاچقا، جەنۇبتىكى قەبىلىلەر ھونلارغا ئالدى تەرەپتىن، دىڭلىڭلار ئارقا تەرەپتىن يوشۇرۇنچە ھۇجۇم قىلغان، سىيانپىيلار سول تەرەپتىن، غەربىي يۇرتلۇقلار ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان. ھونلار تۆت تەرەپتىن كەلگەن زەربىگە تاقابىل تۇرالماي، غەربكە - يىراق تامانغا كۆچكەن.

ھونلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلار ئىگىلىگەن بىپايان چارۋىچىلىق رايونلىرى سىيانپىيلار، تېلېلار ۋە جۇرجانلارنىڭ زېمىنلىرىغا ئايلانغان، سىيانپىيلار شەرقىي غۇز (دۇڭخۇ) لارنىڭ بىر تارمىقى، شەرقىي غۇزلار باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بىر تارماق شەرقىي غۇزلار چوڭ ھىنگان تېغى بويلىرىغا قېچىپ بارغان، كېيىن راۋلىي دەرياسى (سىرامولۇن دەرياسى) بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا سىيانپىيلارنىڭ سەردارى تەن شىكۇي سىيانپىي قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىدىكى چەنچيۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ئوردىگاھ تىكىپ سى-

يانپي خانلىقىنى قورغان. ئۇ شىمالدا دىڭلىڭلارغا، غەربتە ئۇيسۇن (ئۇسۇن) لارغا زەربە بېرىپ زېمىنىنى شەرقتىن غەربكە مىڭ چاقىرىم كېڭەيتكەن. تەخمىنەن مىلادى 180 - يىلى، تەن شىكۆي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوغۇللىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىپ ئۆز ئالدىغا باشباشتاق بولۇۋالغاچقا، سىيانپي خانلىقى تەدرىجىي زەئىپلەشكەن. تېلېلار مىلادى II ئەسىردە سىيانپي خانلىقىغا، مىلادى V ئەسىردە جۇرجان خانلىقىغا بېقىنغان. مىلادى 509 - يىلى، جۇرجانلارنىڭ خانى جۇپۇت ئېگىز قاڭقىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇرۇن جۇرجان ھۆكۈمدارى ناگايىغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن قوجو خانى چۈيجا ئېگىز قاڭقىللارغا تەۋە بولغان. جۇرجانلارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ئېگىز قاڭقىللار تېخىمۇ قۇدرەت تاپقان.

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى - تېلېلارنىڭ تارقالغان ماكانىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە ناھايىتى مۇھىم بىر ئابزاس خاتىرە بار:

«. . . تېلېلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئەڭ كۆپ، ئۇلار غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ، تاغ - جىلغىلارنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان. توغلا دەرياسى (ئورخۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى) نىڭ شىمالىدا بۆكە، توڭرا، ئوپۇغۇر (ۋېيخې)، بايىرقۇ، بوركلى، مىڭچىن، رۇرخ (توققۇز)، ئىزگىل، غۇن، قوغۇرسۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى بار. ئېۋېرغولنىڭ غەربى، كىنگىت (قاراشەھەر) نىڭ شىمالى ۋە ئاقتاغ تەڭرىتاغ، تيانشان ئەتراپلىرىدا چابىش (چۆبە)، بۇرج، ئىكە (ئازلار)، سۇبۇ (سىپتا)، ناخ (ناگە)، ئوغۇز، خېگو (كەنكۇن)، ئېرتوش (يىجان)، ئۇتقۇ قەبىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى بار. . . . گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلەلىرى ئوخشىمىسىمۇ ھەممىسى تېلې دەپ ئاتىلاتتى.» يۇقىرىقى

بىر ئابزاس مۇھىم بايانىدا، تېلې قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئوپۇرغۇر، ئوغۇز دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى، بولۇپمۇ ئوغۇزلارنىڭ تيانشان ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقانلىقى ئېيتىلغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە: «يۈەنخې (ئۇيغۇر) لار دەسلەپتە ئوغۇز (ۋۇخۇ) دەپ ئاتىلاتتى، سۇي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئوپۇرغۇر (ۋېيخې) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى» دەپ قەيت قىلىنغان. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 60 -، 83 - بەتلىرىدە، ئوغۇر (ۋۇخۇ) ئوپۇرغۇ (ۋېيخې) دېگەن ناملار، ئەمەلىيەتتە يۈەنخې (ئۇيغۇر) نىڭ خەنزۇچىدە باشقىچە تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىكەنلىكى، تېلېلارنىڭ چابىش قەبىلىسىنىڭ قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان يۇلتۇز دەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقانلىقى ۋە يۈەنخې ياكى خۇيخې دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تېلې قەبىلىلىرى ئارىسىدا خېلى كۈچلۈك قەبىلە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى ئابزاس تارىخىي بايانىي «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يالغۇز موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىلا ئەمەس، بەلكى ئېۋىرغولنىڭ غەربى، قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمالى ۋە تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردىمۇ ياشىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر قانداشلىقى بىر - بىرىگە يېقىن ئۇرۇق - قوۋملار بىر قەبىلە بولغان، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى يېقىن بولغان ئۇرۇقلار بىر قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشقان، قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قايسى بىر قەبىلە قورال كۈچى ياكى جەلپ قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرسە، شۇ قەبىلىنىڭ نامى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. بۇرۇن دىڭلىڭ ياكى تېلې دەپ ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئۇي-

غۇر» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايى-
تى يېقىن. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلبىلار ئىچىدە سان جەھەتتە
كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىر
قەدەر ئىلغار ئىكەنلىكى، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد، مەدە-
نىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان «يىپەك
يولى» نىڭ توگۇنىگە جايلاشقانلىقى ئۇلارنىڭ باشقا قەبىلىلەرنى
بىرلەشتۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن، «شى-
مالىي خانلىقلار تارىخى، تىلبىلار ھەققىدە قىسسە» دە: «تۈرك
دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار (تۈركلەر) شەرق ۋە غەربكە
كېڭەيمىچىلىك قىلغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلاندى...
ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىدىن پايدىلىنىپ موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا
دەۋران سۈردى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن مىلادى VI ئەسىردىن VIII
ئەسىرگىچە موڭغۇل دالاسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە بولغان
جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرۇلغان چوڭ خاندانلىق - تۈرك
خانلىقىنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ۋە
تۈركلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا تايانغانلىقىنى كۆرۈۋې-
لىشقا بولىدۇ. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى
كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تار-
مىقى قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بولۇپلا قالماي، ئۇلا-
رنىڭ دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققى-
دىكى مەلۇماتلارمۇ قالدۇرۇلغان. مەسىلەن «شىمالىي خانلىقلار
تارىخى» ۋە «سۇينامە» لەرنىڭ «تىلبىلار ھەققىدە قىسسە» لىرى-
دە: «ئۇلارنىڭ غەرب تەرەپكە جايلاشقانلىرى كۆپىنچە باغۋەنچى-
لىك، ئېكىنچىلىك (دېھقانچىلىق) قىلاتتى، كالىسى كۆپ،
يىلقىسى ئاز ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان
«غەرب تەرەپ» - موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىدىكى ھازىرقى
شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى
كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ خېلى

بۇرۇنلا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا دېھقانچىلىق ۋە باغۋەن-
چىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.
ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 840 - يىلىدىن ئىلگىرىلا شىنجاڭدا
ياشىغانلىقىنى تۆۋەندىكى تارىخىي مەلۇماتلارنى نەقىل كەلتۈرۈش
ئارقىلىقمۇ دەلىللەش مۇمكىن:
① مىلادى II ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان تارىخچىسى پتولېمى
ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدىكى سېرىس دۆلىتى (يە-
پەك دۆلىتى) بابىدا، ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك
خەلقنىڭ ئۇيغۇر داسلار ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى، ئۇلار پىلە بېقىپ
يىپەكتىن شايى - ئەتلەس توقۇيدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەر-
گەن.
②«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - تومىدىكى «ئۆگە»،
«ئۇيغۇر» سۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا، تۈرك قوشۇنلىرى
(ئالېكساندىر) ماكېدونىيەسكىنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان
ئالتۇنقان تېغىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن ئىكەنلىكى، «ئۇيغۇر»
دېگەن نام «خودخۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ئىكەنلى-
كىنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردىلا مەۋجۇتلۇقىنى پەرەز قى-
لىشقا بولىدۇ، دەرۋەقە، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋا-
نى» نى ئالېكساندىر ماكېدونىيەسكى شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقىت —
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلىدىن ئالاھەزەل 1300 يىل
كېيىن، يەنى 1072 ـ 1074 - يىللىرى ئىراقتا يازغان ھەمدە
«ئۇيغۇر» لارنىڭ «خۇزخۇرەند» ئاتالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات-
نى مۇھەممەد چاقىر تۇنگە خاقاننىڭ ئوغلى ئىسراپىل توغان
تېگىندىن ئاڭلىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. شۇڭا بۇ رىۋايەت خاراك-
تېرلىك مەلۇماتنى باشقا تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرى-
ياللار ئاساسىدا ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.
③«ئۈچ دۆلەت ھەققىدە تەپسىرات» تا، دىڭلىڭلار ھونلار-

نىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، مىلادى I ئەسىردە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ كەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

④«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دە: «ئاقتاغ (تەڭرىتاغ، تيانشان) ئەتراپىدا ماكانلاشقان تېلېلارنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى. . . » «ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) ئەتراپىدا ماكانلاشقان تېلېلارنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار» دېيىلگەن. ئەگەر قېرىلار، ئاياللارنىڭ ئەسكەر بولالمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ ھەر تۆت كىشىدىن بىرسى ئەسكەر بولغان، دەپ قىياس قىلساق، يۇقىرىقى ئىككى جايدىكى تېلېلارنىڭ سانىلا تەخمىنەن 120 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان تېلېلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ۋەھالەنكى «سۇڭنامە» غا ئاساسلانغاندا، 840 - يىلى ئۇيغۇرلاردىن تەخمىنەن 100 مىڭ كىشى غەربكە كۆچكەن.

⑤«ۋېينامە. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە» دە: «دىڭلىڭ ئېلى كانگىيە (سەمەرقەند) نىڭ شىمالىدا، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار. خەلقى چارۋىچىلىق قىلىدۇ، ئۇ يەردىن چىقىدىغان تىيىن، ئاق بۇلغۇن، سۆسەر تېرىلىرى داڭلىق، ئارال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىمۇ دىڭلىڭلارنىڭ بارلىقى ئېنىق، ئەمما ئۇلار ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىدىكى دىڭلىڭلاردىن ئەمەس» دېيىلگەن. بۇ ماتېرىيال، مىلادى IV ئەسىردە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا سانى خېلى كۆپ دىڭلىڭلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

⑥«جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى. جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» دە: «يىجۇ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى لىيۇ جۇن ئۆزىنىڭ قۇدرەت - سەلتەنىتىنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن دىڭلىڭلارغا جاڭ جىڭشۇەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەلچى پىششامشان (چاقىلىق)، ئۇدۇن (خوتەن) غا بارماقچى بولغان. ئەمما پىشام-

شائىنى دىڭلىڭلار ئىشغال قىلىۋالغاچقا، خەلقى ئەتراپقا تارقىلىپ
كەتكەن. ئۇدۇنلۇقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. دىڭلىڭلار
ئۆزلىرىنى تەگرىقۇت (تەگرىنىڭ ئوغۇللىرى) دەپ ئاتىغان.
ئۇلار ئەلچى جاڭ جىڭشۇەننى قوبۇل قىلىپ قايتىپ كېتىشنى
تەۋسىيە قىلغان» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «جەنۇبىي سۇلا-
لىلەر تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «چەرچەن ئېلى
شىمالىي دىڭلىڭلارغا تەۋە» دېيىلگەن. بۇ تارىخىي بايانلار دىڭلىڭ-
لارنىڭ V ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ
كەڭ زېمىندا هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرى-
دۇ.

⑦ «سۇئىنامە. قوجۇ تەزكىرىسى» دە: «قوجۇ... تاڭ
سۇلالىسى جېنگۇەن يىللىرى (627 ـ 650) دا خۇجۇنجىي
قوجۇنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، قوجۇ ياكى شىجۇ (غەربىي
ئوبلاست دەپ ئاتالدى. ئۆتلۈك ـ سۆيگۈن (ئەنلۇشەن ـ شى
سىمىڭ) توپىلىڭىدا قولدىن كېتىپ، كېيىن قوجۇ ئېلى يەنە
ئەسلىگە كەلگەن، قوجۇ ـ ئېگىز جاي دېگەن مەنىدىكى سۆز،
ئۇ يەردە ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، ئۇ يەردىكىلەر قوجۇ ئۇيغۇرلى-
رى دەپمۇ ئاتالغان» دېگەن. بىزگە مەلۇمكى، ئۆتلۈك ـ سۆيى-
گىن توپىلىڭى مىلادى 753 ـ يىلدىن 763 ـ يىلغىچە بولغان.
مانا بۇ خاتىرە 840 ـ يىلدىن تەخمىنەن 80 يىل بۇرۇنلا قوجۇدا
ئۇيغۇرلار هاكىمىيىتى مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

⑧ «يۈەنخې يىللىرى (806 ـ 821) دىكى ۋىلايەت ـ ناهى-
يىلەرنىڭ تەپسىراتى» دا، پۇرى (هازىرقى مورى، چىتەي،
بارىكۆلدىن ئىبارەت ئۈچ ناهىيىنىڭ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ)
نىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چەج (赤遮)، تۇزبۇلاق (盐泉镇)
كەنتلىرى ۋە تەرۇب (特罗堡) قەلئەسى قاتارلىق جايلارنىڭ
ئەينى چاغدىكى «ئۇيغۇرلار يېرىگە بارىدىغان» مۇهىم ئۆتكەل
ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار هەققىدە

قىسسە» دە: «قارلۇقلار غەلىبىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلاردىن قـاغـانـدـاي ( 佛图川 ) نى تارتىۋالدى» دېيىلگەن. بۇ ۋەقە تاڭ دېزۇڭنىڭ 6 - يىلى (790 - يىلى) يۈز بەرگەن. بۇ پاكىتلار يۇقىرىقى جايلاردا خېلى بۇرۇندىنلا ئۇيغۇرلار ئولتۇراق-لاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

⑨ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 5 - بېتىدە، ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدىنىڭ: تېلېلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىر قەبىلە ....... تاگاز گاز (بىر مۇنچە تارىخچىلار، مەسىلەن دېنائۇد قاتارلىقلار تاگاز گازلارنى ئەمەلىيەتتە توققۇز ئوغوز دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ھې-سابلايدۇ) لار تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر، سانى ئەڭ كۆپ خەلقلەردىن بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ما-ھىر، ئۇلارنىڭ زېمىنى شەرقتە چىن (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) دىن غەربتە خۇراسانغىچە ئىدى. ئۇلارنىڭ پايتەختى گوشان (كوشان) بولۇپ، ئۇلاردا ئېلىخان دېگەن نام قوللىنىلغان» دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بىر مۇنچە ئالىملار، مەسىلەن (دېمنارد قاتارلىقلار گوشان شەھىرىنى قوجۇ دەپ ھېسابلىسا، يەنە بەزىلە-رى، مەسىلەن رېنائۇد قاتارلىقلار كوچا شەھىرى دەپ قاراي-دۇ). خۇراسان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدى-كى رايوننى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئەرەب تارىخچىلىرى خاتىرى-لىگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇ-را ئاسىيا رايونلىرىدا خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان دېگەن تارىخىي بايان بىلەن خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارنىڭ بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالاي-مىز.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە توققۇز تۇرلۇك پاكىتلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار - دىل (دى، دىڭلىڭ) لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يىراق ئەجداد-

لىرى مىلادى 840 ـ يىلىدىن بۇرۇنمۇ شىنجاڭدا ياشىغانلىقىنى، هازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەچكە مۇرەككەپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى كەچۈرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈ- رەلەيمىز.

# غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دەسلەپتە، ئاساسلىقى موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى سېلېنگا دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان. ئۇلار ئەسلى تېلېلار تەركىبىدىكى قوۋم بولۇپ، دەسلەپتە تۈرك (كۆك تۈرك) خانلىقىغا بېقىنغان. قەبىلە باشلىقى بۇدسات (كۇل ئېركىن) دەۋرىگە كەلگەندە تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن يىللىرى (مىلادى 627 — 449 - يىللار) نىڭ دەسلەپكى يىللىرى بۇدسات سىر - تاردۇشلار بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. تۈرك قاغانى ئىلىك ئوغلى يۇقۇق شادنى ئۇلارغا قارشى ئاتلاندۇرغان. بۇدسات بەش مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىپ، يايلى تېغىدا (گەنسۇ تەۋەسىدە) ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بەرگەن ھەمدە ئۇلارنى تەڭرىتاغنىڭ (تيازشاننىڭ) شىمالىغا قەدەر قوغلاپ بارغان، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلا ر تازا روناق تېپىشقا باشلىغان. قەبىلە باشلىقى گوربالا دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار شەرق تەرەپتە تاتابىلارغا، قىتان (كىدان) لارغا يۈرۈش قىلىپ، غەربتە باسمىل، قارلۇق، كەنكۇن (قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى) لارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئېتىكىنى پايتەخت قىلىپ، خېلى قۇدرەتلىك ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەن. مىلادى 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت (ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللىك) ۋە سۈنئىي ئاپەت (ئىچكى قىرغىنچىلىق ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى) تۈپەيلىدىن ئاخىر يىمىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خانلىقتىكى ئۇيغۇرلار جەنۇبقا ۋە غەربكە قاراپ كۆچكەن. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار

كېيىنچە خەنزۇلارغا ياكى قىرغىزلار، شىرۋىلار ۋە تاتابىلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن. غەربكە كۆچكەن پانتېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ، تيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقى (قاراشەھەر، كۇچانى پائالىيەت مەركىزى قىلغان) نى قۇرغان. ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى كېيىنچە گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىغىچە كېڭەيگەن. كېيىن گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىدا، سودا تىجارىتىدە كۆرۈنەرلىك راۋاجلىنىش بولۇپلا قالماي، مەدەنىيەت ئىشلىرىدىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.

غەربىي شىمال قەدىمدىن بۇيان ياۋروپا - ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان رايون بولۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار غەربىي شىمالغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بۇ مول مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ يېڭى ئۇنىۋېرسال مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۇردى. بۇ يېڭى مەدەنىيەت تىل - يېزىق، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالېندارچىلىق)، دىن، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) تىل - يېزىق جەھەتتە: ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، بىر مەھەل يەنىلا قەدىمكى تۈرك يېزىقى (يەنى ئورخۇن يېزىقى) نى قوللانغان، كېيىن سوغدى يېزىقى ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، بۇ يېزىقنى قوللىنىش دائىرىسى كۆكئارت (پامىر) نىڭ غەربىدىكى رايونلارغىچە كېڭەيگەن، قىتانلارنىڭ يېزىقىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرىدە ئىجاد قىلىنغان. موڭغۇللار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان ۋە شۇ ئاساستا يېزىق ئىجاد قىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 20 نەچچە ھەرپى بولغان.

XI ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا ئەرەب يېزىقىنى ۋە ئەرەب يېزىقى (ئەمەلىيەتتە چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى) ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن چاغاتاي يېزىقىنى قوللانغان. قاراخانىيلار دەۋرى (X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XII ئەسىرگىچە) دە، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پېرسىيە بىلەن بولغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشقان، مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مۇھىتتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شاھانە ئەسەر - «قۇتادغۇبىلىك» نى، مەھمۇد قەشقەرى بۈيۈك قامۇس - «تۈركىي تىللاردىۋانى» نى يازغان. XIII ئەسىردە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مەتبەئەچىلىك خېلى تەرەققىي تاپقان. 1902 - 1907 - يىللىرى گرونۋېدىل بىلەن لېكوك تۇرپاندىن بىر ياغاچ ئويما تاپقان. «جۇڭگو مەتبەئەچىلىكىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» ناملىق كىتابنىڭ 104 - 106- بەتلىرىدە، تۇرپاندىن تېپىلغان ياغاچ ئويما ھەرپلەر ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، خەنزۇچە، تاڭغۇتچە، سانسكرىتچە، موڭغۇلچە، تۈبۈتچە ھەرپلەر بارلىقى قەيت قىلىنغان. شەرقشۇناس پېللىئوتمۇ دۇنخۇاڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئويۇلغان نەچچە يۈز دانە ياغاچ تاختىنى تاپقان ھەمدە ئۇنى بىللە تېپىلغان ئاسار ئەتىقىلەر بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، ئويما مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ يىل - دەۋرىنى 1300 - يىللارغا تەئەللۇق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردا تەقۋىمچىلىكمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. گېرمانىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىدىكى ئارخېئولوگلار قوچۇ خارابىسىدىن تەقۋىم (كالېندار) يېزىلغان تارشا پۈتۈكنى تاپقان، ئۇنىڭ خېتى سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كۈنلەرنىڭ نامى سوغدى تىلى بىلەن، خەنزۇچە، تۈركچە، ئۈچ خىل ئاتالغان. ئالىملار تەتقىقات ئارقىلىق بۇتەقۋىمنى قوچۇدىكى مانى مۇخلىسلىرى تۈزگەن ۋە قوللانغان دەپ

قاراشماقتا. بۇتەقۋىمنى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ تۇر-لۇك مەدەنىيەتنى مۇجەسسەملەشتۇرگەنلىكىنىڭ پاكىتى دەپ ھې-سابلاشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، تۇرلۇك دىنلار، يەنى ماني، بۇددا، نېستوريان دىنىغا ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىل-غان. بۇ دىنلارنىڭ تارقىلىشى ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل مەدەنىيەتكە زور تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مىڭ-ئۆيلەردە، ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئىبادەتخانا خارابىلىرىدە جۈملە-دىن ئىسلام دىنى ئۇسلۇبىدىكى مەسچىت - مەدرىسلەر، مەقبەرە-لەردە يۇقىرىقى دىنلارنىڭ تەسىرى مانا مەن دەپ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. تۇرلۇك تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ دىنلارنىڭ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى توغرىسىدا مەلۇمات قال-دۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا، يەنى ئەسىرلەردە ماني دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. X — XII ئەسىرلەردە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ ماني دىنغا ئېتىقاد قىلغان، XI «سۇڭنامە» 490 - جىلد «ئۇدۇن (خوتەن) تەزكىرىسى» دە، شىمالىي سۇڭ خانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، خوتەندە بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىن باشقا، ماني دىنىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى زىكىر قىلىنغان. قوجۇدىن ماني دىنىنىڭ نۇرغۇن ۋەسىقىلىرىنىڭ تېپىلىشى ئەينى چاغدا تۇرپاندا ماني دىنى خېلى ئەۋج ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نېستوريان دىنى خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، غەربتە چەتكە قېقىلغاندىن كېيىن نېستوريان مۇرىتلىرى XII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقاتقان. گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئارخېئولوگىيە-لىك تەكشۈرۈشتە قوجۇدا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نېستوريان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. موڭغۇللار ھۆ-

كومرانلىق قىلغان دەۋردە نېستورىيان دىنىنىڭ ئەقىدىسى يەرلىك
خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەن ۋە نېستورىيان
دىنىنىڭ ئەقىدىسىدە ئاز - تولا ئۆزگىرىش بولغان. بۇ دەۋردە
نېستورىيان دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ئېلىخانىلار دۆلىتىدىكى موڭغۇل
ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوزۇرىغا ۋە غەربتىكى خرىستىئان دىنىدىكى
ئەللەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىلىپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتى-
ساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە مۇھىم
تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان نېستورىيان دىنى
ئۆلىمالىرى ماركۇس، راببان سائۇما قاتارلىقلار زور ئاتاق قازى-
نىپ، بەزىلىرى ئېپىسكوپلۇققا كۆتۈرۈلگەن. مەيلى بۇددا، ما-
نى، نېستورىيان دىنى بولسۇن ياكى ئىسلام دىنى بولسۇن ئۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئەينى زاماندا شىنجاڭدا دىن سۈپىتىدە تارقىتىلىپلا
قالماي، بەلكى ھەرقايسى ئەل ھەرقايسى رايون خەلقلىرىنىڭ
پەن، مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىم-
كى مەدەنىيىتىنىڭ بېيىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى

مىلادى 741 ـ يىلى ئۇيغۇرلار باسمىللار ۋە قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئۆتۈكەن تېغى بويىدىكى قاراقۇرۇم شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ ئورخۇن (ئور- قۇن) ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىقنىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقتە مانجۇرىيىدىن غەربتە ئالتاي تېغى بويلىرىغىچە كېڭەيدى. بۇ خانلىق بۇ خانلىق 740 ـ يىلدىن 840 ـ يىلغىچە دەۋران سۈرۈپ، ئىچكى ـ تاشقى ئاپەت زەربىسىدىن يىمىرىلدى.

## قوشۇمچە: ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىرى

1. ئىدىگىن (تېكىن) ئەركىن (605 ـ ؟).
2. بۇسات (646 ـ ؟).
3. تۇمىد (646 ـ 648).
4. بايان (648 ـ 661).
5. بازغان (661 ـ 681).
6. دۇكتىنك (681 ـ 715).
7. ۋۇقتىبىر بەگ (ئۇتىبەگ) (715 ـ 719).
8. چېڭزۇڭ (719 ـ ؟).
9. ئۇتبان (727 ـ ؟).
10. قۇشۇ قاغان (727 ـ ؟).
11. گۇربالا (قۇتلۇق بىلگە قاغان) (742 ـ 747).
12. بايانچۇر (تەڭرى بولمىش ئېل تۇتمىش بىلگە قاغان) (759 ـ 747).

13. ئېل تېكىن (ئېل تۇتمىش ئالپ قۇلۇق بىلگە قاغان) (759 ـ 779).
14. تون باغا (ئالىپ قۇتلۇغ بىلگە قاغان) (779 ـ 789).
15. تاراس (تەڭرىدە بولمىش قۇتلۇغ بىلگە قاغان) (789 ـ 790).
16. ئايچۇر (قۇتلۇق بىلگە قاغان) (790 ـ 795).
17. قۇتلۇق (ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان) (795 ـ 805).
18. ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغان (795 ـ 805).
19. ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (805 ـ 808).
20. كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇچ كۈچلۈك بىلگە قاغان (821 ـ 824).
21. هازار تېكىن (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە قاغان، 824 ـ 832).
22. غۇز تېكىن (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان) (832 ـ 839).
23. كىچىك تېكىن (839 ـ 840).
24. ئۇنى تېكىن (ئۇكا) (841 ـ 845).
25. ئېنەن تېكىن (845 ـ 846).

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى — تۇنباغا

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 744 - يىلدىن 840 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن، بەزى تارىخچىلار بۇ خانلىقنى 647 - يىلدىن 846 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن دەپمۇ قاراۋاتىدۇ) ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەينى چاغدا بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ھىنگان تاغلىرىغىچە، غەربىي چېگرىسى بالقاش كۆلىنىڭ غەربىگىچە، شىمالىي چېگرىسى بايقال كۆلى بويلىرىغىچە، جەنۇبىي چېگرىسى موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىدا 14 قاغان ھۆكۈم سۈرگەن. تۇنباغا قاغان (مىلادى 779 - يىلدىن 789 - يىلغىچە) ئاشۇلارنىڭ بىرى، خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا تۇنباغا توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي مەلۇمات قالدۇرۇلغان.

تۇنباغا ئەسلىدە بۆكە قاغان (ئىسمى ئىدىكىن، مىلادىيىنىڭ 759 - يىلىدىن 779 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ تارخان ئۇنۋانلىق ۋەزىرى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئەنلۇشەن - شى سىمىڭ (ئۆگلۈك - سۆيگۈن) توپىلىڭى تۈپەيلىدىن گۇمران بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، 756 - يىلى بۆكە قاغاننىڭ ئاتىسى بايانچۇر (مىلادىيىنىڭ 747 - يىلىدىن 759 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سەرخىل قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى تىنچىتىشىغا ياردەم بەرگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك، سوزۇڭ خاننىڭ گو مەلىكىسى بايانچۇرغا ياتلىق قىلىنغان، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇ ۋاقىتتا ئىزچىل قويۇق بولغان.

بىراق باياnچۇر ئۆلۈپ، كىچىك ئوغلى ئىدىكىن تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يىرىكلىشىشكە يۈزلەنگەن. بۆكە قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (شىئەن) دە قېپقالغان ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشىغا سۈكۈت قىلغان ھەمدە قوشۇن توپلاپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا بېسىپ كىرگەن.

مىلادىيىنىڭ 761 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سۇزۇڭ خانى ئۆلگەندىن كېيىن، دەيزۇڭ تەخت ۋارىسى بولغان. بۆكە قاغان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاشقا تەييارلىق كۆرگەن. ۋەزىر تۇنباغا بۆكە قاغانغا ھەربىي ھەرىكەتنى توختىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق بۆكە قاغان ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىغان. شۇنىڭ بىلەن تۇنباغا ئۆز قوۋمىغا تايىنىپ بۆكە قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، قاغانلىق تەختىگە ئولتۇرغان ۋە ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتىغان. تاڭ دەيزۇڭ دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ، تۇنباغاغا «سەلتەنەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە سازاۋەر قاغان» دېگەن ئۇنۋاننى تەقدىم قىلغان. شۇندىن ئېتىبارەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا سودا ۋە باردى - كەلدى ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچەيگەن. تۇنباغا قاغان چاڭئەندە تۇرۇۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، مۇناسىۋەتكە تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەپ، تاغىسى تۇدۇنغا ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

تۇدۇن بۇيرۇققا بىنائەن 1000 دىن ئارتۇق ئادەم باشلاپ چاڭئەنگە يۈرۈش قىلغان. ئۇلار نەچچە يۈز تۆگە ۋە نەچچە مىڭ ئات بىلەن چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، جىنۋۇ ئۆتىڭىگە كەلگەن. تۇدۇن بۇ ئۆتەڭدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە سەركەردىسى جاڭ گۇاڭشىنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈۋېلىشىدىن نارازى بولۇپ ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىش بېجىرگۈچى ئەمەلدارلىرىنى قامچى-

لىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، تۇدۇن قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلگەن. ۋەقەدىن كېيىن، ئۈيغۇر خاقانلىقىدىكى كۆپ قىسىم ئەمەلدارلار قوشۇن ئەۋەتىپ ئىنتىقام ئېلىشنى تەلەپ قىلىشقان. ئەمما تۇنباغا قاغان بۇ مەسىلىگە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتقان ھەمدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى قائىدە - يوسۇن بويىچە يولغا سالغان.

تۇنباغا قاغان چوڭ سۈركىلىش پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان بۇ ۋەقەنى ئاقىلانە ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى شەنئەن مەلىكىنى تۇنباغا قاغانغا چوڭ داغدۇغا بىلەن ياتلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ قويۇقلاشقان.

# ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقى

VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتۈكەن تېغى بويىدىكى ئۇيغۇر شەھىرى (قاراقۇرۇم) نى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (740 ـ 840) ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى مىلادى 840 ـ يىلى ئۆز ئىچىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى، ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن يىمىرىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى غەرب تامانغا ـ بۇرۇنقى ئەنشى تۇتۇق مەھكىمىسى دائىرىسىگە كۆچۈپ كېلىپ، يېڭى بىر ھاكىمىيەت ـ ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق كېيىنچە قۇدرەت تېپىپ، تەسىر دائىرىسى ئىلگىرى بەشبالىق تۇتۇق مەھكىمىسى باشقۇرغان شەرقتىكى رايونلارغا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى رايونلارغىچە كېڭەيدى.

فرانسىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس جامېس رۇسېل خامىلتون ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقىنى پانتېكىن (845 ـ 857) مىلادىيىنىڭ 848 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى مەلۇم بىر يىلدا تەڭرىتاغ رايونىدا ئۆزىگە قاغان دەپ نام بېرىپ قۇرغان، ئۇ ئەسلى غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلىنىڭ سەردارى ئىدى، 856 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا «ئۇلۇغ تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ (باتۇر) كۈل بىلگە قاغان دەپ نام بەرگەن» دەپ ھېسابلايدۇ.

پانتېكىن ئۆلگەندىن كېيىن تەختنى بارغۇتېگىن تارتىۋالغان، بۇنىڭ بىلەن ئەنشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شاجۇ (بۇگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭ) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەن، بارغۇتنىڭ تەختنى تارتىۋېلىشى خانلىق دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا،

ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقى قوجو ئۇيغۇرلىرى (شىجو ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئەنشى ئۇيغۇرلىرى، ئۇدۇن (خوتەن)، شىنفوجو ئۇيغۇرلىرى، ئۇدۇننىڭ شەرقىدىكى سىب-رىق ئۇيغۇرلار بىر - بىرىگە دىگەندەك بېقىنمايدىغان بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بارغۇتنىڭ نام - ئەمەلىمۇ تارىخ كىتابلىرىدىن ئۆچتى. ئۇزاق قالماي گەنجو ئۇيغۇرلىرى ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ گەنجو (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې ئەتراپلىرى) دا گەنجو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى.

# تۈرگەش خانلىقى

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەسلىدە غەربىي تۈركلەرگە مەنسۇپ بولغان تۈرگەشلەر ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇئدېن (مىڭچىن) تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى ئىدارە قىلغان بارلىق زېمىنلارنى ئىگىلەپ تۈرگەش خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ـ خەلقلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئىلگىرى غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن تۈرگەش، چابىش (كاپپىت)، كۇمۇگىندىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە تۈرگەشلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان. بۇ ئۈچ قەبىلە ئەسلىدە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا ياشىغان بولۇپ، تۈركلىشىشتىن ئاۋۋال تىلى دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى، تىلىلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تۈرگەش قەبىلىسى بىلەن كۇمۇگىن قەبىلىسى موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى تولا دەرياسى بويىدىن، چابىش قەبىلىسى ئۆتۈكەن تېغى ئېتەكلىرىدىن غەربكە يۆتكەلگەن. مىلادى VI ئەسىردە تۈركلەر قۇدرەت تاپتى، ئۇلار موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى، غەربىي يۇرت (بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمى) نى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىلى قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى، بىرمۇنچە قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى قەبىلە نامىدىن ۋاز كېچىپ، غەيرى تۈرك قەبىلىلىرى دەپ ئاتالدى. تۈرك خانلىقى شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك دەپ ئىككى قىسمغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كې-

يىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ قەبىلە غەربىي تۈركلەرگە تەۋە زېمىندا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئۈچ قەبىلىدىن چاپىش قەبىلىسىنىڭ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى ئىلگىرىرەك بولۇپ، ئۇلار ئالدى بىلەن قاغانساي (چىمىسار دەرياسى) بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار بۇ يەردە بىر مەھەل قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، غەربىي تۈرك ئاشىنا جەمەتىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن. ئەپسۇسكى، بۇ قېتىمقى ئىسيان مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىلى دەرياسى بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن، يەنە بىر قىسمى ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) بويلىرىغا كۆچۈپ شەرقىي تۈركلەرگە بېقىنغان، يەنە بىر قىسمى دەسلەپتە ئىسسىقكۆل بويلىرىغا كۆچكەن، ئارقىدىن يەنە گەنجۇغا كېلىپ تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان، كۆپ قىسمى يەنىلا چىمىسار بويلىرىدا قېپقالغان. تۈرگەش ۋە كۇمۇگىن قەبىلىلىرى خېلى ئۇزاققىچە تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ــ ئاشىنا جەمەتىگە ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ قەبىلە سەردارلىرى چۇر دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. تارىخشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئىككى قەبىلە مىلادى 562 ـ يىلى مۇقان (بىلگە قاغان) ئېفتالىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، غەربكە كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

تۈرگەشلەر خانلىقىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى ئۇگىل (مىلادى 690 ـ يىلىدىن 706 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) چاپىش قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇ غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەن يۇقىرىقى ئۈچ قەبىلىگە ۋە باشقا خەلقلەرگە باشچىلىق قىلىپ، تۇبۇتلەرگە ھەم شەرقىي تۈركلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تۈرگەش خانلىقىغا ئاساس سالغان. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، مىلادى 691 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەردىن سۇيئاپ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى توقماقنىڭ يېنىدا)

نى تارتىۋالغان، تۈبۈتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئاشىناشىر-نىڭ پاراكەندىچىلىكىگە زەربە بەرگەن ۋە شەرقىي تۈركلەرنىڭ قاغانى بايانچۇرنىڭ سۈيىئاپقا قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇنى تۈرگەش خانلىقىنىڭ قەسىرگاھى قىلغان. ئۇگىل مانا مۇشۇنداق ھەربىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ئىلگىرى مۇئەييەن تۇ-تۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە تەۋە زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. تاڭ سۇلالىسى شىنلۇڭنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 706 - يىلى) 12 - ئايدا ئۇگىلغا خان ئۇنۋانى بېرىش ھەققىدە يارلىق چىقارغان. لېكىن ئۇگىل ئۇنۋانغا ئېرىشكەن يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن. ئۇگىلنىڭ ئورنىغا چوڭ ئوغلى ساگال (مىلادى 706 - يىلىدىن 711 - يىلىغىچە ھۆكۈمران-لىق قىلغان) تەخت ۋارىسى بولغان.

ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، يېڭىلا قۇرۇلغان تۈرگەش خانلىقىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان كۆلچۇرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرد-كەتلىرىگە زەربە بەرگەن، 14 ئۇرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ خانلىقنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگەن ۋە كۈچەيتكەن. شۇڭلاشقا، تاڭ سۇلالىسى جىڭلۇڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 709 - يىلى) تۈرگەش خانلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ، ساگالغا «قۇتلۇق بىلگە قاغان» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ساگال مىلادى 709 - يىلىدىن 711 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆلگەن، ساگال ئۆلگەندىن كېيىن تۈرگەش خانلىقىدا بىر مەزگىل مالىمانچىلىق يۈز بەرگەن، خان جەمەتى ۋە قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۆرەش-لىرى كەسكىنلىشىپ، خانلىق گۇمران بولۇشقا يۈزلەندى. مىلا-دى 716 - يىلىغا كەلگەندە، چابىش قەبىلىسىدىن سۇلىق تۈرگەش خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ تەخت-كە چىققاندىن كېيىن، دەسلەپكى مەزگىلدە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتكەن ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئەرەب

ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇرغان. ئەرەبلەر
مىلادى 723 ـ 724 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم پەرغانىگە بېسىپ
كىرگەندە، سۇلىق ئەۋەتكەن قوشۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىن-
غان، 727 ـ يىلى ئۇ ئەرەبلەردىن خوراساننى قايتۇرۇۋالغان.
بۇ بىر قاتار غەلىبىلەر سۇلىقنى ئىسەنكىرىتىپ قويغان. شۇنىڭ
بىلەن سۇلىقتا ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، هاكاۋۇرلۇق خاھىشى پەيدا
بولۇشقا باشلىغان، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ
يىرىكلەشكەن. شۇڭلاشقا، كېيىنكى جەڭلەردە ئۇ غەربتە ياردەم-
سىز قالغاچقا، زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەن، هۆكۈمرانلار گۇرۇھى
ئىچىدىكى ئىچكى يېغىلىق كۈچەيگەن. نەتىجىدە كەييۈەننىڭ
26 ـ يىلى (مىلادى 738 ـ يىلى) تۇبىگ كېچىدە تۇيۇقسىز
هۇجۇم قوزغاپ سۇلىق بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارى
باغاتارخاننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن هۆكۈمرانلار تە-
بىقىسى ئىچىدىكى هوقۇق، مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى تېخىمۇ
كەسكىنلەشكەن. تۈرگەش خانلىقى پارچىلىنىش، بۆلۈنۈش ۋەزى-
يىتى ئىچىدە بىر مەھەل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. كېيىنچە
ئەسلىدە تۈرگەش خانلىقىغا بېقىنغان قارلۇقلار تەدرىجىي قۇدرەت
تېپىپ، هاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار
سۇلالىسى قۇرۇلغانغا قەدەر تۈرگەش خانلىقى دائىرىسىدىكى را-
يونلارنى قارلۇقلار ئىدارە قىلغان.

# تۈركلەر ۋە تۈرك تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار

تۈركلەر (كۆك تۈركلەر) مىلادى VI ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى، غەربىي يۇرت (شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى كۆرسىتىدۇ) دا دەۋران سۈرگەن قەدىمىي مىللەت بولۇپ، ئېلىمىز تارىخىغا، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخىغا، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ھازىر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىدا مۇئەييەن رول ئوينىغان.

تۈركلەر مىلادى VI ئەسىردە ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. دەسلەپكى مەزگىلدە جۇرجانلارغا بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ تۆمۈرچى قۇللىرى بولغان. غەربىي ۋېي خاندانلىقىنىڭ داتۇڭ 12 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 546 - يىلى) تۈركلەرنىڭ سەردارى تۇمەن (تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى تاشتا بۇمىن دېيىلگەن) جۇرجانلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولۇۋاتقان تېلېلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغان، ئۇلارنىڭ بەش تۇمەن تۈتۈنىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان «جۇنامە» 50 - جىلدقا قاراڭ). 552 - يىلى ئۇلارنى تۇمەن باشچىلىقىدىكى تۈركلەر خوېخۇاڭنىڭ (ھازىرقى خېبېينىڭ جاڭبى ناھىيىسى) دە جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، ئۆزىنى ئىلگە قاغان (ئىلىك - ئەلنىڭ خوجايىنى، ھۆكۈمرانى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. تارىخچىلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈرك خانلىقى شۇنىڭدىن باشلاپ، يەنى مىلادىيىنىڭ 552 - يىلى قۇرۇلغان دەپ قارايدۇ. بىر قىسىم تارىخچىلار

«تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، تۇمەن قاغاندىن ئىلگىرى يولغ قاغان ئۆتكەن دەپ ھېسابلايدۇ. تۈرك خانلىقى ئۆتۈكەن تېغى (بۈگۈنكى ھانگاي تېغىنىڭ شەرقىي قىسمى) دە پايتەخت قۇرغان. تۇمەن شۇ چاغدىكى ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئۆز ئارا ئەلچى ئەۋەتىشكەن. ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى ۋېندى ئۆز مەلىكىسى چاڭلى قۇنچۇي (مەلىكە) نى تۇمەنگە ياتلىق قىلغان. خان ۋېندى ئۆلگەندە، تۇمەن ئەلچى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈرگەن.

تۈركلەرنىڭ يېزىقى، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى، جازا، باج قانۇنى بولغان. تۈرك خانلىقىدا قاغاندىن قالسا، يابغۇ، شاد، تېكىن (تېگىن)، ئېلتەبىر، تۇتۇنبەگ قاتارلىق 28 دەرىجىدىكى ئەمەلدارلار بولۇپ، بۇ ئەمەللەر ئاتىدىن بالىغا مىراس قالاتتى. بەزى تارىخچىلار تۇمەن قاغاندىن ئىلگىرى ئاپامبەگ، ئىگىل ئىساچۇر، نۇر تۈرك شاد، ئاكىن شاد، كۆلۈگۈ يابغۇ قاتارلىق ھۆكۈمرانلار ئۆتكەن دەپ قارايدۇ. تۈرك قاغانلىرى ئاشىنا ئۇرۇقىدىن چىققان. تۈرك خانلىقى تازا قۇدرەت تاپقاندا، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە لياۋخەي دېڭىزى غەربتە كاسپىي دېڭىزى (بەزى ماتېرىياللاردا ئارال دېڭىزى دېيىلىدۇ)، شىمالدا بايقال كۆلى، جەنۇبتا ئامۇ (جەيھۇن) دەرياسىنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيگەن. تۈرك خانلىقى ئېلىمىز بىلەن غەربنىڭ قاتناش يولى ۋە «يىپەك يولى» نى كونترول قىلغان بولغاچقا، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىسى جەھەتتە خېلى مۇھىم رول ئوينىغان. تۈرك خانلىقى دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى تۈرك خانلىقىنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان. تۈركلەر قوللانغان ئەمەل مەنسەپ ناملىرى، مەسىلەن، تېكىن، بەگ قاتارلىقلار يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىلغان. تۇمەن قاغان ئىنىسى ئىستەمىنى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىپ،

ئېفتالىتلارنى يوقاتقان، پارسلارنى مەغلۇپ قىلغان، ئىستەمى
«غەرب تەرەپ قاغانى» دەپ ئاتىلىپ، خانلىقنىڭ غەربىدىكى زې-
مىننى ئىدارە قىلغان. مىلادى 582 ـ يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ
بۆيۈك (چوڭ) قاغانى ئىشپارا (ئىشبارا) بىلەن غەرب تەرەپ
قاغانى تاردۇ قاغان چىقىشالمىغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خانلىقى
شەرقىي قىسىم ۋە غەربىي قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا
بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك خانلىقى بارغانسېرى
زەئىپلەشكەن. تۈرك خانلىقى ئاخىرى ئىچكى جەھەتتە ھوقۇق -
مەنپەئەت تالىشىپ، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىش باشباشتاق
بولۇۋېلىش، قۇرغاقچىلىق، ھاشارەت ئاپىتى، كېسەللىك، تەۋە
قەبىلە ـ خەلقلەرنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن گۇمران بولغان.
ئۇلارنىڭ ئورنىنى قىسقا بىر مەزگىل سىر تاردۇش خانلىقى،
كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئىگىلىگەن. «جۇنامە. تۈركلەر
ھەققىدە قىسسە» دە: «تۈركلەر ھونلارنىڭ باشقا بىر خىل نەسلى-
دىن» دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر-
دە تۈركلەرنىڭ ئەجدادى بۆرە ئىكەنلىكى ئېيتىلىدۇ. «ئوغۇزخان
داستانى» دا تۈركلەرنىڭ ئەجدادى بۆرە (كۆك يايلىق بۆرە)
گە باغلايدۇ. بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ، بىز بۇنىڭدىن تۈركلەر-
نىڭ چارۋىچىلىق قىلغانلىقى ۋە بۆرىگە چوقۇنغانلىقىنى قىياس
قىلالايمىز. تۈركلەرنىڭ ئەسلى زاتى (ئېتنىك مەنبەسى) نى
ھونلار ياكى دىڭلىڭ، تېلېلارغا تەققاسلايدىغان قاراشلار ھېلىمۇ
مەۋجۇت، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا: تۈركلەرنىڭ ئەجدادى
ساكلارنىڭ ماسساگىت قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇلار ئەس-
لىدە قارا دېڭىزنىڭ شەرقىي شىمالى، ئارال كۆلىنىڭ غەربىدە
ماكانلاشقان بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە ئالېك-
ساندىر ماكىدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) شەرققە يۈرۈش
قىلغاندا شەرققە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان، تەخمىنەن مىلادىيە-
دىن ئىلگىرىكى II ئەسىردە، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىغا يې-

تىپ كەلگەن، پارسلار ساكاتىگراخائۇدالار (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار) دەپ ئاتىغانلار بىلەن بۆرىنى تۇتېم قىلغان تىلى قەبىلە-لىرى ئارىسىدىن ئاشىنا ئۇرۇقى كېلىپ چىققان، تۈركلەر - ئاشىنا ئۇرۇقىنى يادرو قىلىپ، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە - ئۇرۇقلارنى ئۆزىگە قوشۇلۇۋېلىش ئاساسىدا كۆپەيگەن ۋە قۇدرەت تاپقان، دەپ قارايدۇ.

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرك تارىخى تەتقىقاتچىلىرى تۆۋەندىكى تارىخىي مەنبەلەرگە: يەنى 1. خەنزۇچە تارىخىي ماتې-رىياللار («24 تارىخ» نىڭ بەزىلىرىدىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» ۋە تۈرك تارىخىغا دائىر ئائىت جىلدلار، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»، «كىتابلار جەۋھىرى»، خۇسۇسىيلار ياز-غان خاتىرىلەر ۋە باشقىلار)؛ 2. تۈرك - رونىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار («تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى»، «كۇلتېكىن مەڭگۇ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»، «كۇلچۇر مەڭگۇ تېشى»، «چۇرىن مەڭگۇ تېشى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ)؛ 3. ئۇيغۇرلارنىڭ يادىكارلىقلىرى («بايانچۇر مەڭگۇ تېشى»، «تالاس مەڭگۇ تېشى»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبى-لىك»، «ئوغۇزخان» ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ)؛ 4. باشقا ماتېرىياللار (يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ Ⅳ توملۇق ئەسىرى «تارىخ»، مېرزاندېرنىڭ «گرېك تارىخىنىڭ كەمتۈك ۋا-راقلىرى»، فىردەۋسى يازغان «شاھنامە»، نامەلۇم ئاپتور تەرە-پىدىن يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» («دۇنيادىكى چېگرا — پاسىللار تەپسىراتى»)، ئېلخانىيلار خانلىقىنىڭ ۋەزىرى راشىد-دىن يازغان «جەمئۇتتەۋارىخ» («تارىخلار جەمئىيسى»)، تامىم ئىبىن بەھرىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى»، بۇددا دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار، زاڭزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدىكى يادىكار-لىقلار... قاتارلىقلار ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ تۈرك تارىخى تەتقىقاتىدا خېلى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئېلىمىز (تەيۋەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دە، تۈرك تارىخىغا دائىر تەتقىقات چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە باشلانغان. مەسىلەن، تارىخشۇناس لى گۇاڭتىڭ ئۆز كىتابىدا تۈركلەرنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيىتى ئۈستىدە توختالغان: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم لو جېنيۇ ئورخۇن دەرياسى ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان تۈركچە مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى توپلىغان ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچىسىنى ئېلان قىلغانىدى. 30 - يىللاردا، خەن رۇلىن ئەپەندى غەربنىڭ تۈرك تارىخى جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلىمىزگە تونۇشتۇردى ۋە تۈرك تارىخى تەتقىقاتىدا نۇرغۇن ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ۋاڭ جىڭرۇ قاتارلىقلارمۇ تۈرك تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خېلى سالمىقى بار بىرمۇنچە ماقالىلەرنى يازدى. لېكىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، تۈرك تارىخى توغرىسىدا بىرەرمۇ مەخسۇس ئەسەر يېزىلمىغان.

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ تۈرك تارىخى تەتقىقاتىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئېلىمىز تارىخشۇناسلىرىدىن فېڭ جىياشېڭ، جاڭ شېڭلىياڭلار تۈركچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى ئىزاھلاش جەھەتتە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئالىم ما چاڭشۇ «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» دېگەن كىتابىنى، سېن جۇڭمىيەن «تۈرك تارىخىدىن توپلام»، «غەربىي تۈرك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ۋە ئىزاھ» دېگەن ئىككى كىتابىنى يېزىپ، خەلقئارادا زور تەسىر قوزغىدى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جىلەي ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» دېگەن كىتابىدا تۈرك تارىخى ئۈچۈن ئىككى باب سەھىپە ئاجراتتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ 1 - قىسمىدىمۇ تۈرك تارىخىغا دائىر ئەھۋاللار

خېلى تەپسىلىي بايان قىلىندى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شۆ زۇڭجېڭ بىلەن پروفېسسور لىن گەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا «تۈرك تارىخى» دېگەن نامدا ئىككى كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇردى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردىمۇ تۈرك تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر، تەرجىمىلەر ئېلان قىلىندى. چەت ئەللەردىمۇ تۈرك تارىخىنى تەتقىق قىلىش خېلى ئىلگىرىلا باشلانغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇ جەھەتتە خېلى نۇرغۇن ئىلمىي خىزمەتلەر ئىشلەنگەن. ئۇلارنىڭ تارىخشۇناسلىرىدىن ۋە بارتولد، بېرنىشتام، مالوف قاتارلىقلار تۈرك تارىخى توغرىسىدا بىر مۇنچە ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى يازدى. فرانسىيىلىك مەشھۇر خەنزۇشۇناس چاۋاننېس، خۇندامېر، پېللېئوت قاتارلىقلارمۇ تۈرك تارىخى، تۈرك تىلى توغرىسىدا ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

ئۇلاردىن باشقا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە، دانىيە، ۋېنگرىيە، پولشا، سابىق چېخسلوۋاكىيە، رۇمىنىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىمۇ تۈرك تارىخى، تۈرك مەدەنىيىتى، تۈرك تىلىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ياكى تەتقىقاتچىلار بار. بىز ئۆزىمىزنىڭ ماتېرىيال مەنبەسى جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ ۋە ئۇلاردىن تەنقىدىي يوسۇندا پايدىلانساقلا، تۈرك تارىخى تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق زور مەسىلىلەردە يېڭى، كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» (خەنزۇچە، 1985 - يىل 2 - سان، تۈركلەر قىسمى).

② شۆ زۇڭجىلڭ: «مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ تۈرك تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (خەنزۇچە، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئۇچۇرى»).

③ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى».

④ شى يىدىڭ: «ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئېلىمىزنىڭ شىمال مىللەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (خەنزۇچە، «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى خەۋىرى»، 1986 - يىل 1 - سان).

⑤ شۆ زۇڭجىلڭ: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا».

⑥ لىن گەن: «تۈرك تارىخى».

⑦ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى».

# هونلارنىڭ ئاتاقلىق تەڭرىقۇتى — مودۇ

مودۇ (冒顿) تەڭرىقۇت هونلارنىڭ ئاتاغلىق سەردارى.
مودۇ (冒顿) دېگەن خەتنىڭ ئوقۇلۇشى توغرىسىدا نۇرغۇن ئالىملار تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئالايلۇق، فاڭ جۇاڭچۇەن «هون تىلى هەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە، بۇ ئىككى خەتنىڭ تەلەپپۇزى چاۋشيەن تىلىدىكى «مادۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىغا ئەڭ يېقىن كېلىدۇ، ياپون تىلىدىمۇ «موتې» (ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شەيئىي، ئىشنىڭ بېشى دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆز بار. موڭغۇلچە، تۈركچە، تۇڭغۇسچە سۆزلەردە سېلىشتۇرغىدەك سۆز يوق دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ياپونىيىلىك تارىخچى بەينياۋكۇجى (خاكۇشىما كوراكىچى) بۇ ئىككى خەنزۇچە خەتنىڭ قەدىمكى زاماندا «مودۇ» دەپ ئوقۇلغانلىقىنى، «مودۇ» ئەمەلىيەتتە موڭغۇل، تۈرك تىللىرىدىكى «باھادۇر» (باتۇر) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. هازىر بەينياۋكۇجىنىڭ قارىشى تارىخ ساھەسىدە تەدرىجىي ئۈستۈنلۈك قازاندى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شۆز ۋېجېڭمۇ بەينياۋكۇجىنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مودۇ تارىخ سەھنىسىگە چىققان يىللار (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 209 — 174 - يىللار) دا هونلار تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم قويغان، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يىمىرىلگەن، سىنىپىي مۇناسىۋەت تەدرىجىي شەكىللەنگەن يەنى قۇللۇق تۈزۈم ئورنىتىلىشقا باشلىغان دەۋر ئىدى.

هون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ سەردارى، هون دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى تۈمەن دەۋرىدە هونلار خېلى كۈچەيگەن بولسىمۇ،

لېكىن ئەتراپتىكى توخرى، تۈڭغۇس قەبىلىلىرىدىن ئاجىز بول-
غانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغانىدى. شۇڭا
تۈمەن ئوغلى مودۇ (باتۇر) نى توخرىلارغا تورغاق (بارىمتاي)
قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى مودۇ
ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى تەخت ۋارىسلىقىدىن قالدۇرغانلىقىغا نارازى
بولۇپ، ئاتلىق ئوقيا ئېتىش نامى بىلەن ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇت-
نى، ئۆگەي ئانىسىنى، ئانا باشقا ئىنىسىنى ۋە بىر قانچە ئەمەل-
دارنى ئۆلتۈرۈپ، خانلىق تەختكە چىققان. مودۇ تەختكە چىققان-
دىن كېيىن، قوشۇنلىرىنى تېزلىكتە تەرتىپكە سېلىپ، ھەربىي
يۈرۈش باشلىغان. ئالدى بىلەن شەرقتىكى توڭغۇسلارغا ھۇجۇم
قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرگەن، خەلقىنى ئەسىر قىلىپ،
ھون قۇلدارلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. بۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە يېرى
كەڭ، خەلقى ئاز موڭغۇل دالىسىدا قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنى-
تىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مودۇ غەرب-
تىكى توخرىلارغا، جەنۇبتىكى لوفەنلەرگە، بەيياڭ (ئاق قويلۇق-
لار) لارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلغان.
ئۇ يەنە خېبېينىڭ شىمالى ۋە سەنشىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى
جايلارغا بېسىپ كىرگەن ھەمدە شىمالدىكى غۇن، كەنكۇن، سىر-
ۋى، دىڭلىڭ، چۈيشى قاتارلىق قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنى
بويسۇندۇرۇپ، موڭغۇل دالاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھون
دۆلىتىنى قۇدرەت تاپقۇزغان. مودۇ تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن ئىل-
گىرىكى 175 - يىلى توخرىلارغا 2 - قېتىم قاتتىق زەربە بېرىپ،
ئۇلارنى غەربكە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. ھونلار توخرى-
لاررغا زەربە بېرىش بىلەن بىللە، يەنە مىران* (كىرورانى)،
ئۇيسۇن، قۇجۇ قاتارلىق 26 بەگلىك (بەزى ماتېرىياللاردا 36
بەگلىك دېيىلىدۇ) نى بەيئەت قىلدۇرغان.

مودۇ تەڭرىقۇتتىن كېيىن، قايۇق رۇشات تەڭرىقۇت (مىلا-
دىيىدىن ئىلگىرىكى 161 — 126- يىللار) دەۋرلىرىدە ھونلار

داۋاملىق كۆچەيگەن. مىلادى I ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى ھون تېررىتورىيىسىدە چېكەتكە ئاپتى يۈز بېرىپ، يايلاقلاردىكى ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ كەتكەچكە، يايلاقلاردىكى چارۋىلارنىڭ تولىسى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھون ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاكىمىيەت، پايدا - مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ، بەش تەڭرىقۇت تەڭ دەۋران سۈرىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن.

مودۇ تەڭرىقۇت ئەينى چاغدا تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلىشىپ، تارقاق قەبىلە، قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ، ھون قەبىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ھون دۆلىتى دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشقان. بۇنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان ھونلارغا تەئەللۇق تېپىلمىلار كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىمدى. مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇلدىكى يىخجۇ ئايمىقىنىڭ خاڭگىن خوشۇنىدىكى ئاروسەيدىن قۇملۇقىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە 233 ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇمى تېپىلغان، ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى V ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ بۇيۇملار ھون ئاقسۆڭەكلىرى ياكى ھون تەڭرىقۇتىنىڭ بۇيۇملىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە بۈركۈت شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر، يولۋاس بىلەن كالىنىڭ ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن زىننەت بۇيۇمى ھەم ئىت، كالا، قوي، كىرپە، يولۋاس قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى بار. ئالتۇن تاج ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىن بايقالغان بىردىنبىر ھون خانىنىڭ ئالتۇن تاجىدۇر. بۇ ئالتۇن تاجنىڭ تاج چوققىسى يېرىم شار شەكىللىك بولۇپ ئۈستىدە قانىتىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان بۈركۈتنىڭ

شەكلى بار، بۇ ھون خانىنىڭ ئېگىزدىن يايلاقتا نەزەر سېلىۋاتقان شاھانە سىماسىغا سىمۋول قىلىنغان. ئالتۇندىن ياسالغان بۇر-كۈتكە يېشىل تاشتىن باش ۋە بويۇن چىقىرىلغان، ئۇنىڭ قۇيرۇ-قىمۇ ھەرىكەتلىنىدۇ. ئالتۇن تاجنىڭ پېشانە چەمبىرىكى ئۈچ تال ئالتۇن كەمەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كەمەرلەرگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياتقان يولۋاس، ياتقان قوي ۋە ياتقان ئاتنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، شۇ ئارقىلىق يايلاقلاردا ياشىغان ھونلار دائىم چېلىقىدىغان ھايۋانلارنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ، يايلاق ئىمپې-رىيىسىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.

قىياس قىلىنىشىچە، ئالتۇن تاجغا ماسلاشتۇرۇپ ئالتۇندىن ياسالغان يولۋاس بىلەن كالىنىڭ ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈ-رۈلگەن تۆت زىننەت بۇيۇمىنى ھون خانلىرى مەيدىسىگە تاقىغان. بۇ ئالتۇن زىننەت بۇيۇمىغا يولۋاس بىلەن كالىنىڭ بىر - بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئويۇپ چىقىرىلغان. ئۇنىڭ ئوتتۇ-رىسىغا تۆت قەھرىلىك يولۋاسنىڭ بىر يوغان بۇقىنىڭ بويۇن ۋە بېلىنى چىشلەۋاتقان، بۇقىنىڭ ئۇلار بىلەن جان - جەھلى بىلەن ئېلىشىۋاتقان، ئۇنىڭ ئىككى ئۈچلۇق مۈڭگۈزى ئىككى يولۋاس-نىڭ قۇلىقىغا كىرىپ كەتكەن كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلۈپ، بۇقىنىڭ تېز پۈكمەس روھى ئىپادىلەنگەن. يايلاقلاردىكى ئاجىزلارنى كۈچ-لۈكلەر يەپ كېتىدىغان بۇنداق تەبىئىي ئەھۋال تەسۋىرلەنگەن مېتال بۇيۇمى «يىرتقۇچ ھايۋان ئۇسلۇبى» دەپ ئاتالغان، ئۇنىڭ خەلقئارادا تەسىرى زور بولغاچقا، بىر مۇنچە داڭلىق مۇزېيلار بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلاۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى نەپىسلىك جەھەتتە ئىچكى موڭغۇلدىن تېپىلغان بۇ تۆت ئالتۇن زىننەت بۇيۇمىغا يەتمەيدۇ.

(يۇقىرىقى مەلۇماتلار ۋاڭ دافاڭنىڭ نەقىلىدىن ئېلىندى)

# شىمالىي هونلار ۋە ئاتتىلا

هونلار ـ مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي قىسمىدا ياشىغان قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىرى. «كېيىنكى خەننامە» 89 ـ جىلد «جەنۇبىي هونلار ھەققىدە قىسسە» نىڭ ئىزاھاتىدا: «باتۇر تەڭرىقۇت مودۇ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ 174-يىللار) هون تەڭرىقۇتى تۇمەن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ؟ ـ 209 ـ يىللار) نىڭ ئوغلى بولۇپ، شياخۇلار (شيا سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان غوزلار) نىڭ ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ ئەجداد نەسەبى چۇنۋىيدىن باشلىنىدۇ، چۇنيۋىدىن تۇمەنگىچە 1000 يىلدىن ئار-تۇق ۋاقىت ئۆتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن هونلارنىڭ تەخمىنەن 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

هونلار قۇياش بىلەن ئايغا چوقۇنغان، «تارىخىي خاتىرىلەر. هونلار ھەققىدە قىسسە» دە هون تەڭرىقۇتىنىڭ «ھەر تاڭدا قارار-گاھتىن چىقىپ كۈنگە، ئاخشىمى ئايغا تەزىم قىلىدىغان» ئادىتى بارلىقى قەيت قىلىنغان. ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي (يىنشەن) تېغىنىڭ تاغ ـ ئېدىرلىقلىرىدا هونلارنىڭ ئويۇپ سىزغان قۇياش ئىلاھى بىلەن ئاي ئىلاھىنىڭ رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. هونلار جەڭدە ئاي تولغاندا (تولۇنئاي بولغاندا) كەڭ كۆلەمدە هۇجۇمغا ئاتلانغان، ئاي كۆتمەك بولغاندا جەڭگە چىقمىغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. هونلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، هونلار يايلاقلاردا تۇرمۇش كەچۈرگەن، گۆش بى-لەن سۈتنى ئوزۇق قىلغان، كالا، ئات، قوي باققان، چارۋا ماللارنى ھەيدەپ سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ يۆتكىلىپ تۇرغان، چېدىرگاھنى ئۆي قىلغان، تېرىدىن تىكىلگەن، بەدىنىگە ھىم

كېلىدىغان كىيىم ـ كېچەك، ئۆزۈن قونچىلىق ئۆتۈك، يەنى «غۇزچە كىيىم ـ كېچەك» كەيگەن. ھونلار ئاتلىق ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ، ئوغۇللىرى تۆت ـ بەش ياشقا كىرگەندىلا قوي مىنىپ ئوقيا ئېتىپ قۇشقاچ ئوۋلىغان، ئون نەچچە ياشقا كىرـ گەندە چەۋەندازلار قوشۇنىغا قاتناشقان، ئاياللىرى قوشۇن بىلەن بىللە يۈرۈپ ئارقا سەپ، لاۋازىمات ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن، چارۋا ـ مال باققان، چېدىر گاھ تىككەن. ئۇلار ئادىمى ئاز بولسىمۇ جەڭگىۋار، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدامىلىق ئىدى.

ھونلار يولۋاس بىلەن بۆركۈتكە چوقۇنغاچقا، يولۋاس يۆلتۈـ زى تۇرۇشلۇق شىمالدىكى يۆلتۈزلار تۇركۇمىنى قەدىرلىگەن، قىممەت باھالىق ئالتۇن بۇيۇملارغا يولۋاس ۋە بۆركۈتنىڭ ئوبراـ زىنى ئويغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 220 ـ يىللىرى ھونلار خېلى تەـ رەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچەكۆچىيىپ كېتەلمىگەن. ئۇلارنى شەرقتە تۇڭخۇسلار، غەربتە توخرىلار بوزەك قىلىپ تۇرـ غان. ھون تەڭرىقۇتى (تەڭرىنىڭ ئوغلى دېگەن مەنىدە) ئۆز ئوغلىنى توخرىلار ھۆكۈمدارىغا بارىمتاي (تۇرغاق) لىققا ئەۋەـ تىشكە مەجبۇر بولغان. باتۇر مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى تەڭرىقۇت بولغاندىن كېيىن، ھونلار تېزلىكتە قۇدرەت تاپقان. ئۇلار شەرقتە تۇڭخۇسلارنى، غەربتە توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىـ كى زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇلارنى مۇداپىئە ھالىتىدە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. ھونلار يەنە كەنكۇن (قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى)، دىڭلىڭ، سىرى (شىگلى) قاتارلىق قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنى بويسۇندۇرغان. مىلاددىن ئىلگىرىكى 177 ـ، 176 ـ يىللىرى ھازىرقى شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى بەيئەت قىلدۇرغان.

ھونلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلدىن 126 ـ يىلغىچە يەنى باتۇر تەڭرىقۇت، قايۇق روشات تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 174 ـ 161 ـ يىللار)، سۆيۈنگۈن تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 161 ـ 126 ـ يىللار) دەۋرلىرىدە قۇدرەت تېپىپ، شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان زېمىننى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزگەن. سۆيۈنگۈن تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، ھونلار پەيدىن ـ پەي زەئىپلەشكەن. بۇ دەۋردە خەن سۇلالىسى ھونلارغا قاراشلىق قەبىلە، ئۇرۇقلار بىلەن بىرلىشىپ، ھونلارغا قارشى ھەربىي ھۇجۇمىنى كۈچەيتكەن، ئىچكى جەھەتتە ھون ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۆرىشى كەسكىنلەشكەن. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، ھونلار ئىككى قىسىمغا يەنى جەنۇبىي ھونغا ۋە شىمالىي ھونغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. جەنۇبىي ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قوغۇشار خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. شىمالىي ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قۇتئۇش (قۇتئۇس) غەربكە كۆچۈپ قىرغىزلار يېرىگە بارغان ۋە ئۇيسۇن، قۇجىيە، دىڭلىڭ (دىل) لارنى بويسۇندۇرغان، كېيىن قۇتئۇش كانگا (سەمەرقەند) خانىنىڭ تەكلىپى بويىچە، تالاس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارغا بېرىپ، تەڭرىقۇت شەھىرىنى بىنا قىلدۇرغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇنچە كىچىك دۆلەتلەرنى بەيئەت قىلدۇرغان. كېيىنكى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى گەن يەنشۇ بىلەن مۇئاۋىن تىركەكچى بېگى چېن تاڭ بىرلىشىپ، قۇتئۇش تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلغان، قۇتئۇش بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەن. خەن سۇلالىسى، جەنۇبىي ھون ۋە باشقا قەبىلە خەلقلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئارقىسىدا، شىمالىي ھونلار مىلادىيىنىڭ 90 ـ يىللىرى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

ھونلار غەربكە كۆچۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ مىلادى 350 ـ يىلى ياۋروپا تارىخىدا نامى پەيدا بولغىچە بولغان دەۋردىكى

ئەھۋاللار تارىخىي مەنبەلەردە ئانچە تولۇق خاتىرىلەنمىگەن. ياۋ-روپا تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، شىمالىي ھونلار-نىڭ تەڭرىقۇتى قۇتىئۇشىنىڭ ۋ - ئەۋلادى بالامىر مىلادى 355 - يىللىرى كاسپىي دېڭىزى بويلىرىنى ئىشغال قىلغان. مىلادى 374 - يىلى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىدىكى ئالان دۆلىتىنى، كېيىن ئۇ دۆلەتنىڭ قوشنىسى شەرقىي گوت (شەر-قىي گېرمان) دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغان. بالامىر 378 - يىلى غەربىي گوتلارنىمۇ ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغان ھەم كىچىك ئاسىيا-ياغا قوشۇن تارتىپ، قۇددۇس شەھىرىگىچە بولغان جايلارنى ئىستىلا قىلغان. مىلادى 400 - يىلى بالامىر ئۆلگەندىن كېيىن، رۇلتۇس، قاراتون، بونچۇك، رويا قاتارلىقلار غەربىي ھونلارنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان. ئۇلار، ئاساسەن، بالامىرنىڭ جەڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىگەن، زېمىن دائىرىسىنى كې-ڭەيتكەن.

مىلادى 434 - يىلى رويا ۋاپات بولغان. قائىدە بويىچە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بىلدا تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئاتتىلا باتۇر، قەيسەر، تالانتلىق، شىجائەتلىك بولغاچقا، غەربىي ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، قوشۇننىڭ مۇنتىزىملى-شىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئارقا سەپ تەمىنات خىز-مىتىنى پۇختا ئىشلىگەن. ئاتتىلا مىلادى 447 - يىلى غەربىي ھون قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيە-سى) گە ھۇجۇم قىلىپ، پايتەختى كونستانتىنپول (ئىستان-بول) شەھىرىگىچە بېسىپ كەلگەن. ۋىزانتىيىلىكلەر يىلىغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش تۆلەشكە ۋەدە بېرىپ، پايتەختنى خەۋپ-تىن قۇتقۇزۇپ قالغان. ئاتتىلا باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرى بالقاندىكى 70 شەھەرنى ئىشغال قىلغان. ئاتتىلا يەنە مىلادىيىنىڭ 451 - يىلى غەربىي ھون قوشۇنلىرىنى باشلاپ، رېين دەرياسى-

دىن ئۆتۈپ فرانسىيىگە يۈرۈش قىلىپ، مېتزى قاتارلىق شەھەر-لەرنى ئىشغال قىلغان ۋە ئىسپانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا بېسىپ كىرگەن. شۇ يىلى ئاپرېل ئېيىدا، غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاتاقلىق قوماندانى ئاتيوس باشچىلىقىدىكى 600 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاتتىلانىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا فرانسىيىدىكى كاتالىيون دالىسىدا شىددەتلىك جەڭ بولغان. بۇ جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەت تارتقان. ئاتتىلا قوشۇنىنى جەڭ مەيدانىدىن تېزلىكتە شىمالىي ئىتالىيىگە چېكىندۈرگەن ۋە غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى رىمغا بېسىپ كىرىپ، رىم ئىمپېراتورى ۋالېنتىننى ئالاقزادىلىككە چۈشۈرۈپ قويغان. ۋالېنتىن ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تەلەپ قىلغان ۋە قىزىنى ئاتتىلا-غا بېرىش، تۆلەيدىغان سېلىق ئالتۇنىنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىش شەرتى بىلەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئاران ساقلاپ قالغان. بۇ چاغدا رىملىقلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ ھونلارنى ۋە ئاتتىلانى «خۇدا-نىڭ قامچىسى» دەپ ئاتىغان. ئاتتىلانىڭ ھەيۋىسىدىن يۈرىكى مۇجۇلغان ياۋروپادىكى كىنەزلەر ئۇنىڭغا سوۋغا - سالام يوللاپ تۇرۇشقا، قىزىنى بېرىشكە مەجبۇر بولغان ۋە سۇيىقەست ئىشلە-تىپ ئاتتىلانى يوقىتىش نىيىتىگە كەلگەن. 453 - يىلى ئاتتىلا بىر كىنەزنىڭ قىزى ئىدىلكونى ئەمرىگە ئالغان. توي كېچىسى ئىدىلكو زەھەر سېلىنغان هاراقنى ئاتتىلاغا ئىچكۈزۈپ، ئاتتىلانى ئۆلتۈرگەن.

ئاتتىلا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىلىك ۋە دىڭگىزىك ھونلارغا باشچىلىق قىلغان. بۇ دەۋردە ھونلارنىڭ كۈچى پەيدىن - پەي ئاجىزلاشقان. مىلادى 469 - يىلى دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى جەڭدە دىڭگىزىك ۋىزانتىيە قو-شۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. كېيىن، ھونلار بىر نەچچە كىچىك تارماققا بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە ئۆز ئارا ئىچكى ئۇرۇش قىلىشقان. كېيىنكى ۋاقىتتا باشقا قەبىلە، مىللەتلەرگە بېيئەت

قىلغان ۋە ئاستا - ئاستا ئۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن.

هونلار ياۋروپاغا كۆچۈش جەريانىدا، مىللەت، قەبىلىلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشىگە، قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلۇشىغا ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. ئاتتىلا باشچىلىقىدىكى غەربىي هون قوشۇنىنىڭ رىم ئىمپېرىيىسىگە بەرگەن قاخشاتقۇچ زەربىسى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى بۇ ئىمپېرىيىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلىتىشتە، بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ قۇللۇق تۈزۈم كىشىنىدىن قۇتۇلۇشىدا خېلى مۇھىم رول ئوينىغان.

# كۇشان ئىمپېرىيىسى

دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان كۇشان ئىمپېرىيىسىنى ئۇلۇغ توخرىلار قۇرغان. ئۇلۇغ توخرىلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى II ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئېلىمىزدىكى دۇنخۇاڭ، چىلەنشەن تېغى بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 170 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە ھونلارنىڭ داڭلىق تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇ) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان، كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچۈپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ماكانلاشقان، ھون تەڭرىقۇتى رۇشات (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 174 — 161 - يىللار) دەۋرىدە توخرىلار ئۇيسۇن - ھون بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ زەربىسى بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى تاشلاپ، پەرغانە ئويمانلىقى ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. غەربكە كۆچكەن مۇشۇ توخرىلار تارىختا ئۇلۇغ توخرىلار* دەپ ئاتالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۇپىتىدە غەربىي يۇرتقا كەلگەن جاڭ چيەننىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 128 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئۇلۇغ توخرىلار ئېلىگە بارغانلىقى، توخرىلارنىڭ شۇ چاغدىكى پائالىيەت مەركىزىنىڭ يەنىلا ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالى ئىكەنلىكى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 125 - يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئۇلۇغ توخرىلار باكتىرىيە (ھىندىقۇش تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، ھازىرقى تاجىكىستان-

* توخرىلارنىڭ خىشى كارىدوررىدا قېلىپ، چىلەنشەن تاغلىرىنىڭ جەنۇبى بىلەن چىڭخەي ئارىلىقىدىكى جايلاردا ماكانلىشىپ، چياڭلار (زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى) بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىرى تارىخنامىلەردە كىچىك توخرىلار دەپ ئاتالغان.

نىڭ ئوتتۇرا جەنۇب قىسمى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى رايونلار) نى ئىشغال قىلغان ۋە باكتىرىيىنى بەش بۆلەككە بۆلگەن. ھەر بىرسىگە بىر يابغۇ (تاجىلىق بەگ) باشچىلىق قىلغان. تەخمىنەن مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، كۇشان يابغۇسى كۇجۇلا كادفىس كۇچىيىپ باشقا يابغۇلارنى بېقىندۇرغان ۋە توخرى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ كۇشان دۆلىتىنى قۇرغان. كۇجۇلا كادفىس كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قىلىپ، غەربتە پارفىيە (ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى) نىڭ مەرۋى شەھىرىنى، شەرقىي جەنۇبتا كابۇل دەرياسى ۋادىسى ۋە كەشمىر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان. مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، شىمالدا ئامۇ دەرياسىدىن تارتىپ جەنۇبتا ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغىچە بولغان جايلاردا كۇشان ئىمپېرىيىسى شەكىللەنگەن.

كۇشان ئىمپېرىيىسى كانىشكا (كۇجۇلا كادفىسنىڭ ۋارىسى، ۋىما كادفىسنىڭ نەۋرىسى، تەخمىنەن مىلادى 45 - 78 - يىللار) دەۋرىدە، تازا قۇدرەت تاپقان. بۇ دەۋردە ئىمپېرىيىنىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا خارەزىمدىن جەنۇبتا ھىندى دەرياسى ۋە گانگى دەرياسى ۋادىلىرىغىچە، غەربتە ئارال دېڭىزىدىن شەرقتە كۆكئارت (پامىر) غىچە كېڭەيگەن، پايتەختى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى لوسابرا شەھىرى (ھازىرقى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھىرى) گە يۆتكەلگەن. بۇ شەھەر ئۆز ۋاقتىدا گاندىخارا شەھىرى دەپ ئاتالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بەزى تارىخنامىلەردە كۇشان ئىمپېرىيىسى گاندىخارا ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتالغان.

كانىشكا ئۆلگەندىن كېيىن، كۇشان ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن، ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى كەسكىنلەشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ دائىرىسى كەڭ، مىللەت تەركىبى مۇرەككەپ، سىيا-

سى، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز ئىدى. بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرىمۇ ئەۋج ئالغانىدى. مانا شۇنداق دەۋردە يەنى مىلادىيە 3 - ئەسىردە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ساسانى قەبىلىلىرى كۈچىيىپ، كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنىغا ھۇجۇم قىلغان. نەتىجىدە ئىمپېرىيە زېمىنى بۆلۈنۈپ كەتكەن. مىلادى 4 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاخىرقى زېمىنىنى شەرقتىن كەلگەن ئېفتالىتلار (ئاق ھونلار) ئىشغال قىلغان، شۇنىڭ بىلەن كۇشان ئىمپېرىيىسى مۇنقەرز بولغان.

كۇشان ئىمپېرىيىسى قۇلدارلىق تۈزۈمنى يۈرگۈزگەن. ئىمپېرىيە زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلغان؛ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمپېرىيىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئىمپېرىيە دائىرىسىدىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. دېھقانچىلىقمۇ پەيدىن-پەي ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى بولۇپ قالغان. مېتالچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان. كۇشان ئىمپېرىيىسى غەربتە فارفىيە ۋە رىم، شەرقتە شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغان، «كېيىنكى خەننامە»دە، كۇشان ئىمپېرىيىسى دائىرىسىدىكى ھىندىستاننىڭ رىم بىلەن دېڭىز ئارقىلىق سودا قىلىدىغانلىقى، ئالىدىغان پايدىسىنىڭ 10 ھەسسە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بىر مۇنچە تارىخچىلار بۇددا دىنى كۇشان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە كەشمىر ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقالغان، دەپ قارىشىدۇ.

# قاراقىتان خانلىقى ۋە موڭغۇللار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

مىلادى 907 ـ يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئۇچ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە لياۋتەيزۇ (ياللۇغ ئاباۋجى) تەرىپىدىن قۇرۇلغان قىتان خانلىقى (خەنزۇچە تارىخنامىلەردە لياۋ سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ) 1125 ـ يىلىغا كەلگەندە جۇرجىتلار (مانجۇلارنىڭ ئەجدادلىرى) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىندى. بىر قىسىم قىتانلار خان جەمەتىدىن ياللۇغ تاشىنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە قاچتى، ئۇلار قوجو (ئىدىقوت) دىن ئۆتۈپ بالاساغۇنغا بېرىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، قاراقىتان (خەنزۇچە تارىخنامىلەردە غەربىي قىتان خانلىقى ياكى غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەپ ئاتىلىدۇ) خانلىقىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى قاراخانىيلارنىڭ پۇقرالىرى قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. قوجو ئۇيغۇر خانلىقىمۇ قاراقىتان خانلىقىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. قاراقىتان ھۆكۈمرانى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىغا، باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشىنى دائىم نازارەت قىلىشقا قوچۇغا شاۋكىم (شاھنا) ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلار قىتان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قاتمۇقات زۇلۇمىغا ئۇچراپ، تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنلاشتى.

1204 ـ يىلى يېڭىدىن قۇدرەت تاپقان موڭغۇل قەبىلىلىرى ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) ئەتراپىدا نايمان قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى، نايمانلارنىڭ ئاقسۆڭەك جەمەتىدىن كۈچلۈك قاراقىتانغا قېچىپ كەلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي خانلىق تەختىنى تارتىۋالدى. دوسسون يازغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ 1 ـ جىلد

دىدا ئېيتىلىشىچە، كۈچلۈك تەختكە چىققاندىن كېيىن، قەشقەر، خوتەن خەلقى ئۇنىڭغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قانلىق باستۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇرلاردىن ئۆچ ئېلىشقا كىرىشكەن، زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن، ئۇيغۇرلارنى قىستانچە كىيىم - كېچەك كىيىشكە زورلىغان، ئىسلام دىنىدىكىلەرنى چەتكە قاققان، ئۇلارنى قىرغىن قىلغان. شۇڭا، ئۇلار قاراقىتان خانلىقىنىڭ ئېغىر زۇلۇمىغا چىدىماي، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇللارنىڭ غەربىي قىتان ھۆكۈمرانلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلىشنى ئۈمىد قىلىشقان. پېرسىيىلىك (ئىرانلىق) ئاتاقلىق تارىخشۇناس جۇۋەينى «تارىخىي جاھان گۇشاي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى») ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ چاغدىكى ئىدىقۇتنىڭ ئىسمى بارچۇق دەپ ئاتىلاتتى. قاراقىتانلارنىڭ پادىشاھى ماۋرائۇننەھىر (ئامۇدەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلار) ۋە تۈرك يۇرتىنى ئىستىلا قىلغان يىلى ئەتىيازدا، بارچۇقمۇ ئۇنىڭ بەيئەت قىلدۇرۇش ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، ئولپان - سېلىق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، قاراقىتانلارنىڭ پادىشاھى بىر شاھنا (تۈركلەردىكى باسقاق، موڭغۇللاردىكى دارۇغاچىغا تەڭ ئەمەل نامى) نى ئۇلارغا ئەۋەتتى. شاۋكېم دەپ ئاتىلاتتى، شاۋكېم ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ئەيشى - ئىشرەت، كەيپى - ساپا سۈرۈشكە باشلىدى، ئىدىقۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنى خالىغانچە خورلىدى، ئۇلارنىڭ مۇبارەك چۈمپەردىلىرىنى يىرتىۋەتتى. . . چىڭگىزخاننىڭ قىتانلارنى بويسۇندۇرغانلىق زەپەر خەۋىرى ھەرتەرەپكە يېيىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئىدىقۇت شاۋكېمنى قاراخوجا شەھىرىدىكى بىر ئۆيگە قامىۋېلىپ، ئۆينى ئۆرۈۋېتىش ھەققىدە يارلىق قىلدى. . .»

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى، بارچۇق ئارتتېكىن تەرجىمىھالى»

غا ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت ـ بارچۇق ئارتتېكىن سۇلاڭ سۇلالىسى نىڭ رۇڭ خانىنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادى 1209 ـ يىلى) شاۋكېمنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە قاراقىتانلاغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان. ئىدىقۇت يەنە چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، چىڭگىزخان بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولۇپ، ئىدىقۇتنى 5 ـ ئوغلوم دەپ ئاتىغان ھەمدە قىزىنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلغان. 1218 ـ يىلى موڭغۇللار ئوتتۇرائاسىياغا يۇرۇش قىلغاندا، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار موڭغۇل قوشۇنىغا ياردەملەشكەن. قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەر ئۇرۇش قىلىنمايلا ئىشغال قىلىنغان. موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇر فېئودالللار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ئەمگەكچى خەلقنى داۋاملىق ئەزدى. بولۇپمۇ 1260 ـ يىلىدىن كېيىن موڭغۇل خانلىرى ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش يۈزبەرگەن ئېلىپ بېرىلغان 40 نەچچە يىللىق ئىچكى ئۇرۇش ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ نامراتلىشىش جەريانىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. نۇرغۇن شەھەرلەر ئۇرۇشتا ۋەيران بولدى، ئېتىزلار، باغلار قاقاسلىققا ئايلاندى، خەلق ئۇرۇش يېغىلىقىدىن قېچىپ سەرسان بولدى. ئىشلەپچىقىرىش روناق تاپمىدى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن ئۆي ـ ۋاقىنى، يەرلىرىنى، ھەتتا خوتۇن ـ باللىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇرلار سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە موڭغۇللارغا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا يېزىق ئىجاد قىلىشىغا ياردەملەشتى، موڭغۇللار خانلىق باشقۇرۇشتا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدىن ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىدىن ئۈلگە ئالدى، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان تالانتلىق شەخسلەرنى خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى-

غا جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى، ئۇيغۇرلاردىن
يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن ئاتاقلىق سىياسىئونلار، ھەربىي سەر-
كەردىلەر، مالىيە خادىملىرى موڭغول خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جاي-
لاردا ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ۋە مۇستەھكەملىشىدە مۇھىم
رول ئوينىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىكى ھەربىي يۈ-
رۈشكە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
مىللەتلەرگە تارقاتتى.

موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى،
بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە نېستورىيان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان-
دى. مانى دىنى XIII ئەسىردىن كېيىن زەئىپلىشىشكە باشلىدى.
بۇددا دىنى تۇرپان رايونىدا يەنىلا ئاساسلىق دىن ھېسابلىناتتى،
بەزى ئۇيغۇر بۇددىستلار يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا بۇددا دىنىغا
دائىر ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار بولغانىدى. 1253 - يىلى
فرانسىيىلىك رۇبرۇك خانىڭ يارلىقى بىلەن قاراقۇرۇمغا بېرىش
سەپىرىدە تۇرپاندىن ئۆتكەندە، قولىدا قارا كرېستنى تۇتۇپ تۇر-
غان ئۇيغۇر نېستورىيان مۇرىتلىرىنى كۆرگەن، بۇنىڭدىن XIII
ئەسىردە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىلا نېستورىيان دىنىغا ئېتى-
قاد قىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. XIII ئەسىردىن ئىلگىرى
ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ جەنۇب ۋە غەربىي قىسىمىدا ھۆكۈمران-
لىق ئورنىغا ئۆتتى، XIII ئەسىردىن كېيىن، شەرقىي شىنجاڭغا
يەنى تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونىغا تارقالدى.

# قىتانلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى

قىتانلار (چەت ئەللەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كىدانلار
دەپ ئاتىلىدۇ) قەدىمكى زاماندا ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال
رايونىدىكى لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا كۆچمەن چارۋى-
چىلىق قىلىپ ياشىغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قىتانلارنىڭ
زېمىنىدا بىر نەچچە ئايماق تەسىس قىلىنغان، بۇ ئايماقلارنى
قەبىلە سەردارلىرى باشقۇرغان. مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى يەر-
لىك ھاكىمىيەت - ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندا، قىتان-
لارنىڭ بىر قىسمى بۇ خانلىققا بەيئەت قىلىپ، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەك-
لىرىگە پادىچى بولغان. مىلادىيە 841 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقى قىرغىزلار تەرىپىدىن يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار-
نىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچۈپ كەتكەن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ
بىر قىسىم زېمىنىنى قىتانلار ئىگىلىۋالغان، قېپقالغان بىر قى-
سىم ئۇيغۇرلار قىتانلارغا بېقىنغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»
دىكى «مىلادى 926 - يىلى ئۇيغۇر، تۇبۇت، تاڭغۇت، سىرۋى،
سارت قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن بۇلۇس-
خانغا ئىنئام بېرىلدى»، «لياۋ تەيزۇ (قىتانلارنىڭ لياۋ سۇلالى-
سىنى قۇرغان تۇنجى خانى) . . . ئۇيغۇرلارنىڭ تەگرىقۇت شەھى-
رىنى ئىگىلىدى» دېگەن مەلۇماتلار بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ
قىتانلارغا بېقىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، قىتانلار-
نىڭ قەبىلە سەردارى ياللۇغ ئاباۋجى (لياۋ تەيزۇ) قىتان قەبىلى-
لىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئېلىمىز تارىخىدا لياۋ (قىتان) خانلىقى
(مىلادىيە 916 - يىلدىن 1125 - يىلغىچە) نى قۇرغان. لياۋ
خانلىقىنىڭ شېڭزۇڭ خانى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئۈچ قېتىم ھۇ-

جۇم قىلغان بولسىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان، لياۋ خانلىقى-نىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، خانلىق دائىرىسىدىكى بەيئەت قىلغان خەلقلەرنىڭ قارشىلىقى كۈچەيگەنلىكى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئى-چىدە ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كەسكىنلەشكەنلىكى ئۈچۈن، جۇرجىتلار (مانجۇلار ئەجدادلىرى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لياۋ خانلىقىغا ھۇجۇم قوزغاپ، لياۋ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى تيەنزۇنى ئەسىر ئېلىپ، خانلىقىنى گۇمران قىلغان. لياۋ خانلىقى-نىڭ خان جەمەتىدىن يالۇغ تاشىن بىر قىسىم قىتانلارنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا غەربىي لياۋ خانلىقى (غەربىي قىتان خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خانلىق مىلادىيە 1125 - يىلدىن 1211 - يىلغىچە دەۋران سۈرگەن) نى قۇرغان. غەربىي لياۋ خانلىقى كۆكتارتىنىڭ غەربىدىكى قۇزئوردو شەھىرىنى پايتەخت قىلغان، لياۋ خانلىقى كۈچەيگەندە، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، بېشبالىق قاتارلىق جايلارنى زېمىن دائىرىسىگە قوشۇۋالغان.

تارىخچى ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، غەر-بىي قىتانلارنىڭ بىر قىسمى (16 مىڭ تۈتۈن) ئارسلانخان (سۇ-لايمان) دەۋرىدە يەتتىسۇ رايونىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇلار دەسلەپتە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇ-لۇپ، ئۇلارغا تاغ يوللىرىنى ساقلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان. ئارسلانخان كۆچمەنلەردىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ تەلەپكە قوشۇلماي، باشقا جەھەتلەردە خانغا تولۇق ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن. مەشھۇر تارىخچى جۇۋەينى بولسا، قارا قىتانلارنىڭ دەسلەپتە ھازىرقى چۆچەك رايونىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە كۆپىيىپ 40 مىڭ تۈتۈنگە يەتكەنلىكىنى، قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇندا تۇرۇشلۇق ھۆكۈمرانى غەربىي قىتانلاردىن قاڭقىل ۋە قارلۇقلارنى جىمىقتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، قارا قىتانلار

بالاساغۇنغا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغانلىقىنى ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكىنى، 1137 - يىلى ماۋرائۇننەھرنىڭ ھاكىمى مەھمۇدخاننى خوجەند ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، 1141 - يىلى كاتىۋان (قاتىۋان) يايلىقى (سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا، تاش كۆۋرۈك بىلەن يېڭى قورغان ئارىلىقىدا) دا سالجۇق سۇلتانى سانجار (سىنجار) نى تولۇق بويسۇندۇرغانلىقىنى، خارەزمنى بويسۇندۇرۇشقا مەخسۇس قوشۇن ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ خانى ئۆزىنى «گورخان» دەپ ئاتىغان. ئەرەب تارىخچىلىرى «گورخان» دېگەن سۆزنى «خانلارنىڭ خانى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. بەزى چەتئەل ئالىملىرى، مەسىلەن، گىرىگورىيېۋ بۇ سۆز بىلەن موڭغۇلچە «گورگان» (كۈيئوغۇل) دېگەن سۆز بىلەن تومۇرداش دەپ قارايدۇ. تارىخچى ئىبنى ئەلئەسىرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنجى گورخان قەددى - قامەتلىك، كېلىشكەن كىشى بولۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئادىتى بويىچە يۇزىگە پەرەنجە تارتىپ يۇرگەن، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بىرەر جايىنى ئىشغال قىلسا، ھەر بىر ئۆيدىن بىر دىنار سېلىق ئالغان، ئەسكەرلىرىنىڭ پاھىشىۋازلىق (باسقۇنچىلىق) قىلىشىغا يول قويغان، ياردەمچىلىرىگە سۇيۇرغال بەرمىگەن، ئۇلارنىڭ 100 ئاتلىق ئەسكەردىن ئارتۇق ئەسكەر باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلمىغان (بىرەر جايغا ھۇجۇم قىلىشقا قوشۇن باشلاپ ماڭغان چاغدىكى ئەسكەر سانى چەكلىمىسى ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا). گورخان ئىتائەت قىلغان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كەمىرىگە كۈمۈشتىن ياسالغان تاختايچە ئېسىپ، بەيئەت قىلغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

گورخان ياللۇغ تاشىن مىلادىيە 1143 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىلە كىچىك بولغاچقا، ئورنىغا خوتۇنى تابۇيان ۋاقىتلىق خان بولۇپ، «تەڭرى يارلىق قىلغان خاتۇن».

دەپ ئاتالغان. ئىلەنىڭ سىڭلىسى يەنى ياللوغ تاشىنىڭ قىزى تەختتىكى چاغدا (مىلادىيە 1164 ـ يىلدىن 1177. يىلغىچە)، غەربىي لياۋ خانلىقى ئوردىسىدا توپىلاڭ يۈز بېرىپ، ئىلەنىڭ ئوغلى چۇرۇق خان بولۇپ 34 يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

چۇرۇق دەۋرىدە غەربىي لياۋ خانلىقى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. غان، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ، بىر ـ بىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى يۈز بېرىپ تۇرغان. ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار گورخانغا بويسۇنماي، باشباشتاقلىق قىلىدىغان بولۇۋالغان. ھۆكۈمرانلار ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، لياۋ خانلىقىغا قارام رايونلار، مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرگە قاراتقان ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

1204 ـ يىلى يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇل قەبىلىلىرى ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) ئەتراپلىرىدا نايمان قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغان. نايمانلارنىڭ تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك غەربىي لياۋ خانلىقىغا قېچىپ كەلگەن. ئۇ بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن گورخان چۇرۇقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، خاقان دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولۇۋالغان، كۈچلۈك غەربىي لياۋ خانلىقىدىكى قوزغىلاڭلاردىن، بولۇپمۇ گورخان بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا خەزىنىنىڭ پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە يۈز بەرگەن زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، چۇرۇقتىن تەختىنى تارتىۋالغان، روسىيىلىك مەشھۇر تارىخشۇناس بارتولد بۇ ۋەقەنى 1212 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولسا كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ. دوسسون يازغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ 1 ـ جىلدىدا قەيت قىلىنىشىچە، كۈچلۈك تەختكە چىققاندىن كېيىن، قەشقەر، خوتەن خەلقى ئۇنىڭغا قارشى چىققان. كۈچلۈك ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا كىرىشىپ، ئالۋان ـ ياساقنى ئېغىرلاشتۇرغان، ئۇيغۇرلار-

نى قىتانچە كىيىم كىيىشكە زورلىغان، ئۇلارنى كەمسىتىشكەن، قىرغىن قىلغان. شۇڭا ئۇلار لياۋ خانلىقىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇللارنىڭ غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. بارچۇق ئارت تېكىن تەرجىمىھالى» غا ئاساسلانغاندا، ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن مىلادى 1209 - يىلى شاۋكېمنى ئۆلتۈرگەن ۋە قارا قىتانلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلغان، شۇنداقلا يەنە چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بەيئەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. چىڭگىزخان بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ، ئىدىقۇتنى 5 - ئوغلۇم دەپ ئاتىغان ھەمدە قىزىنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلغان. 1917 - يىلى شەرققە يۈرۈش قىلغان موڭغۇل قوشۇنى يېقىنلىشىپ قالغاندا، كۈچلۈك قوۋمىنى باشلاپ چېكىنگەن. ئۇ يەتتىسۇدىكى قەشقەرگە قېچىپ بارغان. كۈچلۈك قەشقەردىن پامىر ئارقىلىق بەدەخشانغا قاچقاندا، موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ، پامىردىكى سارقۇم دېگەن جايدا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان، شۇنىڭ بىلەن غەربىي لياۋ خانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا گۇمران بولغان.

غەربىي لياۋ خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربىي قىتانلار ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ھازىر شۇ جايلاردا ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. لياۋ خانلىقى، بولۇپمۇ غەربىي لياۋ خانلىقى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە غەربىي ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا قىتانلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە، قىتانلار قۇرغان خانلىقلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئۈستىدە، قىتان خانلىقىنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر ئۈستىدە داۋاملىق تەتقى-

قات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① شۆ زۇڭجېڭ: «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش»

② بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»

③ «ئوكيانۇس» («سىخەي»)

④ «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»

⑤ جى زاڭئەن: «ياللۇغ تاشىنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىكى سەۋەبلەر»

⑥ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم.

⑦ «كىدانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلار قۇرغان خانلىقلار»

# قىتانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۇلار قۇرغان خانلىقلار توغرىسىدا

قىتانلار (بەزى ماتېرىياللاردا كىدان دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قە-
دىمكى دەۋردە، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى لياۋخې
دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، قىتانلار زېمىنىدا 10
نەچچە ئوبلاست تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئوبلاستلارنى قەبىلە سەر-
دارلىرى باشقۇرغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەل-
گەندە، قەبىلە سەردارى ياللۇغ ئاباۋجى (يېلۈ ئاباۋجى) قىتان
قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە زېمىنىنى كېڭەيتىپ، قىتان (ل-
ياۋ) خانلىقى (مىلادى 916 ـ يىلدىن 1125 ـ يىلغىچە) نى
قۇرغان. بۇ خانلىقنىڭ ئاخىرقى خانى تيەنزۇ (مىلادىيە 1001
يىلدىن 1125 ـ يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان) دەۋرىدە بەيئەت
قىلغان خەلقلەرنىڭ قارشىلىقى كۈچەيگەنلىكى، ھۆكۈمرانلار سى-
نىپى ئىچىدە ھوقۇق مەنپەئەت تالىشىش زىددىيىتى كەسكىنلەش-
لەنلىكى ئۈچۈن، جۇرجىت (مانجۇلارنىڭ ئەجدادى) لار پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ لياۋ خانلىقىغا ھۇجۇم قوزغاپ، تيەنزۇ خاننى
ئەسىر ئېلىپ، بۇ خانلىقنى گۇمران قىلغان. بۇ خانلىق يوقىتىل-
غان بولسىمۇ، لياۋ خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن ياللۇغ تاشىن
بىر قىسىم قىتانلارنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ، ھازىرقى شىنجاڭ-
نىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا غەربىي لياۋ
خانلىقى (قارا قىتان خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مىلادىيە
1125 ـ يىلدىن 1211 ـ يىلغىچە) نى قۇرغان①، 1211 ـ يىلى
غەربىي لياۋ قوشۇنلىرى تالاس دەرياسى بويىدا خارەزىم شاھى
مۇھەممەد تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، بۇ خانلىقنىڭ ئاساسلىق

ھۆكۈمرانلىرى ئەسىرگە چۈشكەن بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇلاردىن باراخ (ئەسلىدە غەربىي لياۋ خانلىقىدا ئەمەلدار بولغان) خارەزىم شاھىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ھەمدە شارائىت يار بەرگەن چاغدا يەنى 1224 ـ يىلى كېرمانختا كېيىنكى قىتان خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق 1303 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

## (1)

قىتانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدىكى مەلۇمات ئېلىمىز-نىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان. «ۋېينامە» دە: «قىتانلار بىلەن قاباشلار ( 莫库? ) نى بىر قوۋم ئىچىدىكى ئىككى ئۇرۇق»، «قاباش» لار بولسا «جەنۇبىي قىسىمغا جايلاش-قان سىيانپىيلارنىڭ باشقا ئۇرۇقىدىن» دېيىلگەن. «تاڭنامە»، «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «16 دۆلەت دەۋرىدىكى ئەمىنلىك» قاتارلىق كىتابلاردا، قىتانلار «سىيانپىيلارنىڭ ئەۋلادى» دېيىلگەن. «بەش دەۋرنىڭ كونا تارى-خى»، «كىتابلار جەۋھىرى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇ-ھىم مەزمۇنلىرى» قاتارلىق كىتابلاردا بولسا، قىتانلار «ھونلار-نىڭ ئەۋلادى» دېيىلگەن②. تارىخىي ماتېرىياللاردا قالدۇرۇلغان مەلۇماتتا يۇقىرىقىدەك ئوخشاشماسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، يې-قىنقى زاماندىكى تارىخشۇناسلارمۇ قىتانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە تۇرلۇك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەسىلەن، بەزىلەر ئۇلارنى سىيانپىيلارنىڭ ئەۋلادى دېسە، بەزىلەر ھونلار-نىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا، تۇڭغۇسلاردىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇلارنى موڭغۇل ئامىللىرى ئارىلاشقان خەلق③ دەيدۇ ۋەھاكازا. لېكىن تارىخىي ماتېرىياللار-نى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئورتاقلىق ۋە پەرق-لەرنى تېپىپ چىقىپ، ئەستايىدىل مۇھاكىمە يۈرگۈزسەك، بۇ

مەسىلىنىڭ يېپ ئۇچىنى تېپىپ چىقىشقا ۋە بۇ مەسىلىدە يوقىرىدىكى ھەر خىل قاراشنىڭ ھېچقايسىسىنى مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

خەنزۇچە تارىخىي كىتابلارغا ئاساسلانغاندا، قىتانلارنىڭ ئەجدادى چۈۋېن جەمەتىنى ھونلار بىلەن سىيانپىيلارنىڭ قوشۇلمىسىنىڭ مەھسۇلى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. سىيانپىيلار ـ شەرقىي خۇ (غۇز) قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بىر تارمىقى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شەرقىي خۇ قەبىلە ئىتتىپاقى ھونلارنىڭ داڭلىق تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇ) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، سىيانپىيلار لياۋدۇڭدىن موڭغۇل دالىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغا كۆچۈپ، ئوغانلارغا قوشنا بولۇپ ماكانلاشقان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنۋۇ 28 ـ يىلى (مىلادىيە 48 ـ يىلى) ھونلار شىمال ۋە جەنۇب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، شىمالىي ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قۇتئۇس (قۇتئۇش) خەن سۇلالىسى بىلەن قارشىلىشىش يولىنى تۇتقان، جەنۇبىي ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قوغىشار بولسا خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان. شىمالىي ھونلار خەن سۇلالىسى ۋە سىيانپىي، دىڭلىڭ (دىل)، جەنۇبىي ھونلارنىڭ ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن موڭغۇل دالىسىدىن يىراق غەربىي تامانغا كۆچۈپ كەتكەن. سىيانپىيلار غەربكە ئىلگىرىلەپ ھونلارنىڭ يەر ـ زېمىنىنى ئىشغال قىلغان. ھونلاردىن 10 تۈمەن تۈتۈن (ئائىلە) موڭغۇل دالىسىدا قېپقالغان بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار سىيانپىيلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن. ئارىلىقتا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قېپقالغان ھونلاردىن قارئۇتۇ* (葛乌菟) سىيانپىيلار تەرىپىدىن قەبىلە سەردارى قىلىپ سايلانغان ۋە 12

* شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شۈزۇڭ جېڭنىڭ ئېيتىشىچە، «قەدىمكى دەۋرلەردە "葛" خېتى «قارا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىكەن. "乌 西菟" خېتى يېغىلىق دەۋرىدىكى چۇ دۆلىتىدىكىلەرنىڭ تىلىدا «بولۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، چۇ دۆلىتىدىكىلەرنىڭ تىل تەۋەلىكى مەسىلىسى تېخى تالاش ـ تارتىشتا ئىكەن.

قەبىلە ئۇرۇقدا باشچىلىق قىلغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ-نىڭ ئەۋلادلىرى سىيانپىيلارنىڭ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىكى كاتتا كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. قارىئوتۇ قەبىلە سەردارى بول-غان چاغلاردا، ئۇنىڭ قوۋمى يىنشەن تېغى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئوغلى مونا دەۋرىدە ئۆز قوۋمىنى باشلاپ يىنشەن تېغى ئەتراپىدىن جەنۇبقا كۆچۈپ، لىياۋشى (辽西) دا ماكانلاشقان، بۇ ۋاقىت شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خۇەندى خانى (ليۇجى، مىلادىيە 147 - يىلدىن 167 - يىلغىچە) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. مونادىن كېيىن تيەن شىگۈي سىيانپىي-لارنىڭ قەبىلە سەردارى بولغان. ئۇ سىيانپىيلارنى شەرق، ئوتتۇ-را، غەرب ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن. چۇۋېن جەمەتىدىكىلەر شەرقىي قىسىم سىيانپىيلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى بولۇپ، چۇۋېن جە-مەتىنىڭ يىنشەن تېغى ئەتراپىدىن لياۋشىغا كۆچۈشى بىر جەمەت-نىڭلا يۆتكىلىشى بولماستىن، سانى خېلى كۆپ بولغان ھون قوۋمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقنىڭ كۆچۈشى ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن، قىتانلارنىڭ ئەجدادى ھەم يادرو ئۇرۇقى بولغان چۇۋېن جەمەتىنىڭ سىيانپىيلار بىلەن ھونلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ ياشاپ، قان ئارىلىشىشى بىلەن شەكىللەنگەن-لىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يەنى بەزى تارىخچىلار لياۋچېڭ ۋە كۇلۇندىكى قىتان قەبرى-لىرىدە، قىتان ئەرلىرى رەسمىي بېشىنىڭ چوققىسىدىكى چاچنى ئالدۇرۇۋەتكەن، ئەتراپىدىكى چاچلىرىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن ھالدا سىزىلغانلىقىغا ئاساسەن، بۇ خىل ئادەت سىيانپىيلارنىڭ، شۇڭا قىتانلارنى سىيانپىيلارنىڭ ئەۋلادى دېيىش مۇۋاپىق، دەپ قاراي-دۇ، ھالبۇكى، چۇۋېن جەمەتى ئارىلاشما خەلق بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا سىيانپىيلارنىڭ سانى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىيانپىي-لار زېمىنىدا ئۇزاق ۋاقىت ماكانلاشقانىدى. ھەممىگە ئايانكى، ئۆرپ - ئادەت ھەمىشە مۇھىتنىڭ تەسىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-

لىدۇ. شۇڭا قىتانلاردا سىيانپىيلارغا ئوخشاش ئۆرپ - ئادەتنىڭ بولۇشىنى نورمال ئەھۋال دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھەر- گىزمۇ بۇنىڭلىق بىلەن قىتانلاردا ھونلارنىڭ ۋە باشقا قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئىپتىنىك تەركىبى بارلىقىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ.
يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، قىتانلاردا ھونلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ساقلانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى تارىخقا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەردىن ۋە كلاسسىك كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ دەلىللەشكە بولىدۇ، «قىتانلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ھونلارغا ئاساسەن ئوخشايدۇ، ئۇلار قاۋۇل ياشلارنى ئەتىۋارلاپ، قېرىلارنى كەمسىتىدۇ، ئاتا - ئانىسى ئۆلگەندە يىغلاشنى نومۇس ھېسابلايدۇ»②. تارىخىي كىتابلاردا يەنە قىتانلارنىڭ ئۇرۇشلاردا ئاۋالقىدەكلا جەڭ ھارۋىلىرىدا ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللى- نىدىغانلىقى، ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ئىكەنلىكى، ئۇلار ئارىسىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى خەلقچىل تۈزۈم ۋە ئادەتلەر ساقلىنىپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خانى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقارمايدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئېلىمىز- نىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى سىماگۇاڭ يازغان «شاھانىلىق يىلنامە- سى» نىڭ 165 - جىلدىدىمۇ: «(قىتانلار) باشقا قەبىلىلەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولسا، ھەممىسى جەم بولۇپ كېڭەشكەن، بىر كىشىلا ھۆكۈم چىقارمىغان، ئوۋچىلىق ياكى ئۇرۇش قىلىشقا ھەممەيلەن ئورتاق قاتناشقان» لىقى تىلغا ئېلىنغان. يۇقىرىقىلار، قىتانلاردا سىيانپىيلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھونلارنىڭمۇ ئۆرپ - ئادىتى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى يېتەرلىك دەرىجىدە كۆر- سىتىپ بېرىدۇ.

(2)

قىتانلار چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە سىيانپىي (ساي-

جى) ۋە شەرقىي غۇز قەبىلىلىرى ئارىسىدا ياشىغان، بېلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى قىلغان. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ نامى تارىخنامىلەرگە قىتان دەپ خاتىرىلىنىدىغان بول- غان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى ھاكىمى- يىتى قىتانلار ياشىغان رايونلاردا 10 نەچچە ئوبلاست تەسىس قىلغان، ئوبلاستلارنى قىتانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە سەردارلى- رى ئىدارە قىلغان. قىتانلار ئەسلىدە سەككىز قەبىلىدىن تەركىب تاپقان، كېيىنچە ئۇلار ئۆز ئىچىدىكى كۈچلۈك قەبىلىدىن سەردار سايلايدىغان بولغان ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنى يىلچىن دەپ ئاتىغان. سەككىز قەبىلە ئىچىدە دېلو قەبىلىسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغاچقا، سەردارلار- نىڭ كۆپىنچىسى شۇ قەبىلىدىن سايلانغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قىتانلار ياللۇغ يۇندىش دەۋرىدە، چارۋىچىلىقتىن باشقا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى روناق تېپىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ نەۋرىسى ياللۇغ ئاباۋجى (يېلۇ ئاباۋجى) سەركەردە بولغاندىن كېيىن، 902 - يىلدىن باشلاپ خېنبېي ۋە سەنشى ئۆلكىلىرىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە 907 - يىلى قىتانلار- نىڭ سەردارلىقىغا سايلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن ياللۇغ ئاباۋجى ئالدى بىلەن سەككىز قەبىلىنى ۋە ئەتراپىدىكى قوشنا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ھەمدە زېمىنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، 916 - يىلغا كەلگەندە فېئوداللىق دۆلەت - قىتان خانلىقى (كېيىنچە لياۋ خانلىقى دەپ ئاتالغان) نى قۇرغان. بۇ خانلىق مىلادىيىنىڭ 916 - يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 1125 - يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن④.

(3)

قىتان خانلىقى تيەنزۇ (مىلادى 1101 ـ يىلدىن 1125 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە چۈشكۈنلىشىشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، قىتان خانلىقىغا قارام خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى كۈچەيگەن، بۇ چاغدا، جۇرجىتلار (مانجۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، خەنزۇچە نيۈجېنلار دەپ ئاتىلىدۇ) تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپ، قىتان خەلقىگە تەھدىت سېلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار شىدەتلىك قوزغالماق بولۇپ ..... قىتان خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، قىتان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، 1125 ـ يىلى كۆزدە قىتانلارنىڭ خانى تيەنزۇنى ئەسىرگە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن 200 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن قىتان خانلىقى مۇنقەرز بولغان⑤، نەتىجىدە قىتانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى جۇرجىت، موڭغۇل، خەنزۇ ۋە باشقا خەلقلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن⑥. قىتانلارنىڭ بىر قىسمى قىتان خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن ياللۇغ تاشىن (يېلۈ داشى) نىڭ باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، خانلىق سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. بۇگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى، يەنى شەرقتە ئۇيغۇر ئوبلاستى (ھازىرقى قۇمۇل رايونى) دىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋە كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي قىتان خانلىقى (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا غەربىي لياۋ ياكى غەربىي قىتان ئىمپېرىيەسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى قۇرغان. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قىتانلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدە ياللۇغ تاشىن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. «ئاتلىق ئوقيا ئېتىشقا ماھىر» ياللۇغ تاشىننىڭ ئاتاقلىق ھەربىي ئالىم ۋە چىۋەر قوماندان ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساس-

لانغاندا، ئۇ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى سۇنزى، ۋۇزى ۋە لى گۇاڭلارنىڭ ھەربىي ئىشلارغا دائىر دەس- تۇرلىرىنى ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن⑦. ياللۇغ تاشىن غەربكە كۆچۈش يولىنى تاللاشتا، جۇرجىتلار قورغان جىن خانلىقى ۋە جەنۇبىي سۇڭ خانلىقىنىڭ غەربتىكى تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى، غەربتە تاڭغۇت ۋە باشقا بەزى ئەللەر بىلەن مۇناسى- ۋىتىنىڭ خېلى ياخشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا قىتان خاندانلىقى- نىڭ ئۆز ۋاقتىدا غەربنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان خېلى كۆپ ساندىكى قوشۇنى ۋە ئۇلارنىڭ يىلقىسى كوتان قەلئە- سى ئەتراپىدا بارلىقىنى نەزەرگە ئالغان⑧ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە ماددىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن غەربىي قىسمىدا كۈچ توپلاپ، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە يەنە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، قىتان خانلىقىنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» 30 ـ جىلدقا ئاساسلانغاندا، ياللۇغ تاشىن غەربكە كۆچۈشتىن ئاۋۋال تەڭرى ۋە ئاتا ـ بوۋىلى- رىنىڭ روھىغا ئاتاپ، قارا كالا، ئاق ئات ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلغان. ياللۇغ تاشىن ئۆز قوۋمىنى باشلاپ ئالدى بىلەن ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قاتۇن شەھىرىگە، ئاندىن غەربىي شىمالغا يۈت- كىلىپ يېنىسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىز رايونىغا بارغان، قىرغىزلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، بەشبالىققا يېتىپ كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە قىتان خانلىقىنىڭ بۇرۇنقى 18 قەبىلىسىنىڭ سەردارلىرىنى يىغىپ قۇ- رۇلتاي ئېچىپ، كېيىنكى ھەرىكەت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان. كېلىشىمگە بىنائەن، ھەر قايسى قەبىلىلەر 10 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇقراق خىل ئەسكەر چىقىرىپ بەرگەن. ياللۇغ تاشىن ئەسكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ

ھەربىي باشلىقلارنى تەيىنلىگەن ھەمدە ساۋۇتلۇق ھەربىي قىسىم-
لارنى قۇرغان، ئۇلارغا قورال - ياراغ تەييارلىغان. ئۇ بەشبالىق
رايونىدا بىر قانچە يىل تۇرغان. ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى
ھازىرقى ئىمىل دەرياسى بويلىرىغىچە يېتىپ بارغان ھەمدە شۇ
يەرگە يېقىن بىر جايغا شەھەر سالدۇرغان.⑨ تارىخچى جۇۋەينى
XIII ئەسىردە بۇ شەھەرنىڭ خارابىسىنىڭ ساقلانغانلىقى ھەققىدە
مەلۇمات قالدۇرغان. كۆپلىگەن تارىخچىلار بۇ شەھەرنى ھازىرقى
دۆربىلجىن تەۋەسىدە، دەپ قارايدۇ. ياللۇغ تاشىن مىلادىيە
1132 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەربىي، دىپلوماتىيە ئۇسۇلى
ئارقىلىق، شەرقتە توغلا دەرياسىدىن غەربتە ئىمىل دەرياسىغىچە
بولغان جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈپ، غەربىي
قىتان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان. ياللۇغ تاشىن مىلادىيە
1132 - يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېڭىدىن بىنا قىلغان
شەھەر - ئىمىلدا خانلىق تەختىگە رەسمىي ئولتۇرغان. يەرلىك
خەلقلەر ئۇنى «گورخان» («بۈيۈك خان»، «خانلارنىڭ خانى»
دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. ياللۇغ تاشىن خانلىق تەختىگە
چىقىپلا، شۇ يىلى جەنۇبقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا كىرىشكەن،
ئۇ ئالدى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۇرۇشمايلا ئۆزىگە بەيئەت
قىلدۇرغان، ئاندىن تيانشان (تەڭرىتاغ) دىن ئۆتۈپ، تارىم ئوي-
مانلىقىنىڭ شىمالىنى بويلاپ قاراخانىيلار زېمىنىغا يۈرۈش قىل-
غان. شەرقىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ ئارسلانخانى مەھمۇد ئىبنى
ھەسەن باشچىلىقىدىكى قوشۇن قەشقەر ئەتراپىدا ئۇلارغا ئالدىنى
توسۇپ زەربە بەرگەن. 1132 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇ-
رۇشتا⑩، غەربىي قىتان قوشۇنى قاخشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراپ
چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. ياللۇغ تاشىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى-
غا يۈرۈش قىلىش ۋاقتىدا، ئىلگىرى قىتان خانلىقى زېمىنىدىن
كۆچۈپ كېلىپ قاراخانىيلارنىڭ چېگرا رايونىدا ئولتۇراقلاشقان
بىر تۈمەن ئالتە مىڭ تۈتۈن تۈرك - قىتان ئاھالىسى ئۇنىڭ

قوشۇنىغا بەس - بەس بىلەن قوشۇلۇپ، قوشۇن سانىنى بىر ھەسسە كۆپەيتكەن. غەربىي قىتان قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغان شەرقىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ ئارسلانخانى مەھمۇد ئىبنى ھەسەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد تەخت ۋارىسى بولغان. تارىخچى جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىقتىدارسىز خاقان ئىكەن. ئۇنىڭ دەۋرىدە قارلۇقلار ۋە قاڭلىلار ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ مال - مۈلۈك، چارۋىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرغان. ئىبراھىم ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىشكە قۇربىتى يەت-مەي، چېگرىغا يېقىن جايدا تۇرۇۋاتقان ياللۇغ تاشىدىن ياردەم سورىغان. مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان ياللۇغ تاشى «توپىلاڭدىن توغـاچ ئـوغـرىـلاپ»، 1134 - يىلىڭ بېشىدا شەرقىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ پـايتـەختـى - بالاساغۇننى ئىگىلەپ، ئۇنى قۇزئوردۇ دەپ ئاتىغان.

ياللۇغ تاشى 1134 - يىلى 3 - ئايدا قوشۇن باشلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، كونا رەقىبى جۇرجىتلار قۇرغان جىن سۇلالىسىنى يوقىتىپ، لياۋ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنىتىنى تىكلىمەكچى بول-غان بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوشۇن ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە «ئات كاللىرىنىڭ تولىسى قىرىلىپ كېتىپ»، قايتىپ كېتىشكە مەج-بۇر بولغان. ياللۇغ تاشى 1135 - يىلى جىن سۇلالىسىگە يەنە بىر قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان، جىن سۇلالىسىنىڭ شى-زۇڭ خانى غەربىي قىتانلارغا جازا يۈرۈشى قىلىش يارلىقى چۈ-شۈرگەن. جىن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى قۇملۇقتىن ئۆتۈۋاتقاندا، ياللۇغ تاشىنىڭ مۆكۈنۈپ تۇرغان قوشۇنىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ زەربە يېگەن. ئىككى تەرەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرى-شەلمىگەن، لېكىن جىن سۇلالـىسى قوشۇنـىنىڭ ئاشـلىق ۋە يەم - خەشىكى تۈگەپ كەتكەچكە، نۇرغۇن ئادىمى، ئات - ئۇلاقلى-

رى ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جىن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مۇئاۋىن سەنگۇنى (سانغۇنى) قىتانلاردىن ئىدى. ئۇ ئاغا - ئىنىسى ۋە خوتۇنىنىڭ غەربىي قىتانلار تەرەپتە ئىكەنلىكىدىن ۋاقىپلىنىپ، قول ئاستىدىكى نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جىن قوشۇنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.

1137 - يىلى ياللۇغ تاشىن پەرغانە ئويمانلىقىغا يۈرۈش قىلىپ، ھېچقانچە توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايلا ئۇنى ئىشغال قىلغان ۋە داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، خوجەندكىچە يېتىپ بارغان. ئۇ بۇ جايدا غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خانى مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەدنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. ئىبنى ئاشىرنىڭ خاتىرىلىشىچە، ھىجرىيە 531 - يىلى (مىلادى 1137 - يىلى 5 - 6 - ئايلار) ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولغان، بۇ قېتىمقى جەڭدە قاراخانىيلار قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، مەھمۇدخان سەمەرقەندكە قېچىپ كەتكەن. غەربىي قىسىم قاراخانىيلار مىلادىيە 1089 - يىلدىن باشلاپ سالجۇق خانلىقىغا بېقىندى بولۇپ قالغانىدى. مەھمۇدخان سەمەرقەندكە بارغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى سالجۇق دۆلىتىنىڭ سۇلتانى سانجار (سىنجار) دىن ياردەم سورىغان. سۇلتان سانجار خۇراسان، سىجىستان، غەزنە، مازانداران قاتارلىق رايونلاردىن ئون تۈمەندىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر توپلاپ، قىتانلارغا قارشى يۈرۈش قىلغان، مىلادىيە 1141 - يىلى 7 - ئايدا، نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يەتتىسۇ رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. ياللۇغ تاشىنمۇ جەڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك جايغا ئەسكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش ھىجرىيە 536 - يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 5 - كۈنى (مىلادىيە 1141 -

يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) كاتۋان بايلىقى (سەمەرقەندنىڭ شىمال تەرىپىدە، تاش كۆۋرۈك بىلەن يېقى قورغان ئارىلىقىدا) بولغان. بۇ قېتىمقى جەڭدە سانجار ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. ئۇلاردىن ئۈچ تۈمەن كىشى ھالاك بولغان. سانجار ۋە مەھمۇد ئالاقزادىلىك بىلەن تېرمىزغا، ئاندىن خۇراسانغا قاچقان. ياللۇغ تاشىن سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، لېكىن غەربىي قىسىم قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى بەيئەت قىلىش شەرتى بىلەن ساقلاپ قالغان ھەمدە مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەدكە تابغاچخان دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا نازارەتچى قويغان. ياللۇغ تاشىن يەنە ئۆزىنىڭ بىر سەركەردىسىنى خارەزىمگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. خارەزىم شاھى غەربىي قىتانلارنىڭ شەرتىگە، يەنى گورخانغا سادىق بولۇش، ھەر يىلى ئۈچ تۈمەن دىنار تۆلەش ۋە باشقا سوۋغا - سالام يوللاش ھەققىدىكى شەرتكە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. ياللۇغ تاشىن سەمەرقەندتە 90 كۈن تۇرغان ۋە كېرمانېخقا بېرىپ ئۇ جاينى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىپ ئاندىن بالاساغۇنغا قايتىپ كەلگەن.

ياللۇغ تاشىن مىلادىيىنىڭ 1143 - يىلى ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى ئىلە كىچىك بولغاچقا، ئورنىغا خوتۇنى تابۇيان ۋاقىتلىق خان بولۇپ، «تەڭرى يارلىق قىلغان خاتۇن» دەپ ئاتالغان. ئىلەنىڭ سىڭلىسى يۈسۈۋەن خان بولۇپ تۇرغان چاغدا (1164 ـ 1177 - يىللىرى) ئوردىدا توپىلاڭ يۈز بېرىپ، پۈسۈۋەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلەنىڭ ئوغلى خان بولۇپ 34 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. چۈرۈق دەۋرىدە غەربىي قىتان ھاكىمىيىتى زەئىپلىشىشكە باشلىدى. ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. مەسىلەن، پۈسۈۋەن ئۆزىنىڭ ۋەزىرى يەنى قېيىنئاتىسى تەرىپە-

ىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ۋەزىرلەر، ھەربىي ئەمەلدارلار گورخانغا بوي-
سۇنمايدىغان، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان بولۇۋالدى. ھۆكۈمران-
لار ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلى-
كى ئۈچۈن، غەربىي قىتانلارغا قارام رايونلار، مىللەتلەر ۋە
قەبىلىلەردە نارازىلىق كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرقمۇ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى (ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان) بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەتنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. مۇشۇنداق ۋەزى-
يەت ئاستىدا، غەربىي لياۋ خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ ئالدى
بىلەن خوتەندە قوزغالغان. خارەزىم، غەربىي قىسىم قاراخانىيلار-
مۇ ئارقا - ئارقىدىن غەربىي قىتان خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن.
غەربىي قىتانلارنىڭ كۈچى غەربىي قىسىمدا ئاجىزلىشىۋاتقان،
موڭغۇللار شەرقتە باش كۆتۈرۈپ چىققان ئەھۋالدا، قوچو ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى غەربىي قىتان خانلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىل-
گەن ئەلچىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇش ۋە ئۆينى ئۆرۈۋېتىش
توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. ئارقىدىن غەربىي قىتان خانلىقى-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقى، چىڭگىزخانغا
بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قى-
تان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىلگىرىكى شەرقىي
قىسىم قاراخانىيلارنىڭ زېمىن دائىرىسى - قەشقەر، خوتەن رايو-
نى بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ قالغان. غەربىي قىتان خانى
قارلۇقلارنىڭ سەردارى ئارقىلىق خوتەندىكى قوزغىلاڭنى باستۇر-
غان بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ تۇر-
غان.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقتە موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ
چىققاندىن كېيىن، چىڭگىزخان ئالتاي تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايدى-
غان نايمانلارنى مەغلۇپ قىلغان. نايمان خانىنىڭ ئوغلى كۈچلۈك
ئۆز قوۋمى بىلەن غەربىي قىتان خانلىقىغا پاناھ كەلگەن. ئۇ

بىر مەزگىلدىن كېيىن، گورخان چۈرۈكنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، خاقان دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولۇۋالغان. كۈچلۈك غەربىي قىتان خانلىقىدىكى قوزغىلاڭلاردىن، بولۇپمۇ گورخان بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا خەزىنىنىڭ پۇللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىدە يۈز بەرگەن زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، چۈرۈكتىن تەختىنى تارتىۋالغان، بارتولد بۇ ۋەقەنى 1212-يىلى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ تەخمىن قىلغان ⑭. كۈچلۈك ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن ئىلگىرىرەك، يەنى مىلادىيە 1211 - يىلى يەتتىسۇنىڭ شىمالىي تەرىپىگە چىڭگىزخاننىڭ سەردارلىرىدىن قۇبلەي نوياننىڭ قوشۇنى يېتىپ كەلگەن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارلۇقلارنىڭ سەردارى ئارسلانخان (يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى بولسا كېرەك) غەربىي قىتانلارنىڭ قايالىق شەھىرىدىكى نائىبىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بوزار ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان تەدرىجىي كۈچىيىپ، ئالمىلىق شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى توغرۇل خان دەپ ئېلان قىلىغان. ھەمدە چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كۈچلۈك موڭغۇللارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا يۈرۈش قىلىپ، غەربنى ئىستېلا قىلىشقا چولىسى تەگمەيۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىۋالغان. خارەزىم شاھىنى غەربىي قىتان خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن، ھەتتا ئۆز زېمىنى سىر دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى جايلاردىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان. كۈچلۈك يەنە ئۆز دائىرىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئۇۋۇچىلىق قىلىپ يۈرگەن بوزارنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرگەن ۋە ئالمىلىق شەھىرىنى قورشىۋالغان. لېكىن 1217 - يىلى شەرققە يۈرۈش قىلغان موڭغۇل قوشۇنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان، كۈچلۈك يەتتىسۇدىكى تاغلىق رايوندا

موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، پىلانى ئەمەلگە ئاشماي، قەشقەرگە قېچىپ بارغان. كۈچلۈك قەشقەردىن پامىر ئارقىلىق بەدەخشانغا قاچقاندا، موڭغۇل قوشۇنلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇۋېلىپ، پامىردىكى سارقۇم دېگەن جايدا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان ⑮. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قىتان خانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا موڭغۇللار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. ھازىرغىچە شىنجاڭ رايونىدىن غەربىي قىتانلارغا مەنسۇپ ئېنىق يادىكارلىق تېپىلمىدى. لېكىن بەزىلەر ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى ئۇلانباي قەدىمىي شەھىرىنى قىتانلارغا ئائىت خارابە ئىزى، ئۇنىڭدىن تېپىلغان بىر قىسىم ئېگىز ساپال ئىدىشلارنىمۇ شۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراۋاتىدۇ ھەمدە شىنجاڭدىن تېپىلغان بىر دانە تاش نىقابنىمۇ لياۋ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنسۇپ قەدىمىي قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان مىس نىقابقا ئوخشايدىغان جايلىرى بار، دەپ ھېسابلاۋاتىدۇ ⑯. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۈستىدە توغرا ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلىدىغانلىقى شۈبھىسىز.

## (4)

دوسسون «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن كىتابتا، غەربتە ئىككى قىتان خانلىقى قۇرۇلغانلىقىنى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىدىن يۈز يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت كېيىن قۇرۇلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. تارىخچى جۇۋەينى يازغان «تارىخى جاھانكۇشاي» «(دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى)» كىتابقا ئاساسلانغاندا، كېرمانىختا قۇرۇلغان كېيىنكى قىتان خانلىقىنى باراخ قۇرغان. باراخ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ھەمىدبۇر قىتانلاردىن بولۇپ،

غەربىي قىتان ھاكىمىيىتىدە ئەمەلدار بولغان. 1210 - يىلى تالاس دەرياسى بويىدىكى جەڭدە قىتان قوشۇنى خارەزىم شاھى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، باراخ ئاغا - ئىنى ۋە غەربىي قىتانلار-نىڭ سەركەردىسى تايانگۇلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. تايانگۇ ئۆلتۈرۈلگەن. باراخ بىلەن ھەممدبۇر خارەزىم شاھىنىڭ ئىشەن-چىسىگە ئېرىشىپ، كېيىنچە باراخ ھاجىپ، ھەممد بۇر ئەمىر بولغان. گاتۇدىن ئىراقتا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، باراخ ئۇنىڭ ئاساسلىق سەركەردىسى ۋە ئىسپاھاندىكى ئەسكەرلەرنىڭ باش قو-ماندانى بولغان. ئۇ كېيىنچە ئىراندىكى كېرمانىختا كېيىنكى قىتان خانلىقى (1224 ـ 1303) نى قۇرغان. باراخ كېرمانىختا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، موڭغۇللار-نىڭ ھۇجۇمىدىن پاناقاپ كەلگەن گاتۇدىننى ئۆلتۈرگەن ھەمدە خەلىپە يېنىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سۇلتان ئۇنۋانى بېرىشنى تەلەپ قى-لىدۇ. خەلىپە ئۇنىڭغا «قۇتلۇق سۇلتان» دېگەن ئۇنۋانىنى بەر-گەن. باراخ 1235 - يىل 7 ـ 8 - ئايلاردا ئۆلگەن. ئوغلى رۇقنادىن تەخت ۋارىسى بولغان. كېيىن رۇقنادىن موڭغۇللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. خانلىق تەختى قۇتبىدىننىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1258 - يىلى قۇتبىدىن ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى قاغاچ كىچىك بولغاچقا، ئۆگەي ئانىسى قۇتلۇق تۇرخان ھاكىمىيەت باشقۇرغان. قاغاچ قورامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆگەي ئانىسى بىلەن چىقىشالماي ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. تۇرخان ئۆلگەن-دىن كېيىن، ئوغلى سۇلتان جالالىدىن سۇرخاتمىش تەخت ۋارى-سى بولۇپ 9 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. كېيىن ئاچىسى پادىشاھ خاتۇن ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان. 1294 - يىلى پادىشاھ خاتۇنمۇ ئۆلتۈرۈلگەن. پېرسىيىدىكى خازانخان تەيىنلىگەن يېڭى ھۆكۈمران كېرمانىختا 8 يىل ھوقۇق تۇتقان⑰. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمران ئارانلا 2 يىل ھاكىمى-

يەت باشقۇرغان. شۇنىڭ بىلەن كېرمانىختا قۇرۇلغان كېيىنكى قىتان خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرقى ھېسابتا ئاياغلاشقان. غەربكە كۆچكەن قىتانلارغا كەلسەك، تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۇلار ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى يەرلىك خەلقلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ھازىر شۇ جايلاردا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. لېكىن قىتانلار قۇرغان ئىككى خانلىق، بولۇپمۇ ياللۇغ تاشىن قۇرغان غەربىي قىتان خانلىقى، مەيلى جۇڭگو تارىخى، جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخى ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا تارىخىدا بولسۇن، ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا بۇ خانلىقلارنىڭ پۈتكۈل تارىخى ۋە بۇ خانلىقلارنى قۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

### پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① جىڭ ئەي: «قىتانلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە قايسى قوۋمغا تەۋەلىكى مەسىلىسى»، «تارىخىي ماقالىلەر ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، 1984 - يىل 2 - سان. 31 - بەت.

② شۆ زۇڭجېڭ: «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش» (1 - قىسىم)، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىل 2 - سان، ئۇيغۇرچە، 192 - بەت.

③ بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى»، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ئىچكى ژۇرنال)، 1984 - يىل 7 - 8 - سان، 30 - بەت.

④ «ئوكيانۇس» (كىچىكلىتىلگەن نۇسخا)، خەنزۇچە، 646 - بەتتىكى قىتانلار ھەققىدىكى ئىزاھقا قاراڭ.

⑤ «ئوتتۇرا مەكتەپ تارىخ دەرسلىكىدىن كونسۇلتاتسىيە» خەنزۇچە، 67 - بەت.

⑥ يۇقىرىقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

⑦ فكوف: «قارا قىتان دۆلىتىنىڭ ھەربىي تەشكىلى»، «غەربىي شىمال

تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» ، 1984 ـ يىل 1 ـ سان، گېلڭ شىمىن، لۈلڭ تىنزۇڭ تەرجىمىسى، 122 ـ بەت.
⑧ جى زۇڭشەن: «ياللۇغ تاشىنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىكى سەۋەبلەر» ، «غەربىي ـ شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى» 1984 ـ يىل 4 ـ سان، 41 ـ بەت.
⑨ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 ـ قىسىم، ئۇيغۇرچە، 261 ـ بەت.
⑩ ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي تارىخىدىن تېزىس» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) ، 1983 ـ يىل 4 ـ سان 35 ـ بەت.
⑪ يەتتىسۇ رايونىنىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بەزىلەر ئالا تاغدىن غەربكە ئېقىپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان ئىلى دەرياسى، كۆكسۇ، قاراتال، ئاقسۇ، باشقان، سارقان، لەپشى (لىپسى) قاتارلىق يەتتىسۇ رايونىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىسا. يەنە بەزىلەر چىنجىلى، تىنتالڭ، چىماتتو، سىنكوتو، ئەرغەيتو قاتارلىق ئالا تاغنىڭ شىمالىدىن ئېقىپ چىقىپ ئالا كۆلگە قۇيۇلىدىغان ئېقىنلارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى داۋۇت سايىم تۈزگەن «غەربىي رايون مىللەتلەر تارىخىدىن ئىزاھلىق لۇغەت» نىڭ 447 ـ بېتىگە قاراڭ) .
⑫ گېلڭ شىمىن: «قاراخانىيلار تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ، 1982 ـ يىل 1 ـ سان، 78 ـ بەت.
⑬ 9 ـ ئىزاھ بىلەن ئوخشاش، 264 ـ بەتكە قاراڭ.
⑭ بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» ، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئۇيغۇرچە ئايلىق ئىچكى ژۇرنال، 1984ـ يىل 7ـ 8ـ سان، 38 ـ بەت.
⑮ خۇاڭ شېڭجاڭ: «مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى پامىر» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ، 1982 ـ يىل 2 ـ سان، 131ـ بەت.
⑯ مۇ شۇنيىڭ، ۋاڭ مىڭجېي: «شىنجاڭ قەدىمكى زامان مىللەتلىرىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە ئايلىق ئىچكى ژۇرنال) ، 1985 ـ يىل 7 ـ 8 ـ سان،

65 ـ بەت.

⑰ ۋاڭ جىلەي: «كېيىنكى لياۋ خانلىقى توغرىسىدا»، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى (ئۇيغۇرچە، 1ـ قىسىم)، 212ـ بەت.

# قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە دائىر بىر قىسىم تارىخىي مەلۇماتلار

قاڭقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار، تېلېلار، چىلېلار) ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر ۋە سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋم. ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قەبىلە، ئۇرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرقتە تۇغلا، ئورخۇن - سېلېنگا دەرياسى بويلىرىدىن غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاسپىي دېڭىزى قىرغاقلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا سۇ - ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ٧ ئەسىرلەردە كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن بېقىندۇرۇلغان. ئەمما ئۇلار كۆك تۈركلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئۇزاق مەزگىل كۈرەش قىلغان.

قاڭقىللارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن سىر - تاردۇشلار بىر قەدەر كۈچلۈك ئىككى قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم هالدا يەرلىك خانلىق قۇرغان. قاڭقىل قەبىلىلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆز ئىچىدىن بىرمۇنچە مەھەللىۋى تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ شىمالىي چۆللۈك ئەتراپىدىكىللەرى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن؛ بەزىلىرى (شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەتراپىدىكىلىرى) تۈركىي تىللىق قەبىلە - قوۋملارغا سىڭىشىپ كەتكەن.

مىلادى ٧ ئەسىردە تېلېلارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىدىن 100 مىڭدىن كۆپرەك كىشى سەردارى ئاپۇرغۇرنىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇل يايلىقى ۋە ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق، غەربكە - هازىرقى

تۇرپان ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، 487 ـ يىلى قاڭقىل خانلىقىنى بەرپا قىلغان. ئاپۇرغۇر ئۆزىنى چوڭ قاغان ـ «كۇلۇگۇ (ئۇلۇغ) قاغان» دەپ ئاتىغان، 491 ـ يىلى جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى پىشامشان، كىنگىت، قوجۇغا كېڭەيتكەن. بۇ خانلىق كېيىن 546 ـ يىلي تۇركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

قاڭقىللار ئىچىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەدرىجى قۇدرەت تېپىپ، Ⅷ ئەسىردە ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان.

تارىخنامىلەردە، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازما يادىكارلىقى ـ «24 تارىخ» (بەزىدە «25 تارىخ» دېيىلىدۇ) تا قاڭقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار، تېلېلار، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شۆزۇڭجېڭ يۇقىرىقى نامىلارنىڭ ھەممىسىنى دىل ‹تىل› دىن كەلگەن دەپ قارايدۇ) توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇمات قالدۇرۇلغان. تۆۋەندە «24 تارىخ» تىكى، جۈملىدىن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى قاڭقىللارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى (ئەسلى زاتى) ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىگە دائىر بىر قىسىم بايانلارنى تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

«قاڭقىللار قەدىمكى قىزىل دى (دىھار) لارنىڭ قېپقالغان قوۋمى. ئۇلار دەسلەپتە دىللار دەپ ئاتالغان، شىماللىقلار چېلېلار دەپ قارىغان، خەنزۇلار بولسا قاڭقىللار، دىڭلىڭلار دەپ ھېسابلىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ھونلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما بەزىدە ئازراق پەرقلىنىدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھونلارنىڭ جەددى ـ جەمەتىدىن دېيىلىدۇ. دى، ئۇن ئوغۇز (يۈەنخې)، خۇلۇي (قۇلۇي)، جېپى، ئوغۇز (فۇگۇ)، ئېتىكىن ناملىق ئۇرۇقلىرى بار. خەلق ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ھون تەڭرىقۇتىدىن ئىككى قىز تۇغۇلغانىكەن. ئۇلارنىڭ

تەققى ـ تۇرقى، چىرايى ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، ئەلدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئىلاھ دەپ قارايدىكەن. تەڭرىقۇت
مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ مۇشۇنداق قىزلىرىم تۇرسا، ئۇلارنى
قانداقسىگە ئادەملەرگە ياتلىق قىلاي؟ ئۇنى مەن تەڭرىگە بېرى-
مەن.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەمسىز
يەرگە بىر ئېگىز سۇپا ياسىتىپ، ئىككى قىزىنى سۇپا ئۈستىگە
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ: «ئۇلارنى تەڭرىقۇت ئۆزى كۆچۈرۈپ
كەتسۇن»، دەپتۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندە قىزلارنىڭ ئانىسى ئۇلارنى
ئەكەلمەكچى بولغاندا، تەڭرىقۇت: «بولمايدۇ، تەڭرى بىلەن ئا-
دەم ئوتتۇرىسىدىكى يول تېخى راۋانلاشمىدى»، دەپتۇ. يەنە بىر
يىل ئۆتكەندە بىر قېرى بۆرە كېلىپ كېچە ـ كۈندۈز ئېگىز سۇپا
ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھۇۋلاپتۇ ـ دە، ئېگىز سۇپىنىڭ ئاستىنى
كولاپ ئۆڭكۈر قىلىپ ئۇزاققىچە شۇ يەردىن كەتمەپتۇ. ئۇ قىز-
لارنىڭ كىچىكى: «ئاتام مېنى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قو-
يۇپ، تەڭرىگە بەرمەكچى بولغان، ئەمما ئەمدىلىكتە بۆرە كەلدى،
ئېھتىمال ئۇ تەڭرى ئەۋەتكەن ئىلاھ بولسا كېرەك»، دەپتۇ. ئۇنىڭ
ئاچىسى ھەيران بولۇپ: «ئۇ بىر ھايۋان تۇرسا ئۇنىڭ بىلەن
جۈپلەشسەڭ ئاتا ـ ئانىمىزغا نومۇس بولمامدۇ؟» دەپتۇ.
سىڭلىسى گەپكە قۇلاق سالماي، سۇپىدىن چۈشۈپ بۆرىدىن ئو-
غۇل تۇغۇپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ نەسلى كۆپىيىپ ئەل بولۇپتۇ.
شۇڭا ئۇلار بويىنى سوزۇپ ناخشا ـ قوشاق توۋلاشنى ياخشى
كۆرىدىكەن. ئاۋازىمۇ بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىغا ئوخشاپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئاستانىسىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان چوڭ سەردا-
رى يوق، ھەر قايسى قوۋملارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاقساقىلى بار.
ئۇلارنىڭ مىجەزى قوپال، قەبىھ، بىر قوۋمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى
قەبىلىداش، ئۇلار بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا،
ئۆز بولۇپ بىر ـ بىرىگە خەيرىخاھلىق قىلىدۇ. جەڭلەردە رىئايە
قىلىدىغان قائىدە ـ قانۇنى يوق، ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا ھۇجۇمغا

ئۆتىدۇ. بىر دەم ئالغا ئاتلانسا، بىر دەم جەڭدىن چىقىۋالىدۇ،
جەڭدە ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادە-
تى بويىچە، ئۇلار خالىغانچە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنى ئېغىر
ئالىدىغان، ئۆزىنى چەتكە تارتىدىغان يېرى يوق. ئۇلار بىر ئات،
بىر كالا بېرىپ ئۆيلۈنۈشنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. تويلىشىش
بېكىتىلگەندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ھارۋا تەييارلاپ ئاتلارنى
ئېغىلغا سولاپ، قىز تەرەپتىكىلەرنى ياخشى ئاتلارنى خالىغانچە
تاللىۋېلىشقا چاقىرىدۇ. ئاتنى ئىگەرلىمەيلا مىنىدۇ، ئاتنى ئې-
غىلدىن ئېلىپ چىققاندا، ئاتنىڭ ئىگىسى ئېغىلنىڭ سىرتىدا
تۇرۇپ ئاتنى شاپىلاقلاپ ئۈركۈتىدۇ، ئات مىنگەن كىشى يىقىل-
مىسا ئۇ ئاتنى ئالىدۇ، يىقىلىپ كەتسە ئۇ ئاتنى ئالماي باشقا
ئاتنى ئالىدۇ، شۇ تەرىقىدە بېكىتىلگەن سان توشقىچە ئاتنى
ئالىدۇ. ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئاشلىقى بولمايدۇ. ئۇلار ھاراق -
شاراپ ئىشلەپچىقارمايدۇ. قىز كۆچۈرىدىغان كۈنى ئەر - ئاياللار
قىمىز، پىشۇرۇلغان گۆشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئاندىن ئەر -
ئاياللار ئايرىۋېتىلىدۇ. خوجايىن (ساھىبخان) مېھمانلارنى كۈ-
تۈۋالىدۇ، ئۇلار تەبىقە دەرىجىسىگە قارىماي رېتى بويىچە ئورۇن
ئالىدۇ، ئۇلار چېدىرنىڭ ئالدىدا قالايمىقان ئۆم بولۇپ ئولتۇ-
رۇپ، كۈن بويى يەپ ئىچىدۇ، يەنە مېھمانلارنى قوندۇرۇپ
قالىدۇ. ئىككىنچى كۈنى قىزنى ئېلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئەر تەرەپتىكىلەرمۇ قىز ئائىلىسى يىلقىلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ
ياخشى ئاتلارنى ئېلىپ كېتىدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئاكا -
ئىنىلىرى ئۇ ئاتلارنى بېرىشكە كۆزى قىيمىسىمۇ، ھېچكىم بىر
نەرسە دېمەيدۇ. ئۇلار تۇل قېلىشنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ،
ئەمما تۇل ئاياللارنى بىچارە دەپ ئۇلارغا ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ مال - چارۋىلىرىنى ئەن - تامغىلىرىغا قاراپ پەرقلەن-
دۈرىدۇ. ئۇلار ئاتلارنى ئېغىلدىن دالىغا قويۇۋەتسىمۇ، ئاتلار
پاتپاراق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئادەتتە تازىلىققا دىققەت قىلمايدۇ،

گۈلدۈرمامىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەر قېتىم گۈلدۈرماما گۈلدۈر-
لىگەندە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ ۋە بۇ
يەرنى تاشلاپ باشقا جايغا يۆتكىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى كۈزدە
ئاتلار سەمرىگەندە يەنە ئارقا - ئارقىدىن گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەن
جايغا كېلىدۇ. ئۇ يەرگە قارا قوچقارنى كۆمۈپ ئوت ياقىدۇ.
قىلىچلىرىنى قېنىدىن چىقىرىشىدۇ، ئايال پىرىخون ئوتتۇرا تۇز-
لەڭلىكتىكىلەرنىڭ يىرگىنچلىك داغ - دۇغىلىرىنى چىقىرىش
مۇراسىمىدىكىگە ئوخشاش دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ، كۆپچى-
لىك سەپكە تىزىلىپ ئات چاپتۇرۇپ يۈز قېتىم ئايلانغاندىن
كېيىن توختايدۇ. ھەربىر كىشى بىر باغلامدىن سۆگەت چىۋىقىنى
ئېلىپ كېلىپ ئۇ يەرگە قاداپ، ئۇلارنى سۈت - قىمىز بىلەن
يۇيىدۇ. ئايالλار قوي ئۈستىخانلىرىنى تۇلۇمغا سېلىپ بېشىدا
كۆتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ چېچى، چېكە - چاچلىرى ئېرماش - چىر-
ماش چېگىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دەرپەردىلىك ھارۋىنىڭ پەردە-
سىگە ئوخشايدۇ، ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتا گۆر كولاپ سۇپا
ياسايدۇ، جەسەتنى گۆردە ئولتۇرغۇزۇپ ئىككى قولىنى كېرىپ
ساداق تارتقۇزۇپ، خەنجەر ئېسىپ قويىدۇ ھەمدە بېلىگە نەيزە
قىستۇرۇلىدۇ، ھالبۇكى تىرىك چاغدىكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن
ئۈستىنى ئوچۇق قويۇپ كۆممەيدۇ. چاقماق چاققاندا ئۆلگەنلەر
ياكى كېسەل بولغانلارغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىنىدۇ. ئامانلىق
بولسا ئىلاھلارغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزىدۇ. يۇڭى - تۈكلى-
رى ھەرخىل مال - چارۋىلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۆ-
ڭەكلىرىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق نەزىر - چىراغ قىلىدۇ. ئات
چاپتۇرۇپ كۆپ بولغاندا، نەچچە يۈز قېتىم ئايلىنىدۇ. ئەر -
ئايال، چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولىدۇ.
خاتىرجەم ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە كىشىلەر ناخشا - قوشاق
ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەزمە قىلىدۇ. ئادەم ئۆلگەن ئۆيدىكى-
لەر ھەسرەت بىلەن ئۈنلۈك يىغلىشىدۇ. ئۇلار سۇ - ئوتلاقنى

بويلاپ كۆچىدۇ، تېرىدىن كىيىم ـ كېچەك كىيىدۇ، گۆش يەيدۇ، جۇرجانلارغا ئوخشاش كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلارنى باقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقى چوڭ، شادىسى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

# موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي رولى

دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىدە ئۇيغۇرلار بەلگىلىك رول ئوينىغان. موڭغۇللار ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىستېلاسى داۋامىدا ئۇيغۇرلاردىن چىققان مەسلىھەتچى، ئۇستاز، مۆھۈرچى، مىرزا قاتارلىق قەلەم ئەمەلدارلىرىغا تايىنىپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي كۈچىگىمۇ تايانغان، خەنزۇچە، موڭغۇلچە يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق بىر تۈمەن ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ خارەزىمگە ۋە ئىراننىڭ نىشاپۇر شەھىرىگە قىلىنغان ھۇجۇمغا ئىشتىراك قىلغان.

XIII ئەسىردە ئۆتكەن پارس تارىخچىسى راشىددىنىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئۇيغۇرلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە ئىراننىڭ خوراسان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭگە قاتناشقان. 1227 ـ يىلى چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن نەۋرىسى ئوغوتاي تەخت ۋارىسى بولغان دەۋر (1229 ـ يىلدىن 1241 ـ يىلغىچە) دە، نېستورىيان دىنىدىكى ئۇيغۇر كوركوز موڭغۇللارنىڭ ئىراندىكى يەرلىك مەمۇرىي باش ئەمەلدارى بولغان، ئۇنىڭ ئوغلى بولسا ئىراق ۋە ئەزەربەيجاننى باشقۇرغان. فرانسىيە پادىشاھى موڭغۇللارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن ۋىلھېلىم. ج. رۇبىرۇكنىڭ 1253 ـ يىلى يازغان خاتىرىسىدە نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرنىڭ ئىراندىكى «مۇسۇلمان شەھەرلىرى» دە ئولتۇراقلاشقانلىقى قەيت قىلىنغان. راشىددىن يەنە 1000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئىرانغا

كېلىپ پوچتا ئالاقە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بايان قىلغان، سۈرىيەدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇللارنىڭ هولاكۇخانى قۇرغان ئېلخانىيلار دۆلىتىدە نېستورىيان دىنىدىكى مارياباللاخ ۋە راببان سائۇما ئىسىملىك ئىككى ئۇيغۇر ناهايىتى مۇهىم رول ئوينىغان. 1281 - يىلى مارياباللاخ نېستورىيان دىنىنىڭ چوڭ ئېپىسكوپلۇقىغا (باش ئۆلىمالىقىغا) تەيىنلەنگەن، سائۇما ئۇنىڭ مىرزا بېگى بولغان. 1287 - يىلىدىن 1288 - يىلىغىچە، سائۇما ئېلخانىيلار دۆلىتىنىڭ باش دىپلوماتىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە، جۈملىدىن كونىستانتىنپول، ئىستامبول، نافلىس، رىم، پارىژ، پورتۇ قاتارلىق شەهەرلەرگە بارغان. شەرقىي رىم ئېمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى ئاندىرو II ، فرانسىيە پادىشاهى فىلىپ IV ، ئەنگلىيە پادىشاهى ئىدۋاد II ۋە رىم پادىشاهى نېكولاي II قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بەزى رايونلار، بولۇپمۇ ئېلخانىيلار خانلىقىدا خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئېلخانىيلار خانلىقى ئۇيغۇر يېزىقىنى پارس يېزىقى بىلەن بىر قاتاردا دۆلەتنىڭ خەت - چەك ئالاقىسىدە ئىشلەتكەن، ئازغۇن ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدىكى موڭغۇل يېزىقىدا يېزىلغان دىپلوماتىيە خېتىنى (1289 - يىلىدىن 1290 - يىل ئارىلىقىدا) ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق فرانسىيە خان ئوردىسىغا تاپشۇرغان. بۇ خەت هازىر فرانسىيىنىڭ ئارخىپخانىسىدا ساقلانماقتا. پېرسىيە تارىخچىسى يازغان «تارىخىي جاهان كۇشاي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى») دېگەن كىتابتىمۇ، ئەينى چاغدا ئىرانىنىڭ شېئىر، داستانلىرى، ئىلىم - پەن، سەنئەتكە دائىر ئەسەرلىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقى زىكىر قىلىنغان. تارىخچى راشىددىن يەنە، ئېلخان خازانخان دەۋرىدە پۇقرالارنىڭ بەش ياشتىن باشلاپلا

ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىشى لازىملىقى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈل-
گەنلىكىنى بايان قىلغان. دېمەك، ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئېمپېرىيە-
سىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە سىياسىي، ھەر-
بىي، دىپلوماتىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن خېلى زور ھەسسە
قوشقان.
ئاخىرىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، موڭغۇللار-
نىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىق ئىستېلاسى ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرى-
غان بارلىق مىللەت - خەلقلەرگە زور بالايى - ئاپەت، بۇزغۇنچى-
لىقلارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئىمپېرىيە دائىرىسىدىكى خەلق-
لەرنىڭ ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سودىنى راۋاجلاندۇرۇش،
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى زور ئىجابىي
رول ئوينىغان.

# ساكلار ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى

ساكلار (سەكلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) غەربىي يۇرت (بۇگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى هازىرقى جۇمهۇرىيەتلەر) تارىخىغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن قەدىمكى خەلق. يېقىنقى يىللاردىن بويان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نىلقا ناهىيىسىدىن ساكلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ئائىت قەدىمكى مىس كان ئىزىنىڭ، باشقا جايلاردىن بىر تۈركۈم مىس قورال، مىس هەيكەل، قورچاقلارنىڭ تېپىلىشى يۇقىرىدىكى نۇقتىنى ماددىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ساكلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش شىنجاڭ تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇهىم تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ.

ساكلارنىڭ پائالىيىتىگە دائىر مەلۇماتلارنى، ئاساسەن، ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرى، ئىران ۋە يۇنان مەنبەلىرىدىن تېپىشقا بولىدۇ، مەسىلەن، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ئۇيسۇنلار بابى» دا: «ئۇيسۇن (ئاسىيانى) ئېلى··· شەرقتە هون، غەربىي شىمالدا كانگا (كاڭجۇ)، غەربتە پەرغانە (داۋەن) جەنۇبتا شەهەر دۆلەتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ، ئەسلىدە ساكلارنىڭ يېرى ئىدى. ئۇلۇغ توخرىلار (يۇرچىلەر، يۇرتچىلار) غەربتە ساك كاناگى (خانى) نى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ساك كاناگى كۆكئارت (پامىر) تىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلۇغ توخرىلار يۆتكىلىپ، غەربتە باكتېرىيە (داشا) گە بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيسۇن كۈنبىسى ئۇلارنىڭ زېمىنىدە ماكان تۇتتى. شۇڭا ئۇيسۇن ئېلىدە ساك قوۋمىمۇ، ئۇلۇغ توخرىلار قوۋمىمۇ ساقلىنىپ قالدى» دېيىل-

گەن. يەنە «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. كاپچا (كەشمىر) ئېلى بابى» دا: «بۇرۇن هونلار ئۇلۇغ توخرىلارنى مەغلۇپ قىلغان. ئۇلۇغ توخرىلار غەربكە بېرىپ باكتىرىيىدە دەۋران سۈردى. ساك كاناگى جەنۇبتا - كاپچادا دەۋران سۈرگەندىن باشلاپ ساك قوۋمى بۆلۈنۈپ كەتتى، ئۇلار بىر نەچچە ئەل قوردى. سۇللۇغ (قەشقەر) نىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېركەشتام، جۇەندۇ (بۇگۇنكى ئاقچى ناھىيىسى تەۋەسىدە) ئەللىرىنىڭ خەلقى ئەسلىدە ساك قوۋمىدىن ئىدى» دېيىلگەن.

بىز يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىن ساك قوۋمىنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئاساسەن، ئۇيسۇن دۆلىتىگە تەۋە بولغان هازىرقى موڭغۇلكۇرە، تېكەس، كۈنەس، توققۇزتارا، نىلقا قاتارلىق جايلار بىلەن قەدىمكى ئېركەشتام، جۇەندۇ دۆلەتلىرىگە تەۋە بولغان پامىر ۋە تاشقورغان ئەتراپىدىكى جايلاردا ماكانلاشقانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

قەدىمكى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پادشاھى دارىئۇس (دارا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 521 ـ 486 - يىللار) قاتارلىقلارنىڭ قەبرىگاھى جايلاشقان هازىرقى ئىراننىڭ شىراز ئۆلكىسىنىڭ نەخشى رۇستەم دېگەن يېرىدىكى دارىئۇسنىڭ قەبرە تېشىغا ساكلارنىڭ ئۈچ قىسمىغا، يەنى ساكا خائۇماۋارگالار (ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنى بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان ساكلار مەنىسىدە)، ئىككىنچى، ساكا تىگراخائۇدالار (ئۈچلۇق قالپاقلىق ساكلار مەنىسىدە) قاتارلىق ئۈچ قىسمىغا بۆلۈنگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ۋاڭ جىلەي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» دېگەن كىتابتا ساكا تىگراخائۇدالار قىرغىزىستان، جەنۇبىي قازاقىستان يايلاقلىرى، پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالى، جۈملىدىن تاشكەنت، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ، تالاس دەريالىرى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارقالغانلىقى ئېيتىلغان. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر

ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى شۆ زۇڭجېڭ تۈركلەر ساكلارنىڭ ماسساگېت قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇلار ئەسلىدە قارا دېڭىزنىڭ شەرقىي - شىمالى ۋە ئارال دېڭىزى-نىڭ غەربىگە ماكانلاشقان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە ئالېكساندېر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) شەرققە يۈ-رۈش قىلغاندا شەرققە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىردە موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىغا كەلگەن. پارسلار ساكا تىگراخائۇدا دەپ ئاتىغان قوۋملار بىلەن بۆرىنى تۇتېم قىلغان تېلې (دىل) قەبىلىلىرى ئارىسىدىن تۈركلەرنىڭ يادرو ئۇرۇقى ياكى خان جەمەت ئۇرۇقى - ئاشىنا ئۇرۇقى بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىراننىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان كېرمانشاھنىڭ شەر-قىدىكى بىخىستۇن قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان بى-خىستۇن ئابىدىسىدە: ساكلارنىڭ دۆلىتى «دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپى-دە، ئۇ يەردىكىلەر ئۇچلۇق قالپاق كىيىدۇ» دېگەن خاتىرىلەر بار. يۇنان تارىخچىسى ھېرودود ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئەسىرى — «تارىخ» تا: «پارسلار بارلىق سېكتېيئانلارنى ساكلار دەپ ئاتايدۇ، ... سېكتېيئانلارغا تەۋە ساكلار بىر خىل ئېگىز قالپاق كىيىدۇ، قالپىقى ھەم تىك، ھەم قاتتىق، ئۈستى تەرىپى ئۇچلۇق كېلىدۇ ... ئۆز ئېلىدە ياسالغان ئوقيا ۋە خەنجەردىن باشقا، ئۆزلىرى سانگارىس دەپ ئاتايدىغان جەڭ پالتىسى ئېسىۋا-لىدۇ» دەپ مەلۇمات قالدۇرغان. بىز بۇ خاتىرىلەردىن قەدىمكى پارسلارنىڭ ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا تەۋە جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قوۋملارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ساكلار دەپ ئاتىغانلىقىنى، يۇنانلىقلار ئېيتقان سېكتېيئانلار، ئەمەلىيەتتە، ساكلار ئىكەنلىكىنى، ئۇچلۇق قالپاق كىيىش - شەرقىي ساكلارنىڭ، يەنى تىگراخائۇدالارنىڭ كىيىم

- كېچەك جەھەتتىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەفراسىياپ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن تېپىلغان ئۇزۇن چاپان، ئۆتۈك، ئۇچلۇق قالپاق كىيگەن ئەرنىڭ ھەيكىلى، 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۇنەس ناھىيىسىدىكى 71 - تۇەن - مەيدان ئىشچىلىرى قۇرۇلۇش قىلىش داۋامىدا تېپىۋالغان مىستىن ياسالغان ئۇچلۇق قالپاقلىق لەشكەرنىڭ ھەيكىلى قاتارلىقلار ئىلگىرى بۇ جايلاردا ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋاڭ بىڭخۇانىڭ ئېيتىشىچە، كۆنەستىن تېپىلغان مىستىن ياسالغان لەشكەر ھەيكىلى قەددى - قامەتلىك، بېشىغا ئۇچلۇق ئېگىز قالپاق كىيگەن، ئىككى قولىدا شەمشەر تۇتۇپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىكەن. بۇ قىممەتلىك تارىخىي يادىكارلىقنىڭ تېپىلىشى ئەينى چاغدىكى ساكلارنىڭ رەڭگى - روھى ۋە كىيىنىش ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە، شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ساكلار مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر مۇنچە ئاسار ئەتىقە ۋە خارابە ئىزلىرىنى، يەنى نىلقا ناھىيە بازىرىغا يېقىن جايدىكى نۇراساي تېغىدىن قەدىمكى مىس كان ئىزىنى، كۆنەس، موڭغۇلكۈرەلەردىن ئۇستىگە ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەخسە، مىس داڭقان، مىس چىراغ، يۇمىلاق مىس ھالقا قاتارلىقلارنى تاپتى ۋە بۇلارنى تەتقىق قىلىپ دەسلەپكى ئۇنۇمگە ئېرىشتى. بىز يۇقىرىدىكى ماددىي بۇيۇملاردىن ساكلار ياشىغان مەزگىلدە شىنجاڭدا مىس تاۋلاش ۋە مىس قورال ياساش تېخنىكىسىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

چەت ئەل تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، غەربكە كۆچكەن ساكلارنىڭ بىر قىسمى شەرقىي قىسمىغا - سىستان (ئەسلىدە ساكىستان، يەنى ساكلار زېمىنى دەپ ئاتال-

غان) قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. يەنە بىر قىسمى بولسا، ئۇيسۇنلار ئىلى دەرياسى بويلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن تەدرىجىي ئۇلارغا سىڭىپ كەتكەن. «خەننامە» دىكى «ئۇيسۇنلار ئارىسىدا ساك قوۋمىدىكىلەرمۇ بار» دېگەن خاتىرە يۇقىرىدىكى قاراشنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئەنگلىيىلىك تارىخشۇناس راخۇلا ساكلار پادىشاھ ياكى سەردارنى مەغپۇر دەپ ئاتىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇ سۆز ئۇيغۇرلارنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى يېقىنقى زامان يازما يادىكارلىقلىرىدا، يەنى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخي ئەمىنىيە» دېگەن كىتابىدا كۆپ قوللىنىلغان.

40 ـ 50 ـ يىللاردا خوتەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىن بىر مۇنچە قەدىمكى ئۇدۇن (خوتەن) يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلغان، بەزى ئالىملار «قۇستانا (خوتەن، خانلىقىنى ساكلار قۇرغان» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ قاراشلارنى يازما يادىكارلىق، تېپىلغان ۋە تېپىلغۇسى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا دەلىللەپ، تەتقىق قىلىپ، توغرا، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن قەدىمكى دەۋردە ساك قوۋمى شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخي تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (خەنزۇچە).

②ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمكى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخي ئىزلىرى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 2 ـ سان)

③ ۋاڭ مىڭجېي: «ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 2 ـ سان، شۇ ساندىكى رەڭلىك قىستۇرما رەسىملەر).

④ «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى»، ئۈيسۈن قوۋمى ماددىسى، 1985 - يىل 2 - سان.

⑤شۆ زوڭجىڭ: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل 1 - سان).

⑥«ئوكيانوس» («سۆزلەر كانى»)، ساك قوۋمى ماددىسى.

# ياپپانلار ۋە ياپپان بەگلىكى توغرىسىدا

ياپپان (زابىندىرا) ھەم ئېلىمىزنىڭ ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە ياشىغان قەدىمكى خەلقنىڭ نامى، ھەم شۇ دەۋردە غەربىي يۇرت (ھازىرقى شىنجاڭ ۋە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى) دە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەگلىكنىڭ نامى. ياپپانلار ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ تەرەققىياتىغا، شۇنداقلا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدە ياپپانلار توغرىسىدا مەلۇمات بار. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ياپپانلار بابى» دا «(ياپپانلار) ئەسلىدە شىمالىي تەڭرىقۇت جىنخۇي قەبىلىسىدىن ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ چەۋەندازلار سەركەردىسى دۇ شيەن ئۇلارنى سۈرۈپ چىقارغاندا، شىمالىي تەڭرىقۇت تېغىدىن* ئۆتۈپ، غەربتىكى كانگىيە (سەمەرقەند) گە كەتتى، ئاجىز - ئورۇقلىرى كۈسەننىڭ شىمالىدا قالدى»، ياپپان بەگلىكى «ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى 10 مىڭ 930 چاقىرىم كېلىدۇ... زېمىنىنىڭ كەڭلىكى نەچچە مىڭ چاقىرىم، ئاھالىسى 200 نەچچە مىڭ، لياڭگۇلۇقلار ئۇلارنىڭ خانىنى ‹تەڭرىقۇت خان› دەپ ئاتايتتى . . . جەنۇبىي چېگرىسىدا يالقۇنتاغ بار، تاغ ئەتراپىدىكى تاشلار كۆيۈپ ئېرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇن نەچچە چاقىرىم يەرگىچە ئېقىپ كېلىپ قېتىپ قالغان، بۇ گۈڭگۈرت بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئېلىپ دورا ياسايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز بۇ مەلۇماتتىن ياپپانلارنىڭ

* جىنخۇي تېغى ـ ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى).

ئەسلى شىمالىي ھونلارنىڭ قوۋمى ئىكەنلىكىنى، شىمالىي ھونلار
ئىچكى زىددىيەت، تەبىئىي ئاپەت، خەن سۇلالىسى قوشۇنى ۋە
بويسۇندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ زەربىسىدىن غەربكە كۆچۈشكە
مەجبۇر بولغاندا، ئۇلارنىڭ ياشانغانلىرى، ئاجىزلىرى بىللە ما-
ئالماي كۆسەننىڭ شىمالىدا قېلىپ، ياپيان بەگلىكىنى قۇرغانلى-
قىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ياپيان بەگلىكى قۇرۇلغان چاغدا جۇرجانلار ئۇنىڭ ئۇچۇن
زور تەھدىت ئىدى. جۇرجانلار IV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا موڭ-
غۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان، ئۇلارنىڭ باش-
لىقى شالۇن جۇرجان قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن
كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، سېلېنگا دەرياسى بويلى-
رىدىكى ئېگىز قاڭقىل قەبىلىلىرى بىلەن ئىگىن دەرياسى ئەترا-
پىدىكى ھونلارنىڭ قېپقالغان قوۋمىنى (بايگىلارنى) بويسۇندۇ-
رۇپ، تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان. شالۇن ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ،
ئوغۇز ۋە كېيىنكى قاڭقىلنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇيسۇن زېمىنىغا
بېسىپ كىرگەن. ئۇ ئۆزىنى چىنوبا قاغان («دەسلەپكى پادىشاھ»
مەنىسىدە ـ ئا) دەپ ئاتىغان. «ۋېي سۇلالىسى تارىخى. جۇرجان-
لار ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسلانغاندا، ئۇ بەرپا قىلغان جۇرجان
خانلىقىنىڭ زېمىنى غەربتە كىنگىت (قاراشەھەر)، شەرقتە
چاۋشيەن، شىمالىدا قۇملۇق، چۆلخەي كۆلى، جەنۇبتا چوڭ
قۇملۇققىچە كېڭەيگەن، ئۇنىڭ ئوردىگاھى كۆپىنچە دۇنخۇاڭ،
جاڭيېنىڭ شىمالىدا قۇرۇلغان، كىچىك دۆلەتلەر جۇرجانلارنىڭ
تالان - تاراج قىلىشىدىن قورقۇپ، بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغان.
ئەينى چاغدىكى جۇرجانلار قۇرغان جۇرجان خانلىقىغا سېلىشتۇر-
غاندا، ياپيان بەگلىكىنىڭ كىچىك، ئاجىز بەگلىك ئىكەنلىكى
ئېنىق، شۇڭا ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان «كىچىك دۆلەتلەر»
قاتارىدا جۇرجانلاردىن ئەيمىنىشى تەبىئىي ئىدى. تارىخنامىلەردە
داتان جۇرجانلارغا قاغان بولغان چاغدا، ياپيان خانى سوۋغا -

سالام ئېلىپ جۇرجان خانلىقىغا بارغاندىن كېيىن، جۇرجانلارنىڭ يۈزىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇمايدىغانلىقى، تاماق يەپ بولغاندا قاچا - قۇچىلىرىنى ئاياللار تىلى بىلەن يالاپ يۇيىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياپپانلارنىڭ تازىلىققا رىئايە قىلىش ئادىتىگە زىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاچقا، ئاچچىقلانغان ھالدا «مەن نېمىشقا ئىتلار بەگلىكىگە بارىمەن» دەپ خانلىقىغا قايتىپ كەتكەنلىكى، داتان ئارقىدىن ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ يېتەلمىگەنلىكى ئېيتىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ياپپان بەگلىكى بىلەن جۇرجان خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلاشقان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەيخېڭ جېنجۇننىڭ 9 - يىلى (مىلادى 488 - يىلى) ياپپانلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇرجانلارغا بىرلىشىپ زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ھەربىي ئىتتىپاق تۈزگەن. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيۈۋ خانى خۇيىنەن ۋاڭى تويا باشچىلىقىدا قوشۇن چىقىرىپ شەرق تەرەپتىن، ياپپانلار قوشۇنى غەرب تەرەپتىن جۇرجانلارغا زەربە بەرگەن. «ۋېي سۇلالىسىنىڭ تارىخى. ياپپانلار ھەققىدە قىسسە» دە، يۇقىرىدىكى ۋەقەدىن كېيىن (ياپپان بەگلىكىنىڭ) ئۆلپان ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرغانلىقى ئېيتىلغان. ئەپسۇسكى، يۇقىرىدىكى مەلۇماتتا ياپپان بەگلىكىنىڭ قاچانغىچە ئەلچى، ئۆلپان ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن.

بەزى تارىخچىلار ياپپانلارنى شەرقىي جىن ۋە غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆيخۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. كۆيخۇلار قەدىمكى بىر قوۋمنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نامى جىن سۇلالىسىنىڭ تەيكاڭجۇڭ يىللىرى (280 ـ 289) دىكى ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن تارىخىي ماتېرىياللاردا تۇنجى قېتىم چېلىقىدۇ. تارىخ ساھەسىدىكىلەر كۆيخۇلارنى غەربكە كۆچكەن شىمالىي ھونلارنىڭ بىر تارمىقى، ئۇلار ئىسسىقكۆل بويلىرىدا ماكانلاشقان، دەپ ھېسابلايدۇ. تارىخچى چى سى-

خې بولسا ياپيان بەگلىكى كەم دېگەندە 70 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، كېيىن سىيانپىيلارنىڭ بېسىمى بىلەن كانگىيىگە كۆـ چۈپ كەتكەن، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ياپيان بەگلىكىنى كېيىنكى چاغلاردا جۇرجانلار ئۆزىگە قوشۇۋالغان، دەپ قارايدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى»، ياپيان، كۇەيخۇ ماددىسى، 17 ـ بەت.
2. «هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ ياۋروپادىكى پائالىيىتى»، «تارىخ تەتقىقاتى» 1977 ـ يىل 3 ـ سان.
3. يۇ تەيشەن: «جۇرجانلارنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 ـ يىل 4 ـ سان.
4. «ئوكيانۇس»، ياپيانلار ماددىسى.

# غەربىي قىتانلار ۋە ياللۇغ تاشىن

قىتانلار قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى لياۋشۇي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سىرامۇلۇن دەرياسى (قەدىمكى چاغلاردا خۇاڭشۇي دەرياسى دەپ ئاتالغان) بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىرى. X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلارنىڭ قەبىلە سەردارى ياللۇغ ئاباۋجى (يېلۇ ئاباۋجى) قىتان قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن ۋە قوشنا قەبىلە، خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ لياۋ (قىتان) خانلىقى (مىلادى 916 - يىلىدىن 1125 - يىلىغىچە) نى قۇرغان. بۇ خانلىقنىڭ تيەنزۇ خانى (مىلادى 1101 - يىلىدىن 1125 - يىلىغىچە) دەۋرىدە، بۇ خانلىققا تەۋە قەبىلە، خەلقلەرنىڭ خانلىققا بولغان قارشىلىقى كۈچەيگەن. ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى جىددىيلەشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇرجىتلار (مانجۇلارنىڭ ئەجدادى) لياۋ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي پايتەختى يەنجىڭنى ئىشغال قىلىۋالغان ۋە قىتانلارنىڭ خانى تيەنزۇنى ئەسىر ئالغان. بۇ مەزگىلدە قىتان خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ياللۇغ تاشىن (يېلۇ داشى) قىتانلارنىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ غەربكە كۆچكەن. غەربكە كۆچكەن بۇ قىتانلار تارىختا غەربىي قىتانلار، ئۇلار قۇرغان خانلىق غەربىي لياۋ (قارا قىتان) خانلىقى دەپ ئاتالغان. ياللۇغ تاشىن مىلادى 1087 يىلى تۇغۇلغان. ئۇ قىتان خانلىقىنىڭ تەيزۇ خانى ياللۇغ ئاباۋجىنىڭ 8 - ئەۋلاد نەۋرىسى بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ خېلى ياخشى تەربىيە ئالغان، خەنزۇچىنى پۇختا ئۆگەنگەن ۋە ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر بولۇپ يېتىشكەن. ھەربىي تاكتىكىنىمۇ خېلى پىششىق ئىگىلە-

گەن.

ياللۇغ تاشىن ئۆز قوۋمىنى باشلاپ، ئالدى بىلەن ئورخۇن دەرياسى ساھىلىدىكى قاتۇن شەھىرىگە، ئاندىن غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ، يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى قىرغىز رايونىغا بارغان. قىرغىزلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، غەربىي جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار بويلىرى) غا بارغان. ياللۇغ تاشىن بۇ جايدا قەبىلە سەردارلىرىنى يىغىپ، قۇرۇلتاي چاقىرىپ، كېيىنكى ھەرىكەت پىلانىنى مۇزاكىرە قىلغان ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ جەھەتتىكى ياردىمىگە ئېرىشكەن. ئۇ بەشبالىقتا بىر نەچچە يىل تۇرۇپ، قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئارقا سەپنى كۈچەيتىپ، پائالىيەت دائىرىسىنى ئىمىل دەرياسى بويلىرىغىچە كېڭەيتكەن ھەمدە ئۇ يەردە ئىمىل شەھىرىنى بىنا قىلدۇرغان. ياللۇغ تاشىن مىلادى 1132 ـ يىلىغىچە شەرقتە تۇلا دەرياسىدىن غەربتە ئىمىل دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى كونترول قىلىپ، غەربىي قىتان خانلىقىنى قۇرۇشقا ئاساس ياراتقان. ئۇ يېڭىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر ئىمىلدا مىلادى 1132 ـ يىل 2 ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خانلىق تەختىگە چىققان، يەرلىك خەلق ئۇنى «گورخان» («خانلارنىڭ خانى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. ئۇ خانلىق تەختىگە چىقىپلا، جەنۇبتا زېمىنىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان. ئۇ ئالدى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۇرۇشماي تۇرۇپ ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرۇۋالغان، ئاندىن تەڭرىتاغ (تيانشان) دىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بويلاپ قاراخانىيلارنىڭ زېمىنىغا يۈرۈش قىلغان. شەرقىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ ئارسلانخانى مەھمۇد ئىبنى ھەسەن باشچىلىقىدىكى قوشۇن قەشقەر ئەتراپىدا ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن. 1132 ـ يىلىدىكى بۇ ئۇرۇشتا غەربىي قىتان قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد تەخت ۋارىسى بولغان.

قارلۇقلار قاتقىللارغا تاقابىل تۇرۇشقا ماجالى يەتمىگەن ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد قاراخانىيلارنىڭ چېگرىسىغا يېقىن يەردە تۇرۇۋاتقان ياللۇغ تاشىندىن ياردەم سورىغان. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ياللۇغ تاشىن «ياردەم بېرىش» نىقابى بىلەن قوشۇن كىرگۈزۈپ، 1134 - يىلىنىڭ بېشىدا شەرقىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بالاساغۇننى بېسىۋېلىپ، ئۇنى غەربىي قىتان خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىۋالغان ھەمدە بۇ شەھەرنىڭ نامىنى قۇز ئوردۇ دەپ ئۆزگەرتكەن. ياللۇغ تاشىن يەنە ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەدنىڭ چوڭ خاقانلىق ئۇنۋانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇ-نىڭغا «ئىلىك ئى تۈركمېن» (تۈركمەنلەرنىڭ خانى) دېگەن كىچىك ئۇنۋاننى ۋە قەشقەر، خوتەن رايونىنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەرگە قەرەللىك ھالدا قىتان ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ، نازارەتنى كۈچەيتكەن.

ياللۇغ تاشىن 1137 - يىلى پەرغانىنى چىقىمسىزلا ئىشغال قىلغان ۋە داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەن. ئۇ خۇجەندتە غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانى مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەدنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلگەن. تارىخچى ئىبنى ئاسىر-نىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھىجرىيە 531 - يىلى (مىلادى 1137 - يىلى 5 ـ 6 - ئايلار) ئىككى تەرەپ قاتتىق جەڭ قىلغان. شۇ قېتىملىق جەڭدە قاراخانىيلار قوشۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، مەھمۇدخان سەمەرقەندكە قېچىپ كەتكەن. ياللۇغ تاشىن داۋام-لىق ئىلگىرىلەپ، مىلادى 1141 - يىلىنىڭ ئاخىردا خېلى چىقىم بىلەن سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغان. مەھمۇدخان دەسلەپ تېر-مىزغا، كېيىن خۇراسانغا قېچىپ كەتكەن. ياللۇغ تاشىن سەمەر-قەندنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ، غەربىي قىسىم قاراخانىيلارنى بەيئەت قىلىش شەرتى بىلەن ساقلاپ قالغان ھەمدە مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەدكە تابغاچخان دېگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا قويغان. ئۇنىڭ يېنىدا نازارەتچى

تۇرغۇزغان. ياللۇغ تاشىن يەنە ئۆزىنىڭ بىر سەركەردىسىنى تۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خارەزىمغا ئەۋەتكەن. بۇ قوشۇن خارەزىم شاھىنى گورخانغا سادىق بولۇش، ئولپان ـ سېلىق تاپشۇرۇش ھەققىدىكى شەرتكە كۆندۈرۈپ قايتىپ كەتكەن. ياللۇغ تاشىن سەمەرقەند ۋە كېرمانختا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، بالاساغۇنغا قايتقان.

ياللۇغ تاشىن مىلادى 1143 ـ يىلى ئۆلگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، غەربىي قىتان خانلىقى ئاستا ـ ئاستا زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

# جۇرجانلار ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتقا كۆرسەتكەن تەسىرى

جۇرجانلار (ئاۋار تۇركلىرى) ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە، يەنى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن دەرياسى بىلەن تولا دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان خەلق ئىدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار، مەسىلەن، «ۋېينامە» 103 - جىلد «جۇرجانلار تەزكىرىسى» دە: «جۇرجانلار شەرقىي غۇز (خۇ) لارغا تەۋە مىياۋ* لارنىڭ ئەۋلادلىرى» دېيىلگەن. جۇرجانلارنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «رۇرۇ» (蠕蠕) «رۇي رۇي» دەپ يېزىلغان. ياپونىيىلىك تارىخشۇناس بەينياۋكۇجى بۇ ناملار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ خەنزۇچە خەتلەرنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردە «ژوژېن» ياكى «ژوژو» دەپ ئوقۇلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

جۇرجانلار مىلادى V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى ئۈزلىرىنىڭ قەبىلە سەردارى شالۈن دەۋرىدە تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان. ئۇلار ئالدى بىلەن سېلىنگا دەرياسى بويلىرىدىكى ئېگىز قاڭقىل قەبىلىلىرىنى ۋە ئېگىس دەرياسى ئەتراپىدىكى ھونلارنىڭ يات قوۋمىنى بويسۇندۇرغان ھەمدە ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، غەربتە كىنگىت، شەرقتە چاۋشيەن، شىمالدا موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالى، جەنۇبتا موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئىشغال قىلغان. مىلادى 402 - يىلى شالۈن ئۈزىنى قاغان دەپ ئاتاپ، جۇرجان خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى رايونلارغا

* «ئوكيانۇس» تا: مىياۋ قەدىمكى خەلق (مىللەت) نامى. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار شۇن دەۋرىدە ھازىرقى گەنسۇدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىغا كۆچۈرۈلگەن، دەپ كۆرسىتىلگەن.

هوجوم قىلىپ، شەرقتە سەنشى، شەنشىنىڭ شىمالىدىكى جايلار-
نى، غەربتە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى جۈملىدىن ئۇي-
سۇنلارنىڭ قەدىمىي ماكانى بولغان ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى ئىش-
غال قىلغان. جۇرجان خانلىقى هازىرقى دۇنخۇاڭ ۋە جاڭيې
(گەنسۇ ئۆلكىسىدە) نىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا بارگاھ تەسىس
قىلغان. جۇرجانلار غەربىي لياڭ خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن
بولغان لى باۋنىڭ ئاغا ئىنىسى تاڭ چى، تاڭ خېلاردىن پايدىلى-
نىپ، ئىۋىرغول (قۇمۇل) رايونىنى ئىدارە قىلغان. جۇرجان
هۆكۈمرانلىرى ئۇلارنى ئىۋىرغولغا خان قىلىپ تەيىنلىگەن.
جۇرجانلار ئىۋىرغولنى تايانچ بازا قىلىپ، قوجۇ (تۇرپان) رايو-
نىنى تالىشىپ ئېگىز قاڭقىللار بىلەن كەسكىن جەڭ قىلغان ۋە
مىلادى 460 - يىلى، يەنى جۇرجانلارنىڭ ۋېنچىڭ خانى توباجۇڭ
دەۋرىگە كەلگەندە تۇرپان رايونىنى ئىشغال قىلغان. لېكىن ئېگىز
قاڭقىللار جۇرجانلارغا قارشى كۈرەشنى توختاتمىغان. ئۇلار كىنى-
گىتتىنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار-
غا كۆچۈپ بېرىپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. جۇرجانلار
تۇرپانلىق كەنباچۇنى تۇرپانغا قورچاق خان قىلغان بولسىمۇ،
كەنباچۇ ئېگىز قاڭقىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. بۇنداق
تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان.
«ۋېينامە. تاڭ خې تەرجىمىهالى» غا ئاساسلانغاندا، جۇر-
جانلارنىڭ ئىۋىرغولدىكى قورچاق خانى تاڭ چى جۇرجانلارنىڭ
زورلۇق - زومبۇلۇقى ۋە خورلىشىغا تاقەت قىلالماي، ۋېي خانلى-
قىغا بەيئەت قىلماقچى بولۇپ ئەلچى ئەۋەتكەن. بۇ ئىشتىن ۋاقىپ-
لانغان جۇرجان هۆكۈمرانلىرى قوشۇن ئەۋەتكەن. تاڭ چى قورال-
لىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر جەڭدە مەغلۇپ
بولۇپ ئۆلگەن. مىلادىيىنىڭ 439 - يىلى شىمالىي ۋېي خانلىقى
شىمالىي لياڭ خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، شىمالىي
لياڭ خانلىقىدىكى هۆكۈمران جەمەت - قۇتقۇ ئۇرۇقى (هون

قوۋمىدىن) دىكىلەرنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچكەن. ئۇلار قوجوغا كېلىپ ھاكىمىيەت قۇرغان. بۇ ھاكىمىيەت يىپەك يولىنى قامال قىلىۋالغان ۋە جەنۇبتىكى سۇڭ خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. بۇ ھال جۇرجان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زىتىغا تەگكەن. شۇڭا مىلادىيىنىڭ 460 - يىلى جۇرجان قوشۇنلىرى قوجوغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەگلىكىنى قورشىۋالغان.

جۇرجان خانلىقى بۆكخۇدۇ قاغان دەۋرىگە كەلگەندە زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەن. ئەسلىدە جۇرجانلارغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن تېلېلار قەبىلىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن. تېلېلارنىڭ ئاساسلىق بىر تەركىبى قىسمى - ئېگىز قاڭقىللار مىلادىيىنىڭ 487 - يىلى ئاۋۇزلۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى چۇڭچىنىڭ باشلامچىلىقىدا غەربتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئالدىنقى قاڭقىل بەگلىكىنىڭ غەربىي شىمالىغا بارغان. ئاۋۇزلۇ ئۆزىنى خان دەپ ئاتىغان، بەگلىكىدىكىلەر ئۇنى «كۆرلۇق بەگ» (ئۇلۇغ خان) دەپ ئاتالغان. ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ ئىدارە قىلغان، ئاۋۇزلۇ شىمالنى، چۇڭچى جەنۇبنى باشقۇرغان.

ئاۋۇزلۇ قۇرغان ھاكىمىيەت شەرقتە جۇرجانلارنىڭ، غەربتە ئېفتالىتلارنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن. ئېفتالىتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېگىز قاڭقىللار مەغلۇپ بولۇپ، چۇڭچى ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئوغلى مىتۇ ئەسىرگە ئېلىنغان، ئاۋۇزلۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. ئەمما ئېفتالىتلار جۇرجانلار بىلەن زېمىن تالىشىش ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، مىتۇنى يۆلەپ تەختكە چىقارغان. مىلادى 508 - يىلى مىتۇ ئېفتالىتلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، جۇرجانلار بىلەن ئىشىرغولدا ئۇرۇشقان بولسىمۇ مەغلۇپ بولغان. جۇرجان قوشۇنلىرى ئىشىرغولنىڭ شىمالىدىكى تاغنى ئىگىلىگەن. ئەمما جۇرجان قوشۇنى ۋېي خانلىقى قوشۇنىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ چېكىنگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېگىز قاڭقىللار جۇرجانلارغا زەربە بېرىپ، ئىشىر-

غولدا ئۇتاخان خاننى ئۆلتۈرگەن، لېكىن ئېگىز قاڭقىللار جۇر-
جانلارغا قارشى كۈرەشتە ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمى-
گەن. سىماگۇاڭ يازغان «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»
نىڭ 148 - جىلدىغا ئاساسلانغاندا، جۇرجانلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇ
قاغانى چىنۇ دەۋرىدە ئېگىز قاڭقىللاردىن ئىنتىقام ئالغان. مىلا-
دىيىنىڭ 516 - يىلى ئېگىز قاڭقىللارنى مەغلۇپ قىلىپ مىتۇنى
ئەسىر ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئېگىز قاڭقىللارنىڭ كۆپ قىسمى
ئەتراپتىكى جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئەمما بۇ ئۇرۇشلار جۇرجان خانلىقىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى
زور دەرىجىدە ئاجىزلاتقان. ئۇلارنىڭ قۇل قىلىشقا ئۇچرىغان
خەلقلىرىنىڭ كۈرەشلىرى داۋاملىشىپ تۇرغان. مىلادىيىنىڭ
552 - يىلى، ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇبىدا جۇرجانلارغا «تۆمۈرچى
قۇل» بولۇپ كەلگەن تۈركلەر قەبىلە سەردارى تۇمەن (ئون مىڭ
كىشىنىڭ باشلىقى مەنىسىدە) نىڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈر-
گەن، تۇمەن جۇرجان قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان،
جۇرجان خانى ئاناگاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان.
تۇمەن ئۆزىنى ئىلىگ قاغان دەپ ئاتىغان. ئاناگايدىن كېيىن،
ئۇنىڭ ئوغلى يەنرۇجىن، تاغىسى دىڭشۇزى قاتارلىقلار تۈرك
خانلىقى بىلەن بىر مەزگىلگىچە قارشىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار تۈركلەرنىڭ قاغانى ئىشىگ قاغان ۋە مۇقان قاغان دەۋرلىرى-
دە تەلتۆكۈس يوقىتىلغان. جۇرجانلارنىڭ قوۋمى تارىخىي تەرەق-
قىيات جەريانىدا تۈرك ۋە باشقا خەلقلەرگە تەدرىجىي قوشۇلۇپ
كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن چاۋشىيەندىن قاراشەھەرگىچە بولغان كەڭ
زېمىندا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن جۇرجانلار تارىخ سەھنىسىدىن
يوقالغان. ئۇلارنىڭ ئىزىنى باسقان تۈرك خانلىقى خانلىق تەختى-
نى ئۆتۈكەنگە يۆتكەپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغانغا قەدەر
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

# غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى قوۋم - ئېفتالىتلار

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى خەلق، قەبىلە، قوۋم، مىللەتلەر ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دائىم كۆچۈپ تۇرغان. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىرى بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولغان ئېفتالىتلار ھازىر تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرتتا خانلىق قۇرۇپ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن.

ئېفتالىتلار خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خۇا ( 滑 ) دەپ ئاتال-غان. ئۇلارنىڭ ئەسلى زاتى ھەققىدىكى كۆز قاراشلارمۇ بىردەك ئەمەس، بەزىلەر ئۇلارنى «قاڭقىللارنىڭ باشقا ئۇرۇقىدىن» دې-سە، بەزىلەر «توخرىلار ئۇرۇقىدىن» دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا «ھونلار بىلەن توخرىلارنىڭ قان ئارىلىششىدىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن» دەپ قارايدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئالتۇنتاغ ( ئالتاي تېغى ) نىڭ جەنۇبىدىن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە بولغان رايونلاردا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھونلار كۆ-چەيگەندە ھونلارغا بېقىنغان. مىلادى 126 - يىلى ئېفتالىتلار قەبىلە سەردارى باخۋانىڭ باشچىلىقىدا شىمالىي ھونلارنىڭ قۇيان خانى بىلەن ئۇرۇش قىلغان، باخۋا بۇ ئۇرۇشتا تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا بەگ دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئېفتالىتلار مىلادى Ⅳ ئەسىرگىچە جۇرجانلارغا بېقىنغان. جۇر-جانلارنىڭ زۇلمى ۋە تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن، مىلادى Ⅴ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېفتالىتلارنىڭ كۆپ قىسمى كىنگىت (قاراشەھەر) نىڭ شىمالىدىن چىقىپ ئىسسىقكۆلگە، سىر دەريا-

سىدىن ئۆتۈپ سوغدىياناغا بارغان، بۇ جايلاردا تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپ دۆلەت (خانلىق) قۇرغان. يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگلار بۇخارا ئەتراپىدىن ئېفتالىتلار قۇرغان دۆلەتنىڭ پايتەختىنى تاپتى. ئېفتالىت دۆلىتى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى تارىخىي خاتىرىلەردە تولۇق خاتىرىلەنمىگەن. ھىندىستاندىن تېپىلغان ئېفتالىت دۆلىتىنىڭ پۇلىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ بىر خانىنىڭ ئىسمى (تورمانىنىڭ ئوغلى) مىخىراكۇلا، يەنە بىر خانىنىڭ ئىسمى ئاخشۇنۋار ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. ياپونىيىلىك شايىشيۇلى ئەپەندى ئېفتالىتلار توخارىستاننى تايانچ بازا قىلغاندا راسا كۆچەيگەن، ئۇلارنىڭ چىرايى ھونلارغا ئانچە ئوخشىمايدۇ، ئاق ھونلارغا ئوخشايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئېفتالىتلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تەدرىجىي قۇدرەت تېپىشى پېرسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن تەھدىت ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن. ئېفتالىتلار دەسلەپتە پېرسىيە شاھى بەھرام بىلەن توقۇنۇشقان. بەھرام I (مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى — مانىنى ئۆلتۈرگەن) تەدبىرلىك پادىشاھ بولغاچقا، ئېفتالىتلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئۆزى يالغاندىن ئەزەربەيجان تەرەپكە ئوۋغا كەتكەندەك شەپە بېرىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە شەرقتىكى چېگرىسىغا مەخپىي قوشۇن توپلىغان. ئۇ ئېفتالىتلار بىلەن موف رايونىدىكى كۆرسىمېخاندا ئۇرۇش قىلغان. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بەھرامنىڭ قوشۇنى غەلىبە قازانغان، ئېفتالىت خانى ئۆلتۈرۈلگەن. بەھرامنىڭ قوشۇنى ئېفتالىت خانىنىڭ خوتۇنى ۋە نۇرغۇن مال - دۇنياسىنى ئولجا ئالغان ھەمدە ئېفتالىتلارنى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن ئېفتالىتلارنىڭ تەلىپى بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا پېرسىيىنىڭ پايدىسىغا سۈلھ تۈزۈلگەن.

مىلادىيىنىڭ 438 - يىلى بەھرام ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

ئوغلى يېستىزد (بەزى ماتېرىياللاردا يەزدىگىرد دېيىلگەن) مىلادىيىنىڭ 438 - يىلىدىن 457 - يىلىغىچە تەخت ۋارىسى بولغان. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىمۇ ئېفتالىتلار بىلەن دائىم ئۇرۇش قىلىپ تۇرغان. ھەر ئىككى تەرەپ بەزىدە غەلىبە قىلسا، بەزىدە مەغلۇپ بولغان. يېستىزدنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى پروئۇز، كىچىكىنىڭ خورمۇز ئىدى. قائىدە بويىچە پروئۇز تەخت ۋارىسىبولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، لېكىن ئاتىسى خورمۇزنى ياخشى كۆرگەچكە، پروئۇزنى چەت ئۆلكىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىۋەتكەن. مىلادىيىنىڭ 457 - يىلى يېستىزد ئۆلگەندىن كېيىن خورمۇز تەختكە چىققان. پروئۇز بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ ئېفتالىتلارغا بەيئەت قىلغان ۋە ئېفتالىتلارنىڭ خانى ئاخشۇنۋاردىن ئۈچ تۈمەن كىشىلىك قوشۇن ياردەم ئېلىپ، مىلادىيىنىڭ 459 - يىلى دۆلىتىگە قايتىپ ئۇكىسىدىن خانلىق تەختنى تارتىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئېفتالىتلار بىلەن پېرسىيە ۋاقتىنچە ئىناق ئۆتكەن. دەل مۇشۇ چاغدا ئېفتالىتلار قوشۇن تويلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ پېشاۋۇرنى مەركەز قىلىپ توخرىلار دۆلىتى ۋە باشقا كۇشانخان جەمەتلىرىنى يوقاتقان. مىكگوۋرېن ئەپەندى ئېفتالىتلار توخرىلارنى يوقاتقان ۋاقىت تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 465 - يىلى دېسە، خاتانى ليوتكى مىلادىيىنىڭ 470 - 480 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، دەپ قارايدۇ.

پروئۇز ئېفتالىتلارنىڭ زورلۇق - زۇمبۇلۇقىغا چىدىماي، مىلادىيىنىڭ 489 - يىلى باكتىرىيىدە ئاخشۇنۋارنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. ئۇ نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، يەر - زېمىن بېرىش بەدىلىگە ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغان. كېيىن پروئۇز ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىن ياردەم ئېلىپ، ئېفتالىتلار بىلەن 2 - قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، يەنە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ۋە 30

خىچىرلىق ئالتۇن - كۈمۈش بىرىشكە ۋەدە بەرگەن. بۇنى تۆلەپ بولغىچە ئوغلى كاۋادىخ (بەزى ماتېرىياللاردا كارادىخ دېيىلگەن) نى تۇرغاق (بارىمتاي) قىلىپ تۇرغۇزۇش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن. پروئۇز شەرتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن خەلقنى ئېخىمۇ قاتتىق تالان - تاراج قىلغان. ئۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، گورگان شەھىرىنى بازا قىلىپ ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۈچەيتىپ، يەنە ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئۇ ئىلگىرىلەپ موف رايونىغىچە بېسىپ كىرگەن. ئېفتالىتلار قوشۇنى ئۇلارنى ئالداپ ئۆزلىرىنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى دائىرىسىگە كىرگۈزگەندىن كېيىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا پروئۇزمۇ جېنىدىن جۇدا بولغان.

پروئۇز ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋولوگاسېس (484 ـ 488 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئېفتالىتلارغا بېقىنىپ، ئۇلارغا ئولپان تاپشۇرغان، كېيىنچە ئۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئولپان تاپشۇرالمىغاچقا، ئېفتالىتلار پروئۇزنىڭ ئوغلى كاۋادىخنى قويۇپ بېرىپ ئۇنى تەختكە چىقارغان. كاۋادىخ مىلادىيىنىڭ 488 ـ 531 - يىلىغىچە يەنى 43 يىل پېرسىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 503 ـ 513 - يىلىغىچە ئېفتالىتلار بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش بولغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنالمىغان، شۇڭا ئىككى تەرەپ مادارا قىلىشىپ، 25 يىلغىچە خېلى ئىناق ئۆتكەن. مۇشۇ مەزگىلدە ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى قاراشەھەرنىڭ غەربىي - شىمالىدىن بالقاش كۆلى، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى، سىر دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان رايونلارغىچە كېڭەيگەن. «سۇڭ يۇنىنىڭ سەپەر خاتىرىسى» دە، ئېفتالىتلارنىڭ كانگىيە (سەمەرقەند)، ئۇدۇن، شۇبۇل، پارفىيە ۋە 30 دىن ئارتۇق كىچىك بەگلىكنى بېقىندۇرغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن ئېفتالىتلارنىڭ تازا كۈچەيگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش-

قا بولىدۇ. كېيىن تۈركلەر قۇدرەت تېپىپ ئېفتالىتلار بىلەن قارشىلاشقان ۋە ئۇرۇشقان، مىلادىيىنىڭ 554 - يىلى تۈركلەر جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ئېفتالىتلارنىڭ كونا رەقىبى پېرسىيىگە قىز بېرىپ قۇدىلاشقان ھەمدە ھەربىي ئىتتىپاق تۈزگەن. كېيىن ئېفتالىت دۆلىتى تۈركلەر تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. بەزى ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ئېفتالىت دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئېفتالىتلارنىڭ بىر تۈركۈمى ھازىرقى ئافغانىستان ئەتراپلىرىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى جاي — دەھبىتتىن قېچىپ كۆكئارتتىن ئۆتۈپ سۇلى ئەتراپىغا كېلىپ ماكانلاشقان ۋە خەتنىچىلىكنى ۋاستە قىلىپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان، بەزىلەر باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن. شۇلاردىن سىيىت ئۇبۇل پەتتالى غازى (مىرات بەخشى ئاتا) يەتتە ئائىلىلىكنى باشلاپ ھىجرىيە 350 - يىللىرى (مىلادىيىنىڭ 960 - يىللىرى) ھازىرقى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق يېزىسىدىكى پايناپ دېگەن يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ھەر قايسى جايلارغا تارقالغان، ھازىر ئۇلاردىن 3000 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىكەن. لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئېفتالىت دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە دائىر ئەھۋاللار تارىخنامىلەردە ناھايىتى ئاز خاتىرىلەنگەچكە، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تارىخى، تىلى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «لياڭ سۇلالىسى تارىخى» 54 - جىلد.

② «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»

③ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1 - قىسىم، خەنزۇچە 135 - بەت.

④ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سۇ بېيخەي يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» (خەنزۇچە) ناملىق كىتابىنىڭ 72 - بېتىدە ئارخېئولوگلار سەمەرقەندنىڭ 65 كىلومېتىر غەربىي - جەنۇبىدىن، بۇخاراغا تەخمىنەن 35 كىلومېتىر كېلىدىغان پەنجىكەنتتىن شەھەر خارابە- سى ۋە تام رەسىملىرى تاپقانلىقى، بەزىلەر ئۇنى ئېفتالىت دۆلىتىنىڭ پايتەختى دەپ قارايدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. مەزكۇر كىتاب 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىن- غان.

⑤ شا يىشيۇڭ: «ئېفتالىتلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى»، «غەربىي - شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» (خەنزۇچە) 1986 - يىللىق 3 - سان، لىيۇ يىڭزېڭ تەرجىمىسى، 104 - بەت.

⑥ مۇتەللىپ سىدىق: «خانئېرىق (پايناپ)، تىكى قەدىمكى ئېفتالىتلار قوۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتقان تىل توغرىسىدا»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 125 -، 127 - بەتلەر.

# قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن غەربىي يۇرتلۇق بىر قىسىم سەنئەتكارلار

شىنجاڭ چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 10 - يىلى (مىلادىيىنىڭ 1884 - يىلى) رەسمىي ئۆلكە بولغانغا قەدەر مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئۇزاق دەۋرلەر داۋامىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان. ۋەھالەنكى، «غەربىي يۇرت» نىڭ دائىرىسى تار ۋە كەڭ ئىككى خىل مەنىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن، يەنە «غەربىي يۇرت» نىڭ تار مەنىسى بۈگۈنكى شىنجاڭنى كۆرسەتسە، كەڭ مەنىسى مۇڭغۇل يايلاقلىرى، بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى، ئافغانىستان، ھىندىستانلارنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىنى كۆرسەتكەن. بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان «غەربىي يۇرت» كەڭ مەنىدىكى «غەربىي يۇرت» نى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ياشىغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، باتۇرلۇقى، ئەمگەكچانلىقى، ئىجادكارلىقى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان.

مەن بۇ ماقالىدە، قەدىمكى زاماندا ياشىغان غەربىي يۇرتلۇق بىر قىسىم سەنئەتكارلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. داڭلىق رەسسام، ھەيكەلتىراش يى ليې

يى ليې چىن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا ياشىغان داڭلىق رەسسام، قاشتېشى ئويمىچىلىقىدا شۆھرەت قازانغان ھەيكەلتىراش، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 246 - يىل چىن شىخۇاڭ تەختكە چىققان دەسلەپكى چاغلاردا، يى ليې غەربىي يۇرتتىكى چيەن شياۋ بەگلىكىدىن چىن سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىغا رەسىم سىزىش، ھەيكەلتىراشلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇ چىن شىخۇاڭغا تۆرلۈك رەسىملەرنى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بەرگەن، ئۇ سىزغان سۇمرۇغ (ئەنقا) نىڭ رەسىمىدە، سۇمرۇغنىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتقان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن.

يى ليې يەنە قاشتېشىدىن نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنى ياسىغان. بۇ قاشتېشى ھايۋانلىرىنىڭ، ئۇچار قاناتلارنىڭ تۈكلىرى، پەيلىرى ئۆز ئەينى ئويۇپ چىقىرىلغان، بولۇپمۇ ئىككى قاشتېشى يولۋاس ئالاھىدە ماختاشقا سازاۋەر بولغان. ئويۇپ ياسالغان يىل، ئېيى يېزىلغان. ئەمما يى ليې ئۆزى سىزغان، ئويۇپ ياسىغان ھايۋانلارغا كۆز چىقارمىغان. كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، ئۇ: «كۆز چىقارسام ھايۋاناتلار ئۇچۇپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. چىن شىخۇاڭ بۇ گەپكە ئىشەنمەي باشقىلارغا يى ليې ئويۇپ ياسىغان ئىككى قاشتېشى يولۋاسقا كۆز چىقىرىشنى بۇيرىغان. ئويۇلمىغان يەردىن بۇ ئىككى قاشتېشى يولۋاس ئۇن كۈندىن كېيىن يوقاپ كېتىپتۇ. چىن شىخۇاڭ ئاختۇرۇپ تېپىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئىز - دېرىكى بولمىغان.

روشەنكى يى ليې ئويغان سەنئەت بۇيۇملىرى ھەيكەلتىراش-

لىقتا كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلىۋې-
لىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇچە كىتابلاردا يى لىي ئويغان
قاشتېشى يولۋاسنىڭ راست يولۋاسقا ئايلىنىپ ئوردىنى مالىمان
قىلغانلىقىغا دائىر ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانە، رىۋايەتلەر توقۇل-
غان.

يى لىي غەربىي يۇرتلۇق سەنئەتكارلار ئىچىدە خەنزۇچە كى-
تابلاردا تۇنجى قېتىم ئىسمى خاتىرىلەنگەن مەشھۇر سەنئەتكار
ھېسابلىنىدۇ.

## 2. مەشھۇر خەتتات كاسياپاماتانگا

كاسياپاماتانگا خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ يىللىرى (مىلادى-
يىنىڭ 58 ـ 71 - يىللىرى) دا غەربىي يۇرتتىكى سىندۇ
(ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى) دىن ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىككە بارغان مەشھۇر خەتتات. خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى خانى
(ليۇ جۇاڭ) يۇڭپىڭ يىللىرىدا سەي يىن قاتارلىقلارنى غەربىي
يۇرتتىكى ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا نومى ئەكېلىشكە ئەۋەتكەن،
سەي يىن قاتارلىقلار «42 جىلدلىق نوم» نى ئېلىپ، توخرىلار
ئېلىگە كەلگەندە، كاسياپاماتانگانى چىلقتۇرغان، ئۇلار كاسياپاتان-
گانىڭ ئالتۇن يارۇقنى، تارما (بۇددا قانۇنى) نى پۇختا بىلىدى-
غانلىقىنى ئۇقۇپ ئۇنى جۇڭگوغا تەكلىپ قىلغان. كاسياپاماتانگا
ئۇلار بىلەن بىللە نۇرغۇن رىيازەت چېكىپ يول يۈرۈپ مىلادىيە-
نىڭ 67 - يىلى لوياڭغا كەلگەن. كاسياپاماتانگا كىچىك چېغىدىلا
خەنزۇ يېزىقىنى پۇختا ئۆگەنگەن بولۇپ، لوياڭدا «42 جىلدلىق
نوم» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. كاسياپاماتانگا بۇ تەرجىمە
ئورگىنالنى لىشۇ ئۇسلۇبى بويىچە ناھايىتى چىرايلىق، كۆركەم
يازغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. شۇ چاغدا
كىشىلەر كاسياپاماتانگا تەرجىمە قىلىپ يازغان نومنى ناھايىتى

ئەتىۋارلاپ ساقلىغان. ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭغا «كۆجە كۆيدۇرۇپ تېۋىنغان» ، «42 جىلدلىق نوم» خۇڭلۇ ئىبادەتخانىسىغا قويۇل- غان. كاسياپاماتانگا قاتارلىقلار نوملارنى ئاتقا ئارتىپ لوياڭغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خۇڭلۇ ئىبادەتخانىسىنىڭ نامى «ئاق ئات (بەيما) ئىبادەتخانىسى» گە ئۆزگەرتىلگەن. كاسياپاماتانگامۇ ئا- شۇ ئاق ئات ئىبادەتخانىسىدا ۋاپات بولغان. ئۇ تەرجىمە قىلىپ يازغان «42 جىلدلىق نوم» سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە ساقلان- غان. كاسياپاماتانگانىڭ لىشۇ ئۇسلۇبىدىكى خەت يېزىش ئۇسلۇبى تەدرىجىي باشقىلارنى مەھلىيا قىلغان. ھەتتا ئۇلار ئۇنىڭ خەت يېزىش جەھەتتىكى ماھىرلىقىدىن ھەيران قېلىپ ئۇنى ئىلاھلاش- تۇرغان. كاسياپاماتانگا رەسىم سىزىشتىمۇ خېلى داڭ چىقارغان، ئۇ ئاق ئات ئىبادەتخانىسىدا خېلى كۆپ رەسىملەرنى سىزغان.

## 3. داڭلىق رەسسام، كۇيشۇناس - كاڭ شىن

كاڭ شىن شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىنىڭ 317 ـ 420 ـ يىللار) دە غەربىي يۇرتتىكى كانگا (سەمەرقەند) دىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ رەسىم سىزىشتا شۆھرەت قازان- غان رەسسام. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ يەنيۈەن «بۇ- رۇنقى داڭلىق رەسىملەر توغرىسىدا خاتىرە» دېگەن كىتابتا، «كاڭ شىن جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 23 داڭلىق رەسسامنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەن. كاڭ شىن رەسىم سىزىشتىن باشقا، خەتتاتلىقتىمۇ خېلى شۆھرەت قازانغان. ئۇ خەنزۇچە لىشۇ ئۇس- لۇبىدا خەت يېزىشتا كامالەتكە يېتىپلا قالماي، ساۋتى ئۇسلۇبى بويىچە خەت يېزىشتىمۇ باشقىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرغان.

ئۇ ساۋتى ئۇسلۇبى بويىچە خەت يازغۇچىلارنىڭ پىرى ۋاڭ شىجىنىڭ ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلىگەچكە، كاڭ شىن ئۆزى يازغان ھۆسىن خەتلەرنى ۋاڭ شىجىنىڭ جىيەنى بىلەن بىللە ۋاڭ

شىجى يازغان ھۆسنىخەت دەپ ساتقاندا ھېچكىم پەرق ئېتەلمىگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ھۆسنىخەت نەزەرىيىچىسى لى سىجىڭ «ھۆسنىخەت ئەسەرلىرىدىن خاتىرە» ناملىق كىتابىدا، كاڭ شىننى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق خەتتات سەي سىگۇي بىلەن بىر قاتارغا قويغان.

## 4. ئاتاقلىق ئاتا - بالا رەسسام ۋىسا ئىراسانگىرا ۋە ۋىسا باجىنا

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ يەنيۈەن «بۇرۇنقىلارنىڭ داڭلىق رەسىملىرى توغرىسىدا خاتىرە» دە: «ۋىسا ئىراساتكا ئۇدۇن (خوتەن) لۇق... ئۇنىڭ ئاتىسى ئاتاقلىق راھىب، ئۇلار بۇددا رەسىملىرىنى ۋە چەت يۇرتلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىشقا ناھايىتى ئۇستا، ئۇلارنىڭ ماھارىتى بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ۋىسا باجىنا كىچىك چاغلىرىدا ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، رەڭ تەڭشەش، بوياق بېرىش، ئۆلچەپ سىزىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان، كېيىنچە ئۆز ئالدىغا رەسىم سىزىدىغان بولغان. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ رەسساملىقتا شۆھرەت قازانغان. «بۇرۇنقىلارنىڭ داڭلىق رەسىملىرى توغرىسىدا خاتىرە» دە ئېيتىلىشىچە، ۋىسا باجىنا نۇرغۇن داڭلىق رەسىملەرنى سىزغان بولۇپ، ئۇلاردىن «چەت ئەلدىكى ئۈچ گۆھەر دەرەخ رەسىمى» قاتارلىق ئۈچ پارچە رەسىمى ساقلىنىپ قالغان.

ئىراسانگىرا ئاتىسى ۋىسا باجىنادىن رەسساملىقنى ئۆگىنىپ، كېيىنكى ئۆيلەر، ئېھرام، ئىبادەتخانىلاردا رەسىم سىزىپ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغان. ئەجدادلىرىنىڭ رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى بېيىتىش ئاساسىدا تاڭ

سۇلالىسى دەۋرىنىڭ سىزما رەسىمچىلىكىدە «ئويما - قويما (كۆپۈنكى) رەسىم سىزىش ئۇسۇلى» نى ئىجاد قىلىپ ئىلمىزنىڭ رەسىمچىلىك تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان. ۋىسا ئىرسانگىرا بىلەن ۋىسا باجىنا ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى چاڭئەن، لوياڭلاردا ئۆتكۈزۈپ، ئۆمۈر بويى دېگۈدەك رەسسامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، چاڭئەندىكى شاپائەت ئىبادەتخانىسى، شىنتاڭ ئىبادەتخانىسى، فىڭئېن ئىبادەتخانىسى، ئەنگو ئىبادەتخانىسى قاتارلىق مەشھۇر ئىبادەتخانىلاردا نۇرغۇن رەسىم سىزغان.

ۋىسا ئىراسانگىرانىڭ بەزى رەسىملىرى ھازىر چەت ئەللەردە ساقلىنىۋېتىپتۇ. شىۋېتسىيىدە 1956 - يىلى نەشر قىلىنغان «جۇڭگو رەسىملىرى» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ۋىسا ئىراسانگىرانىڭ بەزى رەسىملىرى ھېلىمۇ چەت ئەللەردە ساقلىنىۋېتىپتۇ. جاڭ گۇاڭفۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوبراز يارىتىش سەنئىتى» دېگەن كىتابىدىكى «ئىراسانگىرا بىلەن ۋىسا باجىنا» دېگەن ماقالىسىدە، چەت ئەللەردە ۋە جۇڭگودا چىققان ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئىراسانگىرانىڭ «غوز راھىبىنىڭ رەسىمى» ، «كۇسەنلىك ئۇسسۇلچى قىز رەسىمى» ، «ئەرش مۇئەككىلىنىڭ رەسىمى» قاتارلىق تۆت پارچە رەسىمى ئامېرىكىنىڭ بوستون شەھەرلىك گۈزەل سەنئەت سارىيىدا، بېلگىيىنىڭ پايتەختى بىريۇسسېلدىكى سىتۇراك ئەپەندى ۋە بىلۇنىسىن ئەپەندىلەردە ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا زور تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە چەت ئەللەردىمۇ نام - شۆھرەت قازانغان بۇ ئىككى ئاتاقلىق رەسسامنىڭ ھاياتىغا دائىر ماتېرىياللار تولىمۇ ئاز بولغاچقا، تا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ئېنىقلانمىدى.

## 5. ئۇيغۇر رەسسام بيەنزۇ

تارىخچى لى ياڭ «شىنجاڭ گېزىتى» (خەنزۇچە) نىڭ «جاھاننەما» بېتىگە بېسىلغان «ئۇيغۇر رەسسام بيەنزۇ ۋە ئۇنىڭ بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل رەسىمى» ناملىق ماقالىسىدە، بيەنزۇنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان ئاتاقلىق رەسسام ئىكەنلىكىنى تەھقىقلەشتۇرگەن.

بيەنزۇنىڭ ئەسلى ئىسمى جيۇ، تەخەللۇسى رۇشىڭ بولۇپ، گۇەننەندە ئەمەلدار بولغان. ئۇ گۈل - گىياھ، ئۇچار - قاناتلارنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا، ھۆسن خەتكە ئۇستا ئىدى. بيەنزۇنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن رەسىملىرى ئانچە جىق ئەمەس. ھازىرغىچە «بامبۇكزارلىقتىكى قىرغاۋۇل» ناملىق بىرلا ئەسىرى بار. بۇ رەسىم قەغەزگە سىزىلغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 118.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 9.6 سانتىمېتىركېلىدۇ، ئۇنىڭدا كۆل ياقىسىدىكى تاشقا قىرغاۋۇل، تاش ئەتراپىدىكى بامبۇك شاخلىرى يۇڭ قەلەم بىلەن قارا سىيادا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن سىزىلغان، رەسىمنىڭ ئاستىغا «بيەنزۇ سىزغان» دېگەن خەتلەر يېزىلغان.

بۇ رەسىمدىكى قىزىل قورساقلىق ئەركەك قىرغاۋۇلنىڭ سېرىق رەڭلىك تاجىسى بوينىغىچە سوزۇلغان، بوينىدىكى قوڭۇر رەڭلىك تۈكلىرى يۇپۇقىلا ئوخشايدۇ، قاناتلىرى ئاسادەن، قېنىق يېشىل رەڭدە بولۇپ، قارا سىزىقچىلىرى بار، قىرغاۋۇلنىڭ دۈمبە قىسمىنىڭ تۈكلىرى توم ھەم سېرىق رەڭدە، قۇيرۇقىنىڭ كۆپ قىسمى قارامتۇل بېغىر رەڭدە بولۇپ، سېرىق رەڭ بىلەن سىڭىشكەن جايىدا ئالا چىپار سىزىقچە شەكىللەنگەن؛ قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى تەدرىجىي قېنىق بېغىررەڭ قىلىپ، ئاستىنقى قىسمى پوكىنىدىن كېيىن بارغانسېرى توق قىزىل قىلىپ سى-

زىلغان، بۇنداق قىرغاۋۇل، ئادەتتە، يالغۇز ياكى جۇپتى بىلەن قىيا تاشلىقلاردا، ئېدىرلىقلاردا ياكى پاكار دەرەخلەر بىلەن باما بۇكزارلىقلاردا ياشايدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ قورۇلمىسىغا خېلى ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن، رەسىمنىڭ ئاساسىي قىسمىدا كۆل ياقىسىدىكى خېلى چوڭ بىر تاشنىڭ رەسىمى، ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە كىچىكرەك بىر تاشنىڭ رەسىمى بار، ئۇلارنىڭ ئاستى ـ ئۈستى بامبۇك شاخلىرى بىلەن يۆركىنىپ تۇرىدۇ، بۇنداق كۆرۈنۈش كىشىگە مۇقىملىق ھېسسىياتى ۋە جانلىقلىق بەخش ئېتىدۇ. بيەنزۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ رەسىمدە كۆل ياقىسىدىكى تاشقا قونغان قىرغاۋۇل خۇددى باشقا قۇشلارغا جور بولۇپ سايراۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن رەسىمدىكى تىنچ مۇھىت بىر مەھەللىك جۇشقۇنلۇققا ئىگە قىلىنغاندەك، جانلىق، جۇشقۇن مۇھىت يارىتىش مەقسىتىگە يېتىلگەن.

ئۇيغۇر رەسسام بيەنزۇنىڭ ھاياتىغا دائىر ئەھۋاللار ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ رەسىمىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى رەسسامچىلىقىنى بېيىتقانلىقىدا شەك يوق.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يەنە غەربىي يۇرتلۇق سەنئەتكارلار ئىچىدە، «مۇزىكا توغرىسىدا قىسقىچە بايان» («乐要») دېگەن كىتابنى يازغان خې تۈزېڭ، كۇسەنلىك مەشھۇر باربېت ماھىرى بەي مىڭدا بىلەن سۇلېلىق (قەشقەرلىك) فېي شېڭنۇ، ئۇدۇنلۇق بىلى چېلىش ماھىرى ۋىساچىڭ ۋە ئۇدۇنلۇق مۇزىكانت ۋىساجاڭ قاتارلىقلار؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلاردىن خەتتات ۋە رەسسام بايان بۇقاتېكىن، گۇل، قۇشلارنى سىزىشقا ماھىر بيەنلۇ، مەنزىرە، ئادەملەرنى سىزىشقا ماھىر دىگيېفۇ، 12 تال مىس تارلىق غوڭقا چېلىش ماھىرى راھىب لۇي لۇي، كۇي ئاھاڭدا كامالەتكە يەتكەن

تاڭ رىنزۇ سەنئەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

مۇئەللىپتىن: غەربىي يۇرتلۇق بەزى سەنئەتكارلارنىڭ ئىسمى خەنزۇچە خاتىرىلەنگەنلىكى، مىللىي يېزىقتىكى يادىكارلىقلار كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ ئەسلى ئىسمىنى ئاتاشقا مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسمى خەنزۇچە ئېلىندى.

# غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى بەزى
# چالغۇ ئەسۋابلىرى

بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلە-رى قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بولۇپ، كۇسەن، قوجو، سۇلې (قەشقەر)، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا ياشىغان خەل-قىمىز ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇشتەك ئەنئەنىسى بىلەن شۆھرەت قازانغان. شۇڭا غەربىي يۇرت ئەينى چاغدا ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ «ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ماكانى» دەپ ئاتالغان. ئەقىل پاراسەتلىك خەلقىمىز (غەربىي يۇرتلۇقلار) ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا جەھەتتىكى ئاجا-يىپ سەمەرىلىك ئىجادىيەتلىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان. غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىغا دائىر مەلۇماتلار خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ۋە قەدىمكى دەۋرلەردە ياسالغان مەدەنىيەت مۇزېيخانىلىرى - شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ تام رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈل-گەن. ئالايلۇق، كۇچا قىزىل مىڭئۆيىدىكى، قۇمتۇرا مىڭئۆيىدى-كى «ئەرشتىكى نەغمە - ناۋا تەسۋىرى» تام رەسىملىرىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ھەر خىل سازلارنى چېلىپ نەغمە قىلىشىۋاتقان كۆ-سەنلىكلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى، پىپا، بالىمان، غوڭقا، سوناي، نەي (يالغۇزەك)، ناغرا، دۇمباق، قالۇن، چاڭ، راۋاب، جەللە (ئوتتۇرىسىغا تېرە كېرىلگەن مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ) قاتارلىق 15 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئەرشتە ئۈزلۈكسىز چېلى-نىۋاتقانلىقى تېپىكلەشتۈرۈلگەن. قىزىل قاغا مىڭئۆيىدىكى تام

رەسىملىرىدە بالىمان، غوڭقا قاتارلىق سازلارنى چېلىپ ئەرشتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ھۆر - پەرىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ماددىي ياكىتلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يۈك-سەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

شىنجاڭنىڭ بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئالايلۇق، پىپا، نەي، بۇرغا، غوڭقا، بىلى، داپ - دۇمباق قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئارقا - ئارقىدىن تارقال-غان. تۆۋەندە بۇ چالغۇ ئەسۋابلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. پىپا (باربىت)

خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خەلقىمىز قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كۇسەن مۇزىكىسىنى، قۇجۇ مۇزىكىسىنى، سۇللۇغ مۇزىكىسىنى، ئۇدۇن مۇزىكىسىنى؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋ-رىدە ئىپۇرغۇل مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ تەسىرى ئەڭ زور بولغان. تارىخىي كىتاب-لاردا كۇسەن مۇزىكىسىنى ئادەتتە 14 ـ 17 مۇزىكانت ئورۇنداي-دىغانلىقىنى، پىپا كۇسەن مۇزىكىسىدىكى ئاساسلىق چالغۇ ئەس-ۋابى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى بىلەن پىپا ئېلىمىزنىڭ مۇھىم، ئاساس-لىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ كۇچالىق ئاتاقلىق پىپا ماھىرى ۋە كۇيشۇناس سۇجۇپ مىلادىيەنىڭ 577 - يىلى چاڭئەن (شىئەن) گە بېرىپ كۇسەن چالغۇ ئەسۋاب-لىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تونۇشتۇرغان ۋە مۇزىكا ساھەسىدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۇرۇپ يۇكسەك دەرىجىدە ئېتىۋارلانغان.

پىپانىڭ غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بار. مەسىلەن، «سۇينامە. مۇزىكا تەز-

كىرىسى» دە: «پىپا ( 琵琶 ) غەربىي يۇرتتىن تارالغان، ئۇ خۇاشيا ( ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ) نىڭ كونا چالغۇ ئەسۋابى ئەمەس» دېيىلگەن. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇشى «نامىلارنى چۈشەندۈرۈش» ( « 释名 » ) ناملىق كىتابىدا: «پىپا ئەسلىدە غۇز (ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى مىللەت ـ قوۋملارنى كۆرسىتىدۇ) لاردىن تارقالغان، ئات ئۈستىدە چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى» دەپ كۆرسەتكەن. پىپا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىشقا باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئومۇملاشقان، ھەتتا شەرقتە ياپونىيىگە تارقىلىپ ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. تەتقىقاتچىلار كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىكى پىپالارنىڭ پەرقىنى تېپىپ چىقىپ ئۇلارنى مۇنداق تۆت خىلغا ئايرىغان:

1. تۈز دەستىلىك، بەش تارلىق پىپا 直颈五弦琵琶 ·
2. تۈز دەستىلىك، تۆت تارلىق پىپا 直颈四弦琵琶 ·
3. ئەگرى دەستىلىك، تۆت تارلىق پىپا 曲颈四弦琵琶 ·
4. ئەگرى دەستىلىك بەش تارلىق پىپا 曲颈四弦琵琶 ·

بۇ خىل ئايرىشتا، ئاساسلىقى پىپانىڭ تارىسى ۋە دەستىسىنىڭ پەرقىلا كۆزدە تۇتۇلغان. پىپالارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، ئىشلەتكەن ماتېرىيال قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئالغاندا، تېخىمۇ كۆپ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

بەش تارلىق پىپا كۇسەننىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. كۇچا قىزىل مىڭئۆيىدىكى ۋە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرىدە بەش تارلىق پىپاغا دائىر كۆرۈنۈشلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مىلادى V ـ VI ئەسىرلەردە بەش تارلىق پىپا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارالغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنى ئانچە چالمايدىغان بولۇپ قالغان. «ئومۇمىي قائىدە. يوسۇنلار» ( « 通典 » ،

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان 200 جىلدلىق داڭلىق ئەسەر-
لەر) دە: «بەش تارلىق پىپا كىچىكرەك چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ،
ئۇ شىمالىي ئەل (北国) دىن تارالغان» دەپ قەيت قىلىنغان.
باشقا تارىخى ماتېرىياللاردا «شىمالىي ئەل» نىڭ كونكرېت جۇغ-
راپىيىلىك جايلاشقان ئورنى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، خەنزۇچە
تارىخنامىلەردە بايان قىلىنغان لۈي گۇاڭ مىلادىيىنىڭ 382 -
يىلى كۇسەنگە يۈرۈش قىلىپ قايتىشىدا مەشھۇر بۇددا ئالىمى
كۇمراجىۋا (344 - 413) نى ۋە كۇچا مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى
ئېلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار، غەربىي يۇرتلۇق
مەشھۇر مۇزىكانتلاردىن ساۋزېنۇ، ساۋمىيادا، باھارى ماندا (بەي
مىڭدا)، سۇجۇپ، فىي شېنفۇ قاتارلىقلارنىڭ بەش تارلىق پىپانى
ئېلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار
«شىمالىي ئەل» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ غەربىي شىمالىغا
جايلاشقان غەربىي يۇرتنى كۆرسىتىدۇ دەپ خۇلاسە چىقىرىشىمىز-
غا كۈچلۈك ئاساستۇر. «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مۇھىم خاتى-
رىلەر» (« 唐会要 ») دېگەن كىتابنىڭ 33 - جىلدىدا،
قەشقەرلىك پىپا ماھىرى فېي شېنفۇ پىپانى دەسلەپتە زەخمەك
بىلەن، كېيىن پەي ياكى قولدا چالغانلىقى زىكىر قىلىنغان.
پىپانى قولدا چېلىش قەدىمكى مۇزىكا تەرەققىياتىدىكى ئىجادىيەت
بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن پىپا يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە
بولغان.

جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى، سۇي، تاڭ سۇلالى-
لىرى دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا پىپاغا ئادەتتە پىششىقلاپ
ئىشلەنگەن يىپەك تار ئىشلىتىلگەن. لېكىن بەزىلەر پىپاغا كىرىچ
تار، تۇرنا سىڭىرىدىن ئىشلەنگەن تار، كالۋۇتۇن تار (زەرىپ
تار) نى ئىشلەتكەن. ئالايلۇق، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن
دۇەن ئەنجىبېنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» دە: «كەي-
يۈەن يىللىرىدا خېي خۇەيجى ئىسىملىك بىر مۇزىكانت بولۇپ،

ئۇنىڭ چالغۇ ئەسۋابىنىڭ قورسىقى تاشتىن ياسالغانىدى، ئۇ تۇرنا سىڭىرنى تار قىلغان، چالغۇ ئەسۋابنى تۆمۈر زەخمەك بىلەن چالاتتى» دېيىلگەن. سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋۇ سىيڭ يازغان «نىڭگەيجى خاتىرىسى» دە: «فىڭ داۋنىڭ ئوغلى پىپا چالالايتتى، شىز ۇڭ خان ئۇنىڭغا پىپا چالدۇرۇپ، ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ، پىپاغا قەدىمكىلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە كىرىچ تارنىلا ئىشلىتەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

غەربىي يۇرتلۇقلار دەسلەپتە پىپاغا تېرە، ھايۋاناتلارنىڭ سىڭىر ياكى ئۆچەيلىرىدىن ئىشلەنگەن تارلارنى ئىشلەتكەن. لېكىن بۇ خىل تارنىڭ تەكشى قىلىپ ئىشلەش تەس بولۇش، ھاۋا تۇتۇلغاندا، يامغۇر ياغقاندا ئوڭاي نەم تارتىپ قېلىپ ئاۋاز سۇپەتىگە تەسىر يېتىپ قېلىشتەك يېتەرسىزلىكلىرى بار ئىدى. يىپەك تارنىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىغا، جۈملىدىن پىپاغا كىرىچ ۋە سىڭىر تارلارنى ئىشلىتىش پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پىپا چېلىش ناھايىتى ئومۇملاشقان ۋە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئوردا - قەسىرلەردە، قاۋاقخانا - چايخانىلاردا، ھەممىلا جايدا پىپا ئاۋازى ياڭراپ تۇرغان. جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر تۈركۈم پىپا ماھىرلىرى يېتىشىپ چىققان. ئالايلۇق، سۇجۇپ، باھارى ماندا، فېي شېنفۇ، كاڭ كۇنلۇن، ساۋ فامىلىلىك ئۈچ ئەۋلاد پىپا ماھىرلىرى: ساۋ باۋ، ئۇنىڭ ئوغلى ساۋ شىيەنسەي سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ شۆھرەت قازانغان مۇزىكانتلاردۇر. بۇ ئاز سانلىق مىللەت مۇزىكانتلىرى ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

## 2 . نەي

تارىختىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، نەي شىمالىي دىلارنىڭ (دى. ھار) نىڭ بىر قوۋمى ـ چياڭ (چان) چارۋىچىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتى جەريانىدا ئىجاد قىلغان چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارالغان. قەدىمكى دەۋردە كىشىلەر نەينى چياڭ قوۋمى ئىجاد قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى «چياڭ نېيى» ( 羌笛 ) دەپ ئاتىغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، چياڭلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقلىرى ۋە كۆكئارت ئېگىزلىكى قاتارلىق جايلاردا ماكانلاشقانلىقى قەيت قىلىنغان. رۇچياڭ ( 若羌 ) دېگەن نام ھازىرمۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ما رۇڭ «ئۇزۇن نەي توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «بۈگۈنكى قوش نەي چياڭ قوۋمىدىن تارالغان» دەپ يازغان. چياڭ قوۋملىرى ياشىغان جايلاردا بامبۇك بولمىغاچقا، ئۇلار قوي، قوش سۆڭەكلىرىدىن نەي ياساپ چالغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا مارالبېشىدىكى توققۇز سارايدىن تېپىلغان سۆڭەكتىن ياسالغان ئۈچ تۆشۈكلۈك نەي بار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نەي ياساش تېخنىكىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، تۆشۈككە لېپىر (پەردە) يېپىشتۇرۇلغان نەي بارلىققا كەلدى ۋە ئۇ شەرققە ـ چاۋشيەن، ياپونىيىلەرگە تارالدى.

خەنۇۋدى زامانىسىدا ياشىغان ئاتاقلىق مۇزىكانت لى يەننيەن جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن مۇزىكىلارغا ئاساسەن 28 كۇي ئىجاد قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ كۇيلەردىن نەي بىلەن ئورۇندىلىدىغان «گۇەنشەن تېغىدىكى ئاي»، «مېيخۇا گۈلى تۆكۈلگەندە» دېگەن ئىككى كۇي ساقلى-

نىپ قالغان. پەننىڭ خانى لى موزىڭ كۆسەنلىك نەيچىنى ئۇستاز تۇتۇپ كامالەتكە يەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنزۇڭ خانى ئۇ-نىڭغا «نەيچىلەرنىڭ پىرى» دەپ نام بەرگەن.

نەي قەدىمكى زاماندا ھەم قامچا ھەم چالغۇ ئەسۋابى ئورنىدا ئىشلىتىلگەچكە، كىشىلەر ئۇنى نەي قامچا ( 吹鞭 ) دەپمۇ ئاتىغان. لى شيەن ما رۇئەننىڭ «ئۇزۇن نەي توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدىكى بىر سۆزنى «نەينى قامچا دەستىسى قىلغانلىقتىن ئېلىپ يۈرمەك ئاسان بولدى» دەپ ئىزاھلىغان.

قوي، قۇش سۆڭەكلىرىنىڭ ئورنىغا بامبۇكتىن نەي ياساش ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، بامبۇكنىڭ ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، تۆشۈكى كۆپ ۋە لېپىر يېپىشتۇرۇلغان نەيلەر ياسالدى، نەينىڭ ئاۋاز سۈپىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. ھەر قانداق شەيئىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئوخشاش نەيمۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە تەرەققىي قىلدى. چياڭلارنىڭ نېيى دەسلەپتە ئۈچ تۆشۈكلۈك، كېيىن بەش تۆشۈكلۈك بولغان. كۆچمىنلەرنىڭ تام رەسىملىرىدە يەتتە تۆشۈكلۈك نەينىڭ بولۇشى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ نەي تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنزۇڭ خانى قاشتېشى نەي بىلەن چېلىنغان كۈينى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلىغان.

## 3 . غوڭقا

غوڭقا خەنزۇچە كىتابلاردا دەسلەپتە «كەنخۇ» ( 坎候 )، كېيىنچە «كۇڭخۇ» ( 箜篌 ) دەپ يېزىلغان. «سۇي سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە: «بۇگۇنكى ئەگرى دەستىلىك پىپا، تىك غوڭقا غەربىي يۇرتتىن تارالغان، ئۇلار خۇاشيا (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) نىڭ كونا چالغۇ ئەسۋابى ئەمەس» دېيىلگەن. «ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار» دا: «تىك غوڭقا غوز (غەربىي

يۇرتلۇقلارنى دېمەكچى) لارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى، ئۇ پىيادىن كى-
چىك، 23 تارىسى بار، دەستىسى ئەگرى، تىك، ئۇزۇن، چې-
كىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مەلۇمات-
لار تىك غوڭقا غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلى-
قىنى ئىسپاتلايدۇ.
شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تىك غوڭقا يىپەك يولىدىكى
سودىگەرلەرنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرى-
سىدا قاتناپ سودا قىلىشى ئارقىلىق ئىچكىرىگە تارقالغان.
سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە تىك غوڭقا كۇسەن مۇزىكىسى،
سۇلې (سۇللۇغ) مۇزىكىسى، قۇجۇ مۇزىكىسى ۋە گاۋلى (چاۋشى-
يەن) مۇزىكىسىنى ئورۇنداشتا چېلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرى-
دە غوڭقا ياپونىيىگە تارقالغان. ھازىر ياپونىيىدىكى بىر مۇزېيدا
تاڭ دەۋرىدىكى ئىككى غوڭقا ساقلانماقتا.
غوڭقا سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە چېلىنغان،
مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاز چېلىنىدىغان بولۇپ قالغان. يېقىنقى
300 يىلدا غوڭقا ئىستېمالدىن قېلىپ ئىزناسى يوقاپ كەتكەن.
يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تەتقىقاتى
ساھەسىدىكى ئىلمىي خادىملار تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن
قەدىمكى مىللىي چالغۇ ئەسۋابى ـ غوڭقىنى قايتا ياساپ چىققان.
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يېڭى ياسالغان غوڭقىنىڭ ئىككى قۇر
تارىسى، ھەر بىر قۇردا 44 تار بار ئىكەن.

## 4. بىلى

بىلى (بالىمان، 筚篥 ) كۇسەن (بۈگۈنكى كۇچا ۋە ئۇنىڭغا
يېقىن رايونلار) دىكى ئەمگەكچى خەلق ئىجاد قىلغان بىر خىل
نوكەشلىك چالغۇ ئەسۋابى. بىلى دېگەن نام قەدىمكى كۇسەن
تىلىدىن خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئۆزلىشىپ قالغان.

بىلى - ئېلىمىزدە 2000 يىلدىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان چالغۇ ئەسۋابىدۇر. ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردە ھېلىمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان گۈەنزى دېگەن چالغۇ ئەسۋابى سەككىز تۆشۈكلۈك ۋە توققۇز تۆشۈكلۈك ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى كۇسەن چالغۇ ئەسۋابى - بىلىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇەن ئەنجيې «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» دە: «بىلى - كۇسەنىنىڭ چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ، چورى تۈرىگە كىرىدۇ» دەپ يازغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇيۇ «ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار» دا: «بىلى ئەسلى كۇسەنىنىڭ چالغۇ ئەسۋابى، ئۇ بامبۇكنى نەيچە، قومۇشنى باش قىلىپ ياسىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لى چى «ئەن ۋەنشيەنىنىڭ بىلى كۈيىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن» ناملىق شېئىرىدا: «جەنۇبىي تاغدىن بامبۇك كېسىپ ياسىدى بىلى، بۇ چالغۇ ئەسلىدە كۇسەنىنىڭ ئىدى. تارالدى بىلى كۈيلىرى خەن دىيارىغا، چېلىپ بېرەتتى ئۇنى لياڭجۇلۇق غۇزلار» دەپ يازغان. خەنزۇچىسى:

南山截竹为筚篥，
此乐本自龟兹出
流传汉地曲传奇
凉州胡人为我吹。

يۇقىرىقى مەلۇماتلار بىلىنىڭ كۇسەنلىكلەر ئىجاد قىلغان چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىلى دەسلەپتە قوي سۆڭىكى، قوي مۈڭگۈزى، كالا مۈڭگۈزى، قوش سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان، كېيىنچە بامبۇكتا، قومۇشتا، ياغاچتا، پىل چىشىدا، تۆمۈردە، كۈمۈشتە ياسالغان.

بىلى خەن سۇلالىسى، ۋېي سۇلالىسى دەۋرلىرىدە كۆسەندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارالغان، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردىدىكى ئون چالغۇ ئەسۋابىنىڭ مۇھىم بىر تۈرىگە ئايلانغان. سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئوردا بەزمىلىرىدە ئورۇندىلىدىغان كۆسەن مۇزىكىسى، ھىندىستان مۇزىكىسى، سۇلې مۇزىكىسى، بۇخارا مۇزىكىسى، قوجۇ مۇزىكىسى قاتارلىقلارنى ئورۇنداشتا بىلى چېلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئەن ۋەنشيەن، ۋىساچىڭ، دۇڭ تىڭلەن، لى كۇينيەن، جېڭ نا، جاڭ يېخۇ، ۋاڭ مانۇ قاتارلىق ئاتاقلىق بىلى چېلىش ماھىرلىرى يېتىشىپ چىققان. بىلى بىلەن ئورۇندىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان مۇزىكا - كۈيلەر ئىجاد قىلىنغان. شائىر لى چى شېئىر يېزىپ غەربىي يۇرتلۇق مۇزىكانت ئەن ۋەنشيەن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مۇزىكانتى دۇڭ تىڭلەننىڭ بىلى چېلىش ماھارىتىنى مەدھىيىلىگەن.

بولۇپمۇ ئۇدۇنلۇق ۋىساچىڭ بىلى چېلىشتا ئالاھىدە داڭ چىقارغان. «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» دە: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ دېزۇڭ خانى زامانىسىدا ۋىساچىڭ ئوردىدا سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلگەنلىكى، دالى يىللىرىدا يۇنجۇ ئايمىقىدا ۋاڭ مانۇ ئىسىملىك بىرسىنىڭ بىلى چېلىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن خېبېيدا داڭ چىقارغانلىقى، باشقىلار ۋاڭ مانۇغا ۋىساچىڭ بىلەن بىلى چېلىشتا مۇسابىقىلىشىپ بېقىشنى ئېيتقاندا، ۋاڭ مانۇ: ‹مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشكۈدەك ئىقتىدارىم يوق› » دەپ رەت قىلغانلىقى، كېيىن ئۇلار قەدىناسلاردىن بولۇپ قالغانلىقى ئېيتىلغان. ئەينى چاغدا بىلى چېلىش جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەبىقە كىشىلىرى ئىچىدە خېلى ئومۇملاشقان. ھەتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋېنزۇڭ خانىمۇ بىلى چېلىش ماھىرى بولۇپ قالغان.

بىلى كېيىنچە ئېلىمىزدىن چاۋشيەن ۋە ياپونىيىگە تارالغان. بۇنىڭدىن غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكىسى شەرق دۆلەتلىرىنىڭ مەدە-

نىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 5. سوقما چالغۇ ئەسۋابلار

غەربىي يۇرتنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە جيېلارنىڭ داپ - دۇمبىقى ( 羯鼓 ) مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «جيېلارنىڭ داپ - دۇمبىقى ھەققىدە خاتىرە» (« 羯录鼓 ») دېگەن كىتابتا: «جيېگۇ جيېلاردىن تارالغان. ئۇ، جيېلارنىڭ نامى بىلەن جيېلارنىڭ داپ - دۇمبىقى دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. «ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار» دا بولسا: «جيېگۇ سوغىغا ئوخشايدىغان، ئىككى تەرىپىگە ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ جيېلاردىن تارالغان، تاياق بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى مەلۇماتتا دۇمباق كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق.

غەربىي رايوندا ياشىغان جيېلار يەنى توخرىلار (يۇرچىلەر، 胝入 ) ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن قوۋم بولۇپ، هون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قول قىلىشى ۋە زۇلۇمىغا چىدىماي، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلى غەربكە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلاردىن چوڭ توخرىلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەن. كېيىن ئۇلار جەنۇبىي ئاسىياغا بارغان. كىچىك توخرىلار بولسا تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدا ماكانلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغان. كۇسەن رايونىدىمۇ بىر مۇنچە توخرىلار ياشىغان. كۇسەن (qiuzhi) دېگەن خەتنىڭ ئوقۇلۇشى ياۋچى (youzhi، 胝 ) دېگەننىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدۇ. جيېگۇ توخرىلارنىڭ مۇزىكىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن كۇسەن مۇزىكىسىغا ئايلانغان ھەمدە كۇسەن مۇزىكىسىنى ئورۇنداشتىكى ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ قالغان.

جيېگۇ جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي يۇرت-

تىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىشقا باشلاپ، سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خېلى ئومۇملاشقان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەن مۇزىكىسى، قۇچۇ مۇزىكىسى، سۇلې مۇزىكىسى ۋە ھىندىستان مۇزىكىسىنى ئورۇنداشتا جىبىلارنىڭ داپ - دۇمبىقى چېلىنغان. بۇ خىل چالغۇ ئەسۋابى تاغ ئۈجمىسىنىڭ ياغىچىدا ياسالغان بولۇپ، شەكلى سۇغىغا ئوخشاش بولىدۇ. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە، بۇ خىل دۇمباقنى ئىككى قولى بىلەن ئىككى تاياقتا ئۇرۇپ چالىدىغانلىقى ئېيتىلغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «مىڭشى خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا بۇ خىل دۇمباقنىڭ سول تەرىپى تاياق بىلەن، ئوڭ تەرىپى قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان. «يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە» («续文献通考») دېگەن كىتابتا جېبگۇنى: «تۈمۈردىن ياسالغان گەردىشىنىڭ بىر يۈزىگە تېرە قاپلىنىدۇ، ئۇنى 15 كىشى چالىدۇ، ئۇلار ئارىسىدا ئاياللارمۇ بار. ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلىق چىقىدۇ» دەپ تونۇشتۇرغان. بۇ مەلۇماتتا داپ تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئېنىق. بۇ يەردە خەنزۇچىدىكى گۇ (鼓) خېتىنىڭ ھەم داپ ھەم دۇمباقتىن ئىبارەت ئىككى چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى، ئالدىغا باشقا ئېنىقلىغۇچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇلار بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەت.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئوردىدا، خەلق ئارىسىدا، پادىشاھلاردىن پۇقرالارغىچە غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەن. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى غەربىي يۇرت مۇزىكىسىنى ئاڭلاشقا، داپ - دۇمباق چېلىشقا مەستانە بولۇپ كەتكەن. ئۇ، جىبىلارنىڭ داپ - دۇمبىقىنى سەككىز ئاھاڭنىڭ يولباشچىسى، مۇزىكىلارنى ئورۇنداشتا ئۇ بولمىسا بولمايدۇ» دېگەن («تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»). ئۇ، داپ - دۇمباق چېلىشنى ئۆگىنىپلا قالماي،

يەنە داپ ـ دۇمباق بىلەن ئورۇندىلىدىغان «باھار نۇرى ياخشى» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان.

غەربىي يۇرتنىڭ داپ ـ دۇمباقلىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن چەت ئەللەرگىمۇ تارالغان. ئۇ، خەنزۇلارنىڭ. شۇنداقلا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ مۇزىكا سەنئىتىنى بېيىتقان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. جاۋ شىچيەن: «قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلاردىن غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا نەزەر» ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئايلىق خەنزۇچە ژۇرنال) 1987 - يىلى 11 ـ سان (ئومۇمىي 241 ـ سان) .

2. گۇباۋ: «مەملىكىتىمىزنىڭ شىمال تەرەپلىرىدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە شىنجاڭدىكى بىر قانچە خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى» ، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 1979 ـ يىل تۇنجى سان.

3. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» .

4. جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن تەرمىلەر» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (پەسىللىك ژۇرنال) 1986 ـ يىل 2 ـ سان.

5. مۇھەممەت مۇسا: «بۇددىزىم دەۋرىدىكى كۇسەن پىپاسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 ـ يىل 2 ـ سان.

6. ۋۇ پىڭفەن، جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى.

# چياڭلار ۋە چياڭ نىيى

قەدىمكى زامانلاردا غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرى دىڭلىڭلار ۋە تېلې قوۋملىرىدىن باشقا، چياڭ قوۋمىمۇ بار ئىدى. چياڭلار ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا خېلى مۇھىم تۆھپە قوشقان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، چياڭلار ئېلىمىزنىڭ شاڭ سۇلالىسى دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى XVI ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1066 - يىلغىچە) دە ھازىرقى سەنشى، نىڭشيا ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغان.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 221 - يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا قۇرۇلغان چىن سۇلالىسى تەدرىجىي قۇدرەت تاپقان، بۇ سۇلالىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى غەربىي شىمالدا ياشاۋاتقان چياڭلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى بىر قىسىم چياڭلار نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تارىم بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن، بىر قىسمى چىلەنشەن تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې، جيۇچۈەن ۋە دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقان. بۇ چياڭلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بەگلىكلەرنىڭ يېغىلىقىدىن پايدىلىنىپ، چىڭخەيدىن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە بولغان جايلاردا تەسىر دائىرىسىنى تېزلىكتە كېڭەيتكەن.

چىن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھونلار

تازا كۆچەيگەن. غەربىي يۇرتتىكى نۇرغۇن قوۋملار، جۈملىدىن چياڭلار هونلارغا بېيئەت قىلغان. كېيىن خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭ قوللىشى بىلەن هونلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى يىراق غەرب تامانغا تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن، چياڭلار خەن سۇلالىسى ۋە باشقا خانلىقلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان.

چياڭلار شۇ زاماندا جيۇچۇەننىڭ جەنۇبىدىكى چىلەنشەن تېغى بويلىرىدىن كۆكنارتىنىڭ غەربىدىكى جايلارغىچە بولغان كەڭ زېمىنغا جايلاشقان. تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، لوپنور، چاقىلىقتا چياڭلارنىڭ خېلى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئەينى چاغدا كۆسەن بەگلىكى دائىرىسىدىمۇ خېلى كۆپ چياڭلارنىڭ ياشىغانلىقى مەلۇم. مىلادىيىنىڭ II ئەسىرىگە مەنسۇپ قارۇشتى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ تۇبۇتچە يادىكارلىقلاردا چياڭلارنىڭ كوئىنلۇن تېغى ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقانلىقى بايان قىلىنغان. 1959 - يىلى شايار ناهىيىسى (ئەينى چاغدا كۆسەن بەگلىكى دائىرىسىدە ئىدى) دىكى ئۇچقات خارابىسىدىن تېپىلغان «چياڭ سەردارىنىڭ مۆهۈرى» مۇ چاڭلارنىڭ كۆسەن بەگلىكى دائىرىسىدە ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

چياڭلار چارۋىچىلىقنى ئاساس، تېرىقچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان، سۇ - ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ تۇرغان. ئۇلار ياشىغان كوئىنلۇن تېغى، پامىر بويلىرى چارۋىچىلىققا باپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چياڭلار چارۋىچىلىققا ماهىر خەلق بولغاچقا، ئۇلار كۆچۈپ بارغانكى جاينى مال - چارۋا كانىغا ئايلاندۇرغان. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، چياڭلار قۇرغان چاقىلىق بەگلىكىدىكىلەرنىڭ ئوقيا، نەيزە، پىچاق، خەنجەر، ساۋۇت قاتارلىق قورال - ياراقلارنى ياسىيالايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئارخېئولوگلار كوئېنلۇن تېغى ۋە پامىر بويلىرىدىن تاپقان تۆمۈر، مىس

تاۋلىغان مەدەنچىلىك خارابىلىرى يۇقىرىقى مەلۇماتنى ماددىي ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىچە، نەينى چىياڭلار ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتى داۋامىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، نەي غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارالغان. قەدىمكى دەۋردە كىشىلەر نەينى چىياڭ قوۋمىدىكىلەر ئىجاد قىلىنغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى «چىياڭ نېيى» ( 羌笛 ) دەپ ئاتىغان.

كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ما رۇڭ «ئۇزۇن نەي توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «بۇگۈنكى قوش نەي چىياڭ قوۋمىدىن تارالغان» دەپ يازغان. ئاتاقلىق شائىر لى بەي «ئۆستەڭ بويىدا كېچە ئاڭلانغان نەي ئاۋازى» ناملىق ئەسىرىدە: «چىياڭ نېيى ئويغىتار مېيخۇا گۈلىنى، سۇپسۇزۇك تىنىدۇرار ئۆستەڭ سۈيىنى» دەپ يازغان. چىياڭ قوۋملىرى ماكانلاشقان جايلاردا بامبۇك بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار ياغاچ، مېتال ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن نەي ياساپ چالغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا مارالبېشىدىكى توققۇز ساراي خارابىسىدىن تېپىلغان ئۈچ تۆشۈكلۈك سۆڭەك نەي بار. تەتقىقات خادىملىرى بۇ نەينى جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (مىلادى 420 ـ 580 ـ يىللار) غا مەنسۇپ چالغۇ ئەسۋاب، دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نەي ياساش تېخنىكىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، تۆشۈككە لېپىر (پەردە) يېپىشتۇرۇلغان نەي بارلىققا كەلگەن ۋە شەرققە ـ چاۋشيەن، ياپونىيىلەرگە تارالغان.

بامبۇك قوي، قۇش سۆڭەكلىرىنىڭ ئورنىغا نەي ياساش ماتېرىيالى قىلىنغاندىن كېيىن، بامبۇكنىڭ ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، تۆشۈكى كۆپ نەيلەر ياسالغان. نەينىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ياخشىلانغان، چىياڭلارنىڭ نېيى دەسلەپتە

ئۈچ تۆشۈكلۈك، كېيىن بەش تۆشۈكلۈك بولغان. كۇچا مىڭئۆي-لىرىدىكى تام رەسىملىرىدە يەتتە تۆشۈكلۈك نەينىڭ بولۇشى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ نەي تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە تۆمۈر نەي مىس نەي ۋە قاشتېشى نەي ياسالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى قاشتېشى نەي بىلەن چېلىنغان كۈينى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلى-غان.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىن غەربىي يۇرتتىكى چياڭلار توبوت (زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى) قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىگە تەدرىجىي قوشۇلۇپ، ئۆز ئالدىغا قەبىلە بولۇشتىن قال-غان.

# غەربىي يۇرتتىكى 54 بەگلىك

قەدىمكى كىشىلەر «غەربىي يۇرت» دېگەن نامنى كەڭ ۋە تار مەنىلەردە قوللانغان. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقى ۋە ھىندىستاننىڭ شىمالىنى بىلدۈرەتتى؛ تار مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈمېنگۇەن (قاشقوۋۇق) نىڭ غەربى، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى، كۆكئارتنىڭ شەرقىنى بىلدۈرەتتى.

ئاتاقلىق تارىخچى بەن گۇ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرەسى» نىڭ بېشىدىلا: «غەربىي يۇرت بىز بىلەن شياۋ ۋۇدى خان دەۋرىدىن باشلاپ ئالاقە قىلغان، غەربىي يۇرت ئەسلى 36 بەگلىك ئىدى. كېيىن 50 نەچچە بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلار ھون ئېلىنىڭ غەربىگە، ئۇيسۇن ئېلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان» دەپ يازغان.

تەتقىقاتچىلار ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىش ئارقىلىق غەربىي يۇرتتىكى 54 بەگلىكنىڭ ئەھۋالىنى، يەنى بۇ بەگلىكلەرنىڭ بەگلىك نامى، ئاستانىسى (مەركىزى)، جايلاشقان ئورنى، تۇتۇن (ئائىلە) سانى، نوپۇسى، ئەسكىرى ۋە ئىگىلىكىگە دائىر ئەھۋاللارنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقتى. تۆۋەندە بۇ 54 بەگلىكنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. نوپچان ( 若羌 ) بەگلىكى. ئاستانىسى نوپچان، ئورنى ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، 450 تۈتۈنى، 1750 نوپۇسى، 500 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

2. كىروران ( 楼兰 ) بەگلىكى. ئاستانىسى مىرەن قەلئە-

سى، ئورنى هازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا، 1570 تۈتۈنى، 14 مىڭ 100 نوپۇسى، 2912 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇل- لانغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 77 - يىلى بۇ بەگلىكنىڭ نامى پىشامشانغا ئۆزگەرتىلگەن.

3. چالمادان (چورچان 且末) بەگلىكى. ئاستانىسى چال- مادان قەلئەسى. ئورنى هازىرقى چەرچەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ، 230 تۈتۈنى، 1610 نوپۇسى، 320 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىك- نى پىشامشان بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

4. ئەندىرە (小宛) بەگلىكى. ئاستانىسى يۇيلىن قەلئە- سى، ئورنى چەرچەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، 150 تۈتۈ- نى، 1050 نوپۇسى، 200 ئەسكىرى بار ئىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى پىشامشان بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇ- ۋالغان.

5. نىيە (精绝) بەگلىكى. ئاستانىسى نىيە قەلئەسى، ئورنى هازىرقى نىيە ناهىيىسىگە توغرا كېلىدۇ، 480 تۈتۈنى، 3360 نوپۇسى، 500 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. شەر- قىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى پىشامشان بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

6. رۇڭلۇ (戎卢) بەگلىكى. ئاستانىسى بېپىن قەلئە- سى، ئورنى كوئېنلۇن تېغى ئارىسىدا، 240 تۈتۈنى، 1610 نوپۇسى، 300 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى پىشامشان بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

7. ئۇزۇنتات (打弥) بەگلىكى. ئاستانىسى ئۇزۇنتات

قەلئەسى (دەندەن ئۆيلۇك) ، ئورنى ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسىدە، 3340 تۈتۈنى، 20 مىڭ 40 نوپۇسى، 3540 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى ئۇدۇن (خوتەن) بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

8. كۇرىيە ( 渠勒 ) بەگلىكى. ئاستانىسى كامتو قەلئەسى. ئورنى كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، 310 تۈتۈنى، 2170 نوپۇسى، 300 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى ئۇدۇن بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

9. ئۇدۇن ( 于阗 ) بەگلىكى. ئاستانىسى يوتقان قەلئەسى، ئورنى ھازىرقى خوتەنگە توغرا كېلىدۇ، 3300 تۈتۈنى، 19 مىڭ 300 نوپۇسى، 2400 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. «خەننامە»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ نوپۇسى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپەيگەن. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىكلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانلىقى سەۋەب بولغان. تارىخنامىلەردە ئۇدۇن بەگلىكىدىن قاشتېشى كۆپ چىقىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

10. پاسيان (پوسكام 皮山 ) بەگلىكى ئاستانىسى پاسيان، ئورنى ھازىرقى گۇما ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ، 500 تۈتۈنى، 3500 نوپۇسى، 500 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى ئۇدۇن بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

11. ساكارائۇل ( 莎车 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ساكارائۇل قەلئەسى، ئورنى ھازىرقى يەكەن قاغىلىق ئەتراپىدا، 2339

تۆتۆنى، 16 مىڭ 373 نوپۇسى، 3049 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تارىخنامىلەردە بۇ بەگلىك دائىرىسىدىن تۆمۈر، قاشتېشى چىقىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

12. قۇرۇقتاغ ( 山国 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ئېنىق ئەمەس، ئورنى ھازىرقى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇقتاغدا، 450 تۆتۈنى، 5000 نوپۇسى، 1000 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

13. كىنگىت (ئاگنى 焉耆 ) بەگلىكى. ئاستانىسى شورچوت، ئورنى بۈگۈنكى قاراشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە، 4000 تۆتۈنى، 32 مىڭ 100 نوپۇسى، 6000 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

14. ئۈششاق ( 危须 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ئۈششاق (چۇققۇ) ، ئورنى بۈگۈنكى خوشۇت ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ، 700 تۆتۈنى، 4900 نوپۇسى، 2000 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن بۇ بەگلىكنى كىنگىت بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

15. ۋايىرىيا ( 尉犁 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ۋايىر، ئورنى بۈگۈنكى كورلىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، 1200 تۆتۈنى، 9600 نوپۇسى، 2000 ئەسكىرى بار ئىدى. كېيىن بۇ بەگلىكنى كىنگىت بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

16. چېدىر ( 渠犁 ) بەگلىكى. ئاستانىسى چېدىر، ئورنى ھازىرقى كورلىنىڭ غەربىدە، 130 تۆتۈنى، 1480 نوپۇسى، 150 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن بۇ بەگلىكنى كىنگىت بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

17. ئۇرلى (ئۇرياپ 乌垒 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ئۇرلى، ئورنى ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدە، 110 تۆتۈنى،

1200 نوپۇسى، 300 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر، ئاساسەن، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى مۇشۇ جايدا تەسىس قىلىنغان.

18. كۇسەن ( 龟兹 ) بەگلىكى. ئاستانىسى يام قەلئەسى. ئورنى هازىرقى كۇچاغا توغرا كېلىدۇ. 6970 تۈتۈنى، 81 مىڭ 317 نوپۇسى، . 21 مىڭ 76 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتى-كىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

19. ئونسۇ، ( ئاسۇ 温宿 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ئۇرنسۇ ئورنى هازىرقى ئونسۇ ( ئۇچتۇرپان ) دا، 2200 تۈتۈنى، 8400 نوپۇسى، 1500 ئەسكىرى بار ئىدى، بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچى-لىق بىلەن شۇغۇللانغان.

20. قۇم ( 姑墨 ) بەگلىكى. ئاستانىسى جەنۇبىي قەلئە. ئورنى هازىرقى ئاقسۇ تەۋەسىدە، 3500 تۈتۈنى، 24 مىڭ 500 نوپۇسى، 5400 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

21. سەپەرباي ( 尉头 ) بەگلىكى. ئاستانىسى سەپەرباي غولى، ئورنى هازىرقى ئاقچى ناھىيىسىدە، 300 تۈتۈنى، 2300 نوپۇسى، 800 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچى-لىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى كۇسەن بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

22. سۇلې ( 疏勒 ) بەگلىكى. ئاستانىسى سۇلى، ئورنى هازىرقى قەشقەر تەۋەسىدە، 1510 تۈتۈنى، 18 مىڭ 64 نوپۇسى، 2000 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

23. بارىكۆل ( 蒲类 ) بەگلىكى. ئاستانىسى سىياۋغول، ئورنى هازىرقى بارىكۆلدە، 325 تۈتۈنى، 2032 نوپۇسى، 799 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچى-لىق بىلەن شۇغۇللانغان.

24 . ئارقا باركۆل ( 蒲类后国 ) بەگلىكى. ئاستانىسى نامەلۇم، ئورنى ھازىرقى مورىغا توغرا كېلىدۇ. 154 تۈتۈنى، 1070 نوپۇسى، 334 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

25 . ئالدى قوش (قاڭقىل) بەگلىكى ( 车师前国 ) . ئاستانىسى يارغول قەلئەسى، ئورنى تۇرپاننىڭ غەربىدە، 700 تۈتۈنى، 6050 نوپۇسى، 1865 ئەسكىرى بار ئىدى، بۇ بەگلىكتىكىلەر ، ئاساسەن، تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ بەگلىكنىڭ ئەسلى نامى قوش بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى قۇرۇلغان.

26 . قوش كاھبەگلىكى ( 车师都尉国 ) . ئاستانىسى قوجۇ (ئىدىقۇت) ، ئورنى تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئىدىقۇت خارابىسىدە، 40 تۈتۈنى، 330 نوپۇسى، 84 ئەسكىرى بار. بۇ بەگلىكتىكىلەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن.شۇغۇللانغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى قوشتىن بۆلۈنۈپ چىققان، كېيىن ئالدى قوش تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان.

27 . خۇزخور ( 狐胡 ) بەگلىكى. ئاستانىسى لۇكچۈن، ئورنى تۇرپاننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە، 55 تۈتۈنى، 264 نوپۇسى، 54 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

28 . ئارقا قوش بەگلىكى ( 车师后国 ) . ئاستانىسى قاغانبۇت، ئورنى جىمسارنىڭ جەنۇبىدا، 595 تۈتۈنى، 4774 نوپۇسى، 1890 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى قۇرۇلغان.

29 . ئارقا قوش قەلئە بەگلىكى ( 车师后城长国 ) . ئورنى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا، 154 تۈتۈنى، 460 نوپۇسى، 260 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق

ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن بۇ بەگلىكنى ئارقاقوش بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

30. يىرومجى ( 郁立师 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ئىدوغول، ئورنى هازىرقى جىمسارنىڭ شەرقىي شىمالىدا، 190 تۈتۈنى، 1445 نوپۇسى، 331 ئەسكىرى بار ئىدى، بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن بۇ بەگلىكنى ئارقا قوش بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

31. بىراكى ( 卑陆 ) بەگلىكى. ئاستانىسى كاندارغول، ئورنى هازىرقى فۇكاڭ تەۋەسىدە، 227 تۈتۈنى، 1387 نوپۇسى، 422 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن بۇ بەگلىكنى ئارقا قوش بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

32. ئارقا بىراكى بەگلىكى( 卑陆后国 ). ئاستانىسى بەنجىلغول، ئورنى فۇكاڭنىڭ شەرقىي شىمالىدا، 462 تۈتۈنى، 1137 نوپۇسى، 530 ئەسكىرى بار ئىدى، بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن بۇ بەگلىكنى ئارقا قوش بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

33. جامبالىق بەگلىكى ( 劫国 ). ئاستانىسى تەڭرىغول، ئورنى هازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدا، 99 تۈتۈنى 500 نوپۇسى، 155 ئەسكىرى بار ئىدى. چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن بۇ بەگلىكنى ئارقا قوش بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

34. شەرقىي چۇمۇل ( 东直弥 ) بەگلىكى. ئاستانىسى داپخوغول، ئورنى هازىرقى قۇتۇبىدا، 191 تۈتۈنى، 1948 نوپۇسى، 572 ئەسكىرى بار ئىدى. چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى ئارقا قوش بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

35. غەربىي چۇمۇل ( 西直弥 ) بەگلىكى. ئاستانىسى

قوتغول، ئورنى هازىرقى قوتۇبىنىڭ غەربىدە، 332 تۈتۈنى، 1926 نوپۇسى، 738 ئەسكىرى بار ئىدى، بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى ئارقا قوش بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

36. تۈرپامى ( 卑陆 ) بەگلىكى. ئاستانىسى تۈرپامى قەلئەسى، ئورنى هازىرقى سانجىدا، 27 تۈتۈنى بار، 194 نوپۇسى، 45 ئەسكىرى بار ئىدى، بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

37. ئوتتەنزىل ( 乌贪訾离 ) بەگلىكى. ئاستانىسى قاراغول، ئورنى هازىرقى ماناستا، 41 تۈتۈنى، 231 نوپۇسى، 57 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

38، ئۇيسۇن (ئۇسۇن 乌孙 ) بەگلىكى. ئاستانىسى قىزىلقورغان، دائىرىسى ماناسنىڭ شەرقىدىن غەربتە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، 120 مىڭ تۈتۈنى، 630 مىڭ نوپۇسى، 188 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى، بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن.

39. ئۇدىيانا ( 乌托 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ئۇدىيانا، ئورنى هازىرقى كانجۇت رايونى (كەشمىرنىڭ شىمالى) دا، 490 تۈتۈنى، 2733 نوپۇسى، 740 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

40. ناندۇ (داردا 难兜 ) بەگلىكى. ئورنى پامىرنىڭ لاداق تېغى بىلەن ۋاخان دەرياسى ۋادىسىدا، 5000 مىڭ تۈتۈنى، 31 مىڭ نوپۇسى، 8000 ئەسكىرى بار ئىدى.

41. يولئېرىق ( 西夜 ) بەگلىكى. ئاستانىسى ۋاخخانغول، ئورنى هازىرقى قاغىلىقنىڭ غەربىدە، يەكەن دەرياسىنىڭ

يۇقىرى ئېقىنىدا، كوئېنلۇن تېغى ئېتىكىدە، 350 تۈتۈنى، 4000 نوپۇسى، 1000 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى ساكارائۇل بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

42. لىچخەۋىز (چىغاپ 子合) بەگلىكى. ئاستانىسى ۋاخانغول، ئورنى پامىر ئېگىزلىكىدە، كىچىك پامىرنىڭ شەرقىدە، 2500 تۈتۈنى، 10 مىڭ نوپۇسى، 300 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ بەگلىكنى ساكارائۇل بەگلىكى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

43. سارىقول (蒲犁) بەگلىكى. ئاستانىسى سارىقول، ئورنى ھازىرقى تاشقورغاندا، 650 تۈتۈنى، 5000 نوپۇسى، 2000 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

44. سىغنان (依耐) بەگلىكى. ئورنى پامىردا (تاشقورغاننىڭ جەنۇبىدا)، 125 تۈتۈنى، 670 نوپۇسى، 350 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

45. ئۆررى (无雷) بەگلىكى. ئاستانىسى لورقەلئەسى، ئورنى تاشقورغاننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پامىر رايونىدا، 1000 تۈتۈنى، 7000 نوپۇسى، 3000 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

46. ئېركەشتام (休循) بەگلىكى. ئاستانىسى ياندۇڭغول، ئورنى ھازىرقى ئاقتۇنىڭ غەربىي قىسمى، پامىرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغدا، 380 تۈتۈنى، 1030 نوپۇسى، 480 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

47. جۇەندۇ (毒捐) بەگلىكى. ئاستانىسى ياندۇڭغول، ئورنى بۈگۈنكى ئۇلۇغچاتنىڭ شىمالىدا، 380 تۈتۈنى، 1100

نوپۇسى، 500 ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچى-لىق بىلەن شۇغۇللانغان.

48. داراز (دارۋاز 桃槐) بەگلىكى. ئورنى فەرغانىنىڭ شەرقىگە يېقىن تاغلىق رايوندا، 700 تۈتۈنى، 5000 نوپۇسى، 1000 ئەسكىرى بار ئىدى.

49. فەرغانە (大宛) بەگلىكى. كاسان قەلئەسى، ئورنى فەرغانە ئويمانلىقىدا، 60 مىڭ تۈتۈنى، 300 مىڭ نوپۇسى، 60 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

50. كەشمىر (宾?) بەگلىكى. ئاستانىسى ناگارا، ئورنى كابۇل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى كەشمىر ئەتراپىدا، بۇ بەگلىكتىكىلەر چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

51. ئالېكساندېرىيە (乌戈山离) بەگلىكى. ئورنى ئافغانىستاننىڭ غەربىدىكى ھىراتتا.

52. توخرى (大月氏) بەگلىكى. ئاستانىسى كۆكرابات، ئورنى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

53. كانگىيە (كانجۇت، 康居) بەگلىكى. ئاستانىسى باتار، ئورنى بالقاش كۆلى بىلەن ئارال دېڭىزىنىڭ ئارىلىقىدا، بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

54. ئارساك (پارفىيە 安息) بەگلىكى. ئاستانىسى ئېكباتانا قەلئەسى، ئورنى ئىران ئېگىزلىكىدىكى مېسوپوتامىيىدە، بۇ بەگلىكتىكىلەر تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلدىن كېيىن ئارساك قاتارلىق ئاز بىر قىسىم بەگلىكلەردىن باشقىلىرىنى غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئىدارە قىلغان.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئاھالىسى ئاساسەن

تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بەگلىكلەر مۇقىم ئولتۇراق-لاشقان بەگلىكلەر ( 居国 ) دەپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بەگلىكلەر كۆچمە بەگلىكلەر ( 行国 ) دەپ ئاتال-غان. تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى پىشامشان، ئۇدۇن، ساكارا-ئول، سۇلې، كىنگىت، كۇسەن ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قوش، پامىر نىڭ غەربىدىكى فەرغانە قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ئاھالىسى ئاساسەن تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تەڭرىتاغنىڭ شىمالى-دىكى ئۈيسۇن، ئارقا قوش، پامىر ئېگىزلىكىدىكى سارىقول، يولئېرىق، كوئېنلۇننىڭ شىمالىدىكى نوپچان قاتارلىق بەگلىك-لەرنىڭ ئاھالىسى، ئاساسەن، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ چاغدا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردە ساپالچىلىق، قاشتاشچى-لىق، كۆنچىلىك، مەدەنچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك خېلى تەرەققىي قىلغان، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈ-نەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سودا - تىجارەتمۇ پەيدا بولۇپ رەۋنەق تاپقان.

لېكىن بۇ بەگلىكلەر تارقاق ۋە بېكىنمە ھالەتتە بولۇپ، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغاندەك: «ھەر قايسىسى ئۆزى بەگ، ئۆزى خان، ئەسكىرى ۋە خەلقى تارقاق، ئاجىز، بىرلىك يوق» ئىدى.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

①چى چىڭشۇن: «غەربىي يۇرت، شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1983 - يىلى 3 - سان.
② «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (ماتارىپ كومىتېتى تۈزگەن) ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە 1 - قىسىم.
③ سۇ بېيخەي يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى» ، خەنزۇچە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان.

# خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ئەسكەرلىرى

غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلدىن مىلادىيىنىڭ 23 - يىلىغىچە) ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەنزۇلاردىن باشقا مىللەت ئەسكەرلىرىدىنمۇ پايدىلاندى ۋە ئۇرۇشلاردا «يات قوۋملارنى يات قوۋملارغا قارشى قويۇش» تاكتىكىسىنى قوللاندى. مەسىلەن: ھون، چياڭ (زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادى) ئەسكەرلىرى، غەربىي جەنۇبتىكى يات تائىپىلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ۋە غەربىي يۇرت (شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى) لۇق ئەسكەرلەرنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى جارىي قىلدۇرۇپ، خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلىغان. مەسىلەن، جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبلۇق يات تائىپىلەرنىڭ ئەسكەرلىرى سۇدا جەڭ قىلىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى، غەربىي يۇرتلۇق ئەسكەرلەر ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى خەنزۇچە تارىخنامىلاردا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

«خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. چېدىر بەگلىكى بابى» دا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 89 - يىلى خەن سۇلالىسى قوشۇنى قانقىل دۆلىتىگە ھۇجۇم قوزغىغاندا، بوستان (ۋېشۇي)، چېدىر، كىرورەن، پىشامشان، چەرچەن، كىنگىت (قاراشەھەر) لىك ئەسكەرلەردىن نەچچە تۈمەن كىشى بۇ جەڭگە قاتناشقانلىقى، نەتىجىدە قانقىل خانى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى قەيت قىلىنغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى پەرغانىغا ھۇجۇم قىلغاندا

ئۇيسۇنلارنىڭ 2000 ئاتلىق ئەسكىرى جەڭگە قاتناشقانلىقى ئېيت-
تىلغان. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى. ئۇيسۇن بابى» ،
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى
هونلارغا هۇجۇم قوزغىغاندا، ئۇيسۇنلارنىڭ يابغۇ باشچىلىقىدىكى
بەش تۇمەن ئاتلىق ئەسكىرى جەڭگە قاتناشقانلىقى، جەڭدە هون-
لارنىڭ ئوڭقول لولىقانىنىڭ بارگاھى ئىشغال قىلىنىپ، تەڭرى-
قۇتنىڭ تاغىسى، مەلىكىسى، ئاتاقلىق خانلىرى، تۇتۇقبېگى،
مىڭبېشى ۋە ئاتلىق ئەسكەر سەردارىدىن تۆۋەن تۆت تۇمەن ئەس-
كىرى ئەسىر ئېلىنغانلىقى، يەتتە تۇمەندىن ئارتۇق مال - چارۋا
ئولجا ئېلىنغانلىقى ئېيتىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 36 -
يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى مۇئاۋىن تۇتۇق ھىرا-
ۋۇلى چېن تاڭ تۆت تۇمەن ئەسكەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، تالاسقا
ھەربىي يۈرۈش قىلغان. ئۇ قول ئاستىدىكى قوشۇننى ئىككى
يولغا بۆلۈپ ئىلگىرىلىگەن. بىر قىسمى جەنۇبىي يول بىلەن
كۆكئارت (پامىر) دىن ئۆتۈپ پەرغانە ئارقىلىق تالاس دەرياسى
بويىغا يېتىپ كەلگەن، يەنە بىر قىسمى ئونسۇدىن يولغا چىقىپ
شىمالىي يول بىلەن قىزىلقورغان، ئۇيسۇن ئېلى، كانگىيە (سە-
مەرقەند) ئارقىلىق ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىگە يېتىپ كەلگەن. شۇ-
نىڭدىن كېيىن خەن سۇلالىسى قوشۇنى جەم بولۇپ، قوتئۇس
شەھىرى (بۇگۇنكى جامبۇل شەھىرى) گە ئومۇمىي هۇجۇم قوز-
غاپ شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، شىمالىي هون تەڭرىقۇتى قوتئۇس-
نى ئۆلتۈرگەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا كۇسەن (كۇچا) ، كىنى-
گىت، سۇلې، يەكەن، ئۇدۇن ۋە ئۇيسۇن ئەسكەرلىرى قاتنىشىپ
باتۇر - قەيسەرلىكىنى نامايان قىلغان.

# غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش - يۆتكىلىشلىرىدىن ئەينى چاغدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە نەزەر

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر، مەيلى ئۇ قەدىمكى زاماندىكى مىللەتلەر بولسۇن ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ھازىرقى زاماندىكى مىللەتلەر بولسۇن، قەدىمدىن ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىپ، ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بەرپا قىلىش، ئۇنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈشكە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتتى. مۇشۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شىنجاڭ (قەدىمدە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان) مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا، ئاسىيانىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى زاماندا جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى، شۇنداقلا تارىختىكى ھەر خىل ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان، ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ - ئارىلىشىپ تۇرىدىغان ۋە ھەر خىل ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىدە بولۇپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. تەبىئىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن ياكى يېغلىق سەۋەبىدىن بەزى ئىرق، مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراقلىشىپ، تىرىكچىلىك قىلغان ۋە كۆپەيگەن. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن، ئۇلار باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن، يا بويسۇندۇرۇلغان ياكى بىر قىسمى

شۇ جايلاردا قېلىپ، كېيىن كەلگەن ئىرق، قەبىلىلەر بىلەن قوشۇلۇپ يېڭى ئىرق، يېڭى مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. دې-مەك، ھەر ياقتىن كۆچۈپ كېلىش ۋە ھەر ياققا كۆچۈپ كېتىش شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى مۇرەككەپ ئاھالىلەر مۇ-ناسىۋىتىنى شەكىللەندۇرگەن. لېكىن بۇ مەملىكىتىمىز بىلەن چەت ئەللەرنىڭ، بولۇپمۇ مەملىكەت ئىچىدىكى رايونلارنىڭ سىيا-سىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى، ھەرقاي-سى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشى ۋە بىر - بىرىدىن ئۆگىنىد-شىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق سى-ياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقە مەدەنىيەت ئالاقىسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشىگە، ئۆز ئارا قوشۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. قىس-قىسى، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا، جۈملىدىن شىن-جاڭدا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەر كۆچۈپ كېلىش ياكى كېتىش داۋامىدا گەرچە باشقا خەلقلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىككە مەلۇم دەرىجىدە زىيان سالغان بولسىمۇ، لېكىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتى-كى تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۆز ئارا تالاش - تار-تىش، ئۇرۇش - جېدەل ۋە بۆلۈنمىچىلىك ۋەزىيىتى خىرەلى-شىپ، بىرلىك روشەنلەشتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل ئەھ-ۋال ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. بىز بۇ يەردە توختالماقچى بولغان قەدىمكى ئاھالىلەر بۇرۇن باشقا رايونلاردا ئولتۇراقلى-شىپ، كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ياكى ئىلگىرى شىن-جاڭدا ياشاپ، كېيىن باشقا رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن ئاھالىلەر بولۇپ، ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئاشۇ قەدىمكى ئاھالى-لەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ تارىخ تەرەققى-يات جەريانىغا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىزنىڭ شىيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى

دەۋرىدە، ھازىرقى تەڭرىتاغ (تيانشان) تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى
تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا زادى قانداق ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر-
نىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار ئىنتايىن كەم.
لېكىن دۆلىتىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى بىر مۇنچە تەتقىقاتچى-
لار تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاھالىسى ھازىرقى ئوتتۇرا
ئاسىيا رايونى، يەنى قەدىمكى ساكىيان رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن
ۋە شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئايرىم ساك
ئۇرۇقلىرى بىلەن قان قېرىنداش بولغان ئارىيانلاردىن ئىبارەت
ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ف. ئېنگېلس ئارىيان قەبىلىلىرى-
نىڭ ئەڭ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر
دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا، يەنى كېيىنكى تارىخ كىتابلىرىدا «ماۋا-
رائۇننەھر» دەپ ئاتالغان رايونلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ①. لېكىن، ئۇلار ئەسلىدىنلا
مۇشۇ رايونلاردا ياشاپ كەلگەنمۇ ياكى باشقا ياقتىن كۆچۈپ كەل-
گەنمۇ؟ ئۇلار بۇ رايونغا كېيىن كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەر بىلەن
مۇناسىۋەتلىكمۇ، قانداق؟ دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىشەن-
چىلىك ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. يەنە باشقا بەزى ئالىملار بۇ
توغرىدا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللىرى ئەتراپىدا
(جۇڭگونىڭ باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمى دەۋرىدىكى بەش چوڭ ئاق-
ساقاللىق دەۋرىدە) ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ناھايىتى ئېغىر كىلى-
مات ئۆزگىرىشى بولغانلىق سەۋەبىدىن بۇ جايدا ياشايدىغان ئارى-
يانلار تېز سۈرئەت بىلەن تەرەپ - تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر
بولغانلىقى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى غول بىر قىسمى ھا-
زىرقى قەشقەر ئەتراپىدىن چىققەي، گەنسۇ ئەتراپىغىچە كۆچۈپ
كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ②. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا، ئوتتۇرا
ئاسىيا رىم (يۇنان) ئىمپېرىيىسىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدىن
تارمار بولۇشىغىچە بولغان جەرياندا، بىر بۆلۈم ساكلار ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە كۆكئارتنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا، ھەتتا ئاز بىر

قىسمى خېشى جىلغىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا كىرگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ③. ۋاڭ شياۋپۇ ئەپەندى بۇ توغرىدا: «ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا، ئاساسلىقى، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئۈچ مىللەت، يەنى ساكلار، ئۇيسۇنلار ۋە توخرىلار ياشىغان، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ساكلاردا شەرقتىن غەربكە كۆچۈش يۈزلىنىشى كۆرۈلگەن»④ دەيدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، كۆپلىگەن ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ رايونىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ساكلار قوۋمىغا تەئەللۇق، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي مەلۇماتلىرىدا ساكىيان ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا مەيدانغا كەلگەن خۇاڭدى قەبىلە ئىتتىپاقى، شيا، شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار. مەسىلەن، خۇاڭدى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ 5 - ئەۋلاد سەردارى شۈن ئاقساقاللىق ئورنىغا چىققاندا، غەربتىكى كوئېنلۈن تاغلىرىدا (يەنە بىر رىۋايەتتە ھازىرقى بوغدا كۆلى ئەتراپىدا) ياشايدىغان شىۋاڭمۇ (غەربىي خان ئانا، يەنى ئۇماي ئانا) ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، قاشتاشتىن ئىشلەنگەن ھالقا سوۋغا قىلىپ، شۈننى تەبرىكلىگەن⑤. شاڭ ۋە غەربىي جۇ سۇلالىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا، تارىم ئويمانلىقى ھەتتا پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى جايلارنىڭ بۇ سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە رىۋايەتلەر تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، جۇ سۇلالىسىنى قۇرغان جۇۋۇ ۋاڭنىڭ ئوغلى جۇ چىڭۋاڭ شاڭ سۇلالىسى قۇلدارلىرىنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزگەن. بۇ چاغدا غەربىي جۇ سۇلالىسىگە قوشنا ياشايدىغان نۇرغۇن قەبىلە ۋە بەگلىكلەر سوۋغا - سالام بىلەن

كېلىپ، جۇ چىنۋاڭنى تەبرىكلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە فەرغانە ۋاڭى جۇچىنۋاڭغا ئالاھىدە بىر تايغان سوۋغا قىلغان. ئەينى زاماندا يەكەن، كوئېنلۇن قاتارلىق جايلاردا ياشايدىغان قەبىلىلەر تۆگە، ئات، قېچىر، قاشتاش، ئوقيا قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان⑥. يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق پادىشاھى جۇمۇۋاڭ بىر بۆلۈم ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئۇزاق مۇشەققەتلىك يوللارنى بېسىپ، كوئېنلۇن ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئۈستىگە چىققان ۋە بۇ جايدا ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ سەردارلىرىغا ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان⑦. ئومۇمەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر گەرچە تارىخىي چىنلىقتىن يىراق ۋە ئەينى زامانىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىددىيىسىدىكى گۈزەل تەسۋىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن قانداقلا بولمىسۇن ئۇزاق زامان ئىلگىرىلا مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقى بىلەن غەربىي شىمال خەلقىنىڭ مۇئەييەن ئالاقىدە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل رىۋايەتلەر يەنىلا شۇ چاغدىكى ئايرىم ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلىرىدە، تيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان شەھەر بەگلىكلىرىنى قۇرغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ دەسلەپتە 36 بولۇپ، كېيىنچە 50 نەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكىلىرى «شەھەر بەگلىكلىرى»، «كۆچمە ئەللەر» دەپ ئاتالغان. نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللاردا قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ مۇشۇ «شەھەر بەگلىكلىرى» دىن ئۆتىدىغانلىقى كۆپلەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئەينى دەۋردە تارىم ئويمانلىقىدىكى بەگلىكلەرنىڭ بۇ سودا يولىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ چاغلاردا مەملىكىتىمىزدىن ھىندىستانغا ۋە تېخىمۇ يىراق بولغان

يۇنانغا بېرىش ئۇچۇن تارىم ئويمانلىقىدىن ئۆتمەي بولمايتتى.
شۇڭلاشقا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى خېلى بۇرۇنلا ئەتراپ-
تىكى قوشنا مىللەت ۋە قوۋملار بىلەن قويۇق ئىقتىسادىي ئالاقى-
لىرىدە بولغان. باشقا ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر ئەلۋەتتە ئىقتىسا-
دىي ئالاقىدىن باشلىنىدۇ. «تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، تا-
رىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىلا تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر قايسى
قوۋملار، ئاللىقاچان چياڭلار ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى
شيالار بىلەن ئالاقىلەشكەن»⑧. بۇنىڭدىن قەدىمكى «يىپەك يو-
لى» نىڭ تۆرەلمىسىنىڭ شيا سۇلالىسى دەۋرىدىلا شەكىللەنگەنلى-
كىنى كۆرۈۋېلىش بىلەن بىرگە، تارىم ئويمانلىقىدىكى كىشىلەر-
نىڭ شەرقتە چياڭلار بىلەن ئالاقىلەشكەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق
تېخىمۇ يىراق بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن
ئالاقىدە بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.
چياڭلار سانى بىر قەدەر كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى خېلى
كەڭ بولغان، ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شانلىق مەدەنىيىتىنى
يارىتىشتا خېلى زور تۆھپە قوشقان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى.
ئۇلار مەملىكىتىمىزدە قۇرۇلغان ئىككىنچى خانلىق ـ شاڭ سۇلا-
لىسى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVI ئەسىردىن مىلادىيە-
دىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلغىچە) دەۋرىدە ھازىرقى شەنشى، نىڭشى-
يا، چىڭخەي ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياشىغان
بولۇپ، شىنجاڭ رايونىغا يېقىن قوشنا ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ
تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن بېرىش - كېلىش
قىلىشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770 -
يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 256 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق-
تا، چىن بەگلىكى (ئەينى چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى يەتتە
كۈچلۈك بەگلىكنىڭ بىرى) بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپ، غەربىي
شىمال تەرەپلەردە ياشىغۇچى چياڭلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇ-
راتتى. «چىن شيەنگۇڭ زامانىغا كەلگەندە، ۋېيشۈي دەرياسى

ۋادىسىغا ئەسكەر چىقىرىپ چياڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يىراقلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى»⑨. شۇنىڭدىن كې-يىن چياڭلار ھەرقايسى يەرلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چىڭخەيدىن غەربكە قاراپ نەچچە مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تارىم بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن، بىر قىسمى غەربىي جەنۇبقا قاراپ يۆتكىلىپ شىزاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، ھازىرقى زاڭزۇلارنىڭ ئەجدادىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلان-غان، يەنە بىر قىسمى ئۇدۇل جەنۇبقا كۆچۈپ سىچۈەنگە كىرىپ ئورۇنلاشقان. غەربكە كۆچكەن چياڭلار چىن شىخۇاڭنىڭ قالغان ئالتە ئورۇشقاق بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، غەربكە قاراشقا چولىسى تەگمەي قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تېزلىكتە قۇدرەت تاپقان ۋە چىڭخەيدىن تارىم ۋادىسى ۋە كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە بولغان جايلارنى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان. «خەننامە» دە بۇ ھەقتە «كىروراننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، ئەندىرنىڭ شەرقىدە، رۇڭلۇ-نىڭ جەنۇبىدا، چېدىرنىڭ غەربىدە، خوتەننىڭ جەنۇبىدا چياڭلار بولغان. يولئېرىق، بارىكۆل، يېڭىسار، ئۆلمەلەردىمۇ چياڭ، دىلارغا ئوخشاش قوۋملار بولۇپ، ئۇلار كۆچمەن ئەللەر، لاداق-نىڭ جەنۇبىدىمۇ چياڭلار بولغان»⑩ لىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تارقالغانلىقىنى ھەم شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنى شەكىللەندۇرگەن بىر تەركىب بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ قەدىمدە شيا سۇلالىسى دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا چياڭلار بىلەن ئۇچراش-قانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. جيەن بوزەن ئەپەندى يەنە ئۇلارنىڭ چياڭلار ئارقىلىق قەدىمكى شيالىقلار بىلەنمۇ مۇناسى-ۋەتلەشكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنى تارىم بويلىرىدىن تېپىلغان ئار-خېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسى-

لەن، «لوپنور رايونىدىكى قەبرىلەردىن دېڭىز جۇڭخۋا گۈلسىمان سەدەپتىن ئىشلەنگەن مارجانلار تېپىلغان. بۇنداق سەدەپلەر پەقەت شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىنلا چىقىدۇ. شىنجاڭدىن تېپىلغانلىرىنىڭ چياڭلار ئارقىلىق كىرگەنلىكىدە گەپ يوق» ⑪. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىن چىقىدىغان قاشتاش ئاللىقاچانلا ئىچكى ئۆلكىلەردە داڭق چىقارغان. قەدىمكى دەۋرنىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا غەربىي خان ئانا ئىچكى ئۆلكىلەردە پادىشاھلارغا قاشتاشتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلەرمۇ بار. بۇ رىۋايەتلەر توغرۇلۇق ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. يېغىلىق دەۋرىدە يېزىلغان «گۇەنزى» ناملىق كىتابنىڭ بىر مۇنچە بابلىرىدا قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ ‹ياۋچى يەنى توخرى قاشتېشى›، نى بەك قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇنداق تاشلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى، ئۇلارنى ئەكېلىدىغانلار ماڭىدىغان يول تولىمۇ يىراق بولۇپلا قالماي، ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان» ⑫. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ياۋچىلار» دەسلەپتە دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ياشاپ، كېيىن زور كۆلەمدە غەربكە كۆچكەن توخرىلارنى كۆرسەتسە كېرەك (بۇ توغرىدا تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز). ئۇ چاغلاردا دۇنخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىشتىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر شىنجاڭ قاشتېشىنى «ياۋچى قاشتېشى» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە يۇقىرىقى نەقىلدە كۆرسىتىلگەن «كۆركەم قاشتاش»، يەنى كۇئېنلۇن قاشتېشىمۇ كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن چىقىدىغانلىقى دەرھەقىقەت. يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ يىراق قەدىم زامانىدىكى بېرىش - كېلىشلىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەپسىلاتلار بولۇپ، بۇنىڭدا چياڭلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈش - يۆتكىلىشلىرىنىڭ مۇھىم

روول ئويناغانلىقى ئېنىق. قىسقىسى، چياڭلار قەدىمدە شىنجاڭ
بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلە-
رىنىڭ كۈچىيىشى، ئۆز ئارا چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى
ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئىككى رايوندىكى ھەر مىللەت
خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلى-
شىشىغا، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى چاغلاردا خەن سۇلالىسىنىڭ
شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن سىيا-
سىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشىگە ئاساس سالغان.

يۇقىرىدا بىز توخرىلار (ئۇلۇغ ياۋچىلار 大月氏) توغرىلىق
ئازراق توختىلىپ ئۆتكەندۇق. توخرىلارمۇ يېغىلىق دەۋرى ۋە
چىن، خەن دەۋرلىرىدە دۇنخۇاڭ، خېشى كارىدورىدىن شىنجاڭ-
غىچە بولغان بۇ كەڭ رايوننىڭ تارىخىي سەھنىسىدە مۇھىم ئو-
رۇننى ئىگىلىگەن ۋە كېيىن غەربكە كۆچۈش نەتىجىسىدە شىن-
جاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا
كەلتۈرگەن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. توخرىلارنىڭ
ئەڭ بۇرۇن قەيەرلەردە ياشىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا
ئىگە ئەمەسمىز. بۇ توغرىدا ھەر خىل قاراشلار بار. بەزى ماتېرى-
ياللاردا «ساكلار جەنۇبقا كۆچۈشتىن بۇرۇن يىراق قەدىم زامان-
دا، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا جەنۇب تەرەپلىرىدىكى بوستان-
لىقلارنى بويلاپ شەرققە كۆچۈپ كەلگەن توخرىلار (ياۋچىلار)
ياشايتتى»⑬ دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن توخرىلار دۇن-
خۇاڭ ئەتراپلىرىغا جەنۇبتىن كۆچۈپ كەلگەن، دېگەن چۈشەنچە
كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ماكانى تەتقىقات ماقالى-
مىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغاچقا، بۇ جەھەتتە كۆپ توختالماي-
مىز. ئومۇمەن، توخرىلار ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ماتېرىياللار-
غا ئاساسلانغاندا، ئۇلار «كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدى-
غان، تىل ۋە ئادەت جەھەتتە ھونلارغا ئوخشايدىغان» بىر قەبىلە
ئىدى. ئۇلار ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى

دۇنخۇاڭ قەلئەسى ۋە چىلىيەنشەن تېغى ئەتراپىدا، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، ھازىرقى خېشى رايونىنىڭ شەرقىدە ئۇيسۇنلار بىلەن قوشنا ياشايدىغان بىر قەبىلە بار ئىدى. «خەننامە» دە ئۇلارنىڭ كۆچۈشى توغرىلىق: «ئەسلى ئۇلار دۇنخۇاڭ بىلەن چىلىيەنشەن تېغى ئەتراپىدا ياشايتتى. ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، ھونلار توخرىلارنى تارمار قىلدى. كېيىن ئاغا تەڭرىقۇت توخرىلار تەڭرىقۇتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىنى مەي جامى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن توخرىلار يىراقلار كۆچۈپ كەتتى» ⑭ دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. بۇلار توخرىلار توغرىلىق خەنزۇچە مەنبەلەردە يېزىلغان ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىلەردۇر. قەدىمكى ۋە ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىدا ھونلار، توخرىلار ۋە ئۇيسۇنلاردىن ئىبارەت كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ياشايتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنخۇاڭ، چىلىيەنشەن تېغى ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان توخرىلار ھونلار باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال ناھايىتى كۈچلۈك بىر قەبىلە بولۇپ، 600 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ۋە 200 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇنغا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەتراپىدىكى قوشنىلىرى – ھون ۋە ئۇيسۇنلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەم ۋە مال - مۈلكىنى بۇلاپ كېتەتتى. ھونلار باتۇر (مودۇ) تەڭرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپ، ئەتراپتىكى كۆچمە قەبىلە ۋە مىللەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى توخرىلارغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلدى. باتۇر تەڭرىقۇت شەرقتىكى تۇڭغۇسلارنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، زور كۈچ بىلەن توخرىلارغا ھۇجۇم باشلىدى. ھونلارنىڭ مۇنداق كېڭىيىشى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىۋاستە ئۆزگەرتىپ، توخرىلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى. توخ-

ىلار ئاخىرى خېشى رايونىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.
توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچكەن ۋاقتى ۋە كۆچۈش يۆنىلىشى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدە قاراش بىردەك ئەمەس. ۋاقىت مەسىلىسى توغرىسىدا تەپسىلىي تەھلىل قىلىشىمىزنىڭ ئانچە زۆرۈريىتى بولمىغاچقا، بۇ يەردە توختالمايمىز. توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ يۆنىلىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، قەدىمكى مەنبەلەردە ئوخشاش بولمىغان خاتىرىلەر مەۋجۇت. بۇ ھەقتە «تارىخىي خاتىرىلەر» دە: «ئۇلۇغ توخرىلار ھونلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، يىراقلارغا كۆچۈپ فەرغانىدىن ئۆتۈپ، باكتىرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى بويسۇندۇردى»⑮ دېيىلگەن. بۇنىڭدا ئۇلۇغ توخرىلارنىڭ فەرغانىدىن ئۆتۈپ باكتىرىيىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. «خەننامە» دە خاتىرىلەنگىنى بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەرجىمىھالى» دا: «بۇ ۋاقىتتا ئۇلۇغ توخرىلار ھونلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان مەغلۇپ قىلىنىپ، غەربتە ساكلارنىڭ خانىغا ھۇجۇم قىپتۇ، ساك خانى ئېلىنى ئېلىپ يىراق تامانغا — جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغ توخرىلار ساكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىپتۇ»⑯ دېيىلگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «توخرىلار غەربتە ساك خانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بولۇر تاغلىرىدىن ئېشىپ، جەنۇبقا كۆچكەن ساكلارنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىدى. كېيىن ئۇيسۇن كۈنبېگى ئۇلۇغ توخرىلارنى يەڭدى. توخرىلار غەربكە كۆچۈپ باكتېرىيىنى بويسۇندۇردى»⑰ دېيىلگەن. «خەننامە» دە «فەرغانىدىن ئۆتۈپ» دېمەستىن، بەلكى «غەربتە باكتېرىيىگە ھۇجۇم قىلدى» دېگەننى «غەربتە ساكلارنىڭ خانىغا ھۇجۇم قىلدى» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ خاتىرىدىن توخرىلارنىڭ ھونلارنىڭ زەربىسىدە غەربكە كۆچۈپ، دەسلەپتە ساكلارنىڭ يېرىگە كەلگەنلىكىنى، كېيىن بۇ يەردىمۇ ئۇيسۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ فەرغانىگە كۆچۈپ كېلىپ، باكتىرىيىنى ئىشغال قىلغانلىقىنى،

يەنى ئۇدۇل غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئىلى دەرياسى بويلىرىغا بې-
رىپ، ئاندىن جەنۇبقا (باكتىرىيىگە) كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن كېيىنكى دەۋردىكى تەتقىقاتچىلار يۇ-
قىرىقى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل خاتىرىگە ئاساسلىنىپ
ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. ۋاڭ
گوۋېي ۋەكىلىدىكىلەر، «توخرىلار ھونلار تەرىپىدىن مەغلۇپ
قىلىنغاندىن كېيىن، غەربىي جەنۇبقا قاراپ چىڭخەينىڭ سەيدام
ئويمانلىقى ئارقىلىق پىشامشان، چەرچەن ھەتتا تارىم ئويمانلىقى-
نىڭ ئېتەكلىرىگىچە يېتىپ كېلىپ، بۇ يەردە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ
قالدى. كېيىن پامىردىن ئۆتۈپ باكتىرىيىنى بويسۇندۇردى»⑱
دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا توخرىلارنىڭ ئىلگىرى -
كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم كۆچكەنلىكى، يەنى ھونلار تەختىگە
باتۇر تەڭرىقۇت چىققاندىن كېيىنكى دەسلەپكى دەۋردە كۆچكەنلى-
كى ۋە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 177 ـ 176 -
يىللىرى قىلغان يەنە بىر قېتىملىق ھۇجۇمىنىڭ تەسىرىدە كۆچ-
كەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئېھتىمال، ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى ئېيت-
قان يۆنۈلۈش توخرىلارنىڭ كېيىنكى قېتىملىق كۆچۈش سەپىرىدە
بېسىپ ئۆتكەن يولى بولسا كېرەك. ماقالىمىزنىڭ بېشىدا «گوەن-
زى» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان «ياۋچى قاشتېشى» توغرى-
لىق توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. ۋاڭ گوۋېي ئەپەندى بۇ ئەسەرنى
خەن دەۋرىگە ئائىت دەپ قاراپ، ئۇلۇغ توخرىلار خوتەن ئەتراپى-
دىكى رايونلارغىچە يېتىپ بارغان⑲ دەيدۇ. «يېڭى خەننامە.
غەربىي چاڭلار ھەققىدە قىسسە» دىمۇ بۇ ھەقتە: «توخرىلارنىڭ
خانى ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. خەلقى تارقى-
لىپ، غەربتىكى پامىردىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاغرىق - سىلاق،
ئاجىزلىرى جەنۇبتىكى تاغلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ چياڭلارغا بې-
قىندى ۋە ئاستا - ئاستا ئۆز ئارا نىكاھلاشتى»⑳ دېيىلىپ، بۇ
خىل قاراشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئومۇمەن، يۇقىرىقى

مەلۇماتلاردىن توخرىلارنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ هونلارنىڭ هۇجۇمى بىلەن بىر قىسمىنىڭ غەربكە سەپەر قىلىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ۋە ئۇ يەردىن فەرغانىگە كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، يەنە بىر قىسمىنىڭ شەرقىي جەنۇبقا سەپەر قىلىپ چىڭخەي ئارقىيلىق پىشامشان، چەرچەن ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگىچە يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

توخرىلارنىڭ كۆچۈشى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەر كۆچ سېلىشتۇرمىسى ۋە ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئۆزگەرتىپ، غەربىي يۇرت تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۆز ئالدىغا يەككە ـ يېگانە ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر ياكى رايونلار بىر ـ بىرى بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇلارنىڭ ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. روشەنكى، بۇ ئەھۋال ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىگە شەكسىز پايدىلىق بولدى. «خەننامە» قاتارلىق خەنزۇچە مەنبەلەردە جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ توخرىلار بىلەن ئالاقە قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بەلكىم توخرىلار دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى چاغلاردا، يەنى خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن تۈرلۈك ئالاقىدە بولغان بولۇشى مۇمكىن، بولۇپمۇ خەلقلەر ئارىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. خەن سۇلالىسى خەن ۋۇدى دەۋرىگە كەلگەندە، جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. جاڭ چيەننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى هونلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن توخرىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئىدى. بۇ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئالاقىلىشىشى بولدى. گەرچە جاڭ چيەننىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، توخرىلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەنىدى. ۋاڭ گوۋېي

ئەپەندى خەن دەۋرىگە ئائىت دەپ قارىغان «گوەنزى» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان كوئېنلۇن ئېتەكلىرى ۋە خوتەندىن چىقىدىغان قاشتاشنىڭ «ياۋچى قاشتېشى» دەپ ئاتىلىشى بۇنىڭ بىر جانلىق مىسالى بولسا كېرەك. قىسقىسى، توخرىلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈشى مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتىپ، غەربىي يۇرتنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي يۇرت ۋە تېخىمۇ يىراق جايلارغا تارقىلىشىدا ۋە شۇنداقلا غەربىي يۇرتنىڭ بەزى مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرىشىدە زور رول ئوينىدى.

ئەمدى، ئەينى زاماندا جۇڭگو ۋە غەربىي يۇرت تارىخىدا خېلى زور رول ئوينىغان قوۋم — ئۇيسۇنلار توغرىلىق توختىلىپ ئۆتەيلى. يېغىلىق دەۋرى ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە خېشى كارىدورىدىن شىنجاڭغىچە بولغان بۇ كەڭ رايوننىڭ تارىخ سەھنىسىدە بۇ ئۇيسۇنلارمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن قەدىمكى مىللەت ئىدى. ئۇلار شىنجاڭ رايونىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇيسۇنلار ھەققىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار مەركەزلىك ھالدا «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەننامە» قاتارلىق دەسلەپكى تارىخ كىتابلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەكمۇ قىسقا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرى، توخرىلار، ھونلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، غەربكە كۆچۈش ئەھۋالى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق خاتىرىلەر بەك ئاز. شۇڭا جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيسۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ياشىغان جايلىرى دېگەندە، ئاساسەن، ئۇيسۇنلارنىڭ ناندۇبىي دەۋرىدە ياشىغان

جايلىرى ۋە ناندۇبېينىڭ ئوغلى كۈنبېي غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى ياشىغان جايلىرى توغرىسىدا مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىنىڭ پىكىرلىرى ھەر خىل بولغان. يېقىنقى زامان چەت ئەل ئالىملىرىمۇ ئورتاق بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن. نانذۇبېي - تەخمىنەن يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ئارىلىقتا ئۇيسۇن خانى، ئۇ چاغلاردا ئۇيسۇنلار قۇدرەتلىك توخرىلار بىلەن قوشنا بىر كىچىك ئەل ئىدى. بۇ ھەقتە «خەننامە» دە ئېنىق خاتىرە بار، ئۇنىڭدا: «ئۇيسۇن ئەسلىدە توخرىلار بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا بىللە تۇراتتى»㉑. «كۈنبېينىڭ دادىسى ناندۇبېي ئەسلىدە توخرىلار بىلەن بىرلىكتە چىلىيەنشەن - دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا تۇراتتى»㉒ دېيىلگەن. ئۇلار يېقىن قوشنا بولغانلىقتىن چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە توخرىلار ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، .ئۇلارنىڭ پائالىيەت رايونلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تومتاق خاتىرىلەردىن باشقا، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» لەردە ھېچقانداق كونكرېت ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيەسىنى تەتقىق قىلغان ھازىرقى زامان جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى، ئادەتتە، «ئۇيسۇن توخرىلارنىڭ غەربىدە ياشىغان»㉓ دەپ قارايدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرى بىردەك ئەمەس. ئومۇمەن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى ۋە ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيسۇنلارنىڭ چىلىيەنشەن تېغى ۋە دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا توخرىلارغا قوشنا، يەنى توخرىلارنىڭ غەربىدە ياشىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇيسۇنلارنىڭ ئەتراپىتىكى قوشنا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، غەربكە كۆچۈشى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى قاتارلىق مەسىلىلەرگە كەلسەك، بۇ مەسىلىلەر توغرىلىقمۇ قاراش بىردەك ئەمەس. قەدىمكى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىن «تارىخىي خاتىرە-

لەر» ، «خەننامە» لەرنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ئۇيسۇنلارنىڭ ھونلار ياكى توخرىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىق مەسىلىسىدە ئىككى كىتابتىكى خاتىرىلەر ئوخشاش ئەمەس، يەنى «تارىخىي خاتىرىلەر» دە ھونلار، «خەننامە» دە توخرىلار دەپ قارايدۇ. كىم كىمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىق مەسىلىسىدە ئۇيسۇنلار دائىم توخرىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغان بولسا كېرەك. چۈنكى ھونلار باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئاۋۋال توخرىلار خېشىدىكى كۈچلۈك قوۋملارنىڭ بىرى ئىدى. ھازىر بۇ ھەقتىكى ئومۇملاشقان قاراش مۇنداق: ئۇلۇغ توخرىلار ئۇيسۇنلار خانى ناندۇبېيگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يەرلىرىنى تارتىۋالغان، خەلقى بولسا ھونلار زېمىنىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلاردىن پاناھلىق تىلىگەن. بۇ ۋاقىتتا ناندۇبېينىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى كۇنبېينى ھون تەڭرىقۇتى بېقىۋېلىپ چوڭ قىلغان بولۇپ، تەڭرىقۇت ئاتىسىنىڭ خەلقىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى ئۆز خەلقىگە سەردار قىلدى. بۇ ۋاقىتتا باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، توخرىلار ھونلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان مەغلۇپ قىلىنىپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتكەنىدى، كۇنبېي ئۆز خەلقىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھون تەڭرىقۇتىدىن ئۇلۇغ توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كۇنبېي تەڭرىقۇتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، غەربكە يۈرۈش قىلىپ ئۇ يەردىن توخرىلارنى سىقىپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. ھازىر كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئۇيسۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئۆتمۈشى مۇشۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيسۇنلارنىڭ غەربكە كۆچكەن يولى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق خاتىرە بولمىسىمۇ، مۇناسىۋەتلىك جۇغراپىيە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ قارىغىنىمىزدا، ئۇلار دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىن قۇمۇل بوستانلىقلىرىغا كىرىپ، ئۇ يەردىن تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى-

نى بويلاپ غەربكە كەتكەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا خېشى كارىدورىدىن چىقىپ غەربكە سەپەر قىلغاندا، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يولىدىن ئىبارەت ئىككى يول بار ئىدى. «ئۇيسۇنلار ئالدىنقى يولنى تاللىغان بولسا، كىرورەن بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەس بولاتتى. شۇڭا بۇ يول بىلەن مېڭىشىنىڭ ئېھتىمالى ئاز. قومۇلدىن غەربكە مېڭىپ، تيانشاننى بويلاپ مېڭىش 17 تۈمەن چارۋىچى ئۇچۈن بىر قەدەر مۇۋاپىق بولۇپ، مەيلى تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى ياكى تاغ ئارىسى بولسۇن، ھەممىسى ئوت - چۆپ، سۇلىرى مول ئوتلاقلار ئىدى»㉔. ئۆتكەن بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئارخېئولوگلار ئىلى دەرياسى ۋادىسى ۋە موڭغۇلكۈرە، گۇڭچۇڭلاردىن قەدىمكى مىس كان ئىزلىرى ۋە رەڭلىك ساپال قاچىلارنى تاپتى، بۇلار ئۇيسۇنلارغا ئائىت يادىكارلىقلار دەپ قارىلىۋاتىدۇ㉕. يۇقىرىقى تەھلىل ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا قارىغاندا، ئۇيسۇن خانى ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرى ۋە خەلقىنى باشلاپ تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىنى بويلاپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇيسۇنلار غەربكە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى كۈچلۈك ۋە چوڭ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە «خەننامە» دە: «ئاھالىسى 120 مىڭ تۈتۈن، 630 مىڭ كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە ياراملىقى 188 مىڭ 800 نەپەر» ㉖ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى چوڭ سان. ئۇيسۇنلارنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىشى شىنجاڭنىڭ ۋە ئۇيسۇنلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى يېڭى نىشانغا باشلىدى. بەزىلەر ئۇيسۇن بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۇيسۇنلار غەربكە يۆتكىلىپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كەلگەندىن كېيىن باشلانغان㉗، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا «خەننامە. جاڭ چيەننىڭ تەر-

جىمىھالى» ئاساس قىلىنغان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇيسۇنلار
غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن، يەنى خېشى رايونىدىكى چاغلاردىلا
خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ
بولۇشى تەبىئىي. يۇقىرىقى نەقىل بولسا غەربىي خەن سۇلالىسى-
نىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن ھون
دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن زىددىيەت ۋە توقۇنۇش بار ئىدى.
بۇ ئاساسلىق زىددىيەت ئاساسىدا خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرت
ۋە ئۇيسۇن بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشتەك ئىستىراتېگىيە-
لىك يول تۇتۇشى بىر قاتار تەدبىر ۋە تاكتىكىلارنى مەيدانغا
كەلتۈردى. بۇ ئىشلار «خەننامە» دە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن
بولۇپ، سەيياھ جاڭ چيەن ئارقىلىق ئىشقا ئاشقانىدى. جاڭ
چيەن پادىشاھ خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن توخرىلار بىلەن
ئالاقە باغلاش ئۈچۈن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلدى. جاڭ
چيەن گەرچە سەپەرنىڭ ئەسلى مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ،
ئەمما ئۇيسۇنلار ۋە غەربىي يۇرتنىڭ رايون ئەھۋالى ھەققىدە
ناھايىتى نۇرغۇن مەلۇماتلارنى ئېلىپ قايتتى. بۇ، ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىكتىكىلەر بىلەن غەربىي يۇرتتىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە
مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ۋە بىر - بىرىنى چۈشىنىشىنى ئىلگىرى
سۈردى. خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە تەكلىپىگە
بىنائەن ئۇيسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇيسۇنلارمۇ چاڭئەنگە زىيا-
رەتكە ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن خەن سۇلالىسى
بىلەن ئۇيسۇنلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىلدى.
بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىشى
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ئالدى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسى-
دىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىنى ئاچقان ھەم خەن سۇلالى-
سى بىلەن ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ھونلارنىڭ ھۇ-
جۇمىنى چېكىندۈرۈشىگە كۈچلۈك ئاساس سېلىپ بەرگەنىدى.
«شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇيسۇنلار ھونلارنىڭ تەھدىتىدىن ئاساسەن

قۇتۇلغان، ھون قۇلدار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭمۇ خەن سۇلالىسىگە قايتا زور ھەربىي تەھلىكە يۈرگۈزگىدەك مادارى قالمىغان. بۇ، ئۇيسۇن، دىڭلىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا ئەجايىپ ئەھمىيەتكە ئىگە»㉘.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈشى ياكى راۋانلىشىشى خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى قۇدرەت تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولدى. شۇڭلاشقا ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ھەمكارلىقى ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي يۇرت، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسەتتى. خەن سۇلالىسى ھونلار بىلەن قوش (قاڭقىل) نى تالىشىش جەريانىدا ئۇيسۇنلار بىلەن ھەمكارلاشقانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى بۇنداق ھەمكارلىققا دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ. خەن شۈەندى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 72 ـ 71 ـ يىللىرى ھونلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ھونلارنى بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. خەن سۇلالىسى ئۇيسۇنلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى كەڭ رايونلارنى كونترول قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى غەربىي يۇرتتىكى ھەربىي ـ مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ـ غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى ئەۋەتتى.

ھونلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ياشايدىغان ۋە بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش مىڭ يىل ئىلگىرى خۇاشيا قەبىلىسى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئېچىش، ئۇزاق تارىخىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە ھون قەبىلىلىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى چوغاي تاغلىرى ئەتراپى ۋە ئوردوس

رايونى قاتارلىق جايلارنى ئاساس قىلىپ ھون قەبىلىلىرى ئىتتىن-
پاقىنى تەشكىللىگەن، بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي مەر-
كىزى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋۇيۇەن ناھىيى-
سى ئەتراپىدىكى تۇمەن شەھىرى ئىدى. ئەينى چاغدا يەنى مىلادى-
يىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىك ئۆز ئارا ئۇرۇش قىلغاچقا،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى تامامەن دېگۈدەك ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە
قالدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان ھون ئاقسۆڭەكلىرى - چەۋەندازلى-
رى پات - پات ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە باستۇرۇپ كىردى. مىلادى-
يىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى يەنى خەن گاۋزۇ لىيۇباڭ خەن
سۇلالىسىنى قۇرۇشتىن تۆت يىل بۇرۇن، ھون شاھزادىسى باتۇر
(مودۇ) ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، ھون دۆلىتىنى
قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى چاغدا غەربىي
خەن سۇلالىسى بىلەن ھون تەڭرىقۇتلۇقىدىن ئىككى زور سىيا-
سىي كۈچ ئوخشاش دېگۈدەكلا مەيدانغا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن
مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال ۋە غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى
قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ
كۆچۈش - يۆتكىلىشلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىپ، غەربىي
يۇرت تارىخىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ھونلار
باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 -، مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى 174 - يىللار) دەۋرىدە تازا كۈچىيىپ ئۆز ئەتراپىدىكى
نۇرغۇن مىللەت، قەبىلىلەرنى ۋە رايونلارنى بويسۇندۇردى. باشتا
سۆزلەپ ئۆتكەندەك، توخرىلار بىلەن ئۇيسۇنلارمۇ ھونلار قۇدرەت
تاپقان مۇشۇ دەۋردە كۆچۈپ كەتتى. خەن سۇلالىسى بولسا خەن
گاۋزۇ لىيۇباڭ دەۋرىدە مۇرەسسەلىشىش، يارىشىش سىياسىتىنى
يولغا قويدى. قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى، شۇنداقتى-
مۇ پات - پات چېگرا توقۇنۇشىمۇ بولۇپ تۇردى. لېكىن ھونلار-
نىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەت تېپىپ موڭغۇل دالىسى ۋە

غەربىي يۇرتقا ئوخشاش كەڭ رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى مەملىكىتىمىز تارىخىدا ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۆز ئالدىغا يەككە - يېگانە ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر ياكى رايونلار بىر - بىرى بىلەن يېقىنلاشتى، ئۇلارنىڭ ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلاشتى. بۇ ھال ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا شەكسىز پايدىلىق ئىدى. «بۇ دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكى بەزى خەنزۇ مەدەنىيەتلىرى ھونلار ئارقىلىق شىمالدىكى ۋە غەربتىكى ناھايىتى يىراق جايلارغا تارقالدى. شۇنىڭدەك چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ۋە غەربىي رايوننىڭ بەزى مەدەنىيەتلىرىمۇ ھونلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىردى»㉙.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - يىلى باتۇر تەڭرىقۇت موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىدا تۇرغاندىن كېيىن، ھونلار غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۈچىيىش ۋە ئاجىزلىشىشتەك ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى (مىلادىيىنىڭ 48 - يىلى) گە كەلگەندە، جەنۇب ۋە شىمال ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى، جەنۇبىي ھونلار خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسى ئىچىدە ياشىدى. شىمالىي ھونلار بولسا خەن سۇلالىسى بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە دائىم بېسىپ كىرىپ تۇردى. شىمالىي ھون كۈچلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىشى خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سالدى. شۇ سەۋەبتىن، خەن سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ دۆلەتنىڭ كۈچىيىشى ھەمدە جەنۇبىي ھونلارنىڭ ياردىمى بىلەن، شىمالىي ھونلارغا قارشى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي ھونلارغا كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشى مىلادىيە 89 - يىلى باشلانغان. نەتىجىدە خەن

سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي هونلار قوشۇنىنىڭ ئارىغا ئېلىپ هۇجۇم قىلىشى شىمالىي هونلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، شىمالىي هونلار تەڭرىقۇتىنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي هونلار قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز قورشاپ هۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە مىلادىيەنىڭ 91 - يىلى شىمالىي هونلار تەڭرىقۇتى قىسمەن ئادەملىرىنى باشلاپ غەربكە قاچتى، شۇنىڭ بىلەن شىمالىي هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانى باشلاندى. هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈش يۆنىلىشى ھەققىدە لىن گەن ئەپەندى: «بىرىنچى مەنزىلى ئۇيسۇنلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونى، ئىككىنچى مەنزىلى كانگىيە، ئۈچىنچى مەنزىلى ئالان (ئائورسى) بولغان، ئاندىن ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن» ㉚ دەپ قارايدۇ. ياڭ جيەنشىن ئەپەندىنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. هونلار مۇشۇ كۆچكەنچە ياۋرۇپاغا باستۇرۇپ كىرىپ، ياۋروپادا مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۇنيا تارىخىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى كېيىن هازىرقى ۋېنگرىيە زېمىنىدا ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك مىللەتلەر بىلەن هازىرقى ۋېنگر مىللىتىنى شەكىللەندۈردى. جەنۇبىي هونلار بولسا ئۇزاق مەزگىل شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكىدە ياشاپ، كېيىنچە ئالدىنقى جاۋ، شىمالىي لياڭ، شيا قاتارلىق خانلىقلارنى تىكلىدى. بۇ جەرياندا جەنۇبىي هونلار ئاساسەن تۈرك، سيانپىي، جۇرجان ۋە خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتتى.

هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ جۇڭگو تارىخىغىلا ئەمەس، دۇنيا تارىخىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. بولۇپمۇ مەملىكىتىمىز بىلەن چەت ئەللەر-

نىڭ، ھەم مەملىكىتىمىز ئىچكىدىكى رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىق-
تىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىسىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز
ئارا چۈشىنىشى، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن
ھەم مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ، جۈم-
لىدىن شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشىگە، ئۆز
ئارا قوشۇلۇشىغا تۈرتكە بولغانىدى.

خۇلاسىلىگەندە، ئەمىنىيە، يېغىلىق دەۋرلىرىدىن بۇيان
ئىككى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئۇ-
زاق تارىخىي جەرياندا، خېشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرتتىكى
مىللەتلەر بىر نەچچە قېتىم زور كۆلەمدە كۆچكەن. بۇ مىللەتلەر-
نىڭ بەزىلىرى غەربتىن شەرققە، بەزىلىرى شەرقتىن غەربكە
كۆچكەن. شەرق تەرەپتىن ئالغاندا، بۇ كۆچۈشكە چىن سۇلالى-
سى، ھونلار ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ غەربكە كېڭىيىشى سەۋەب
بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىدىكى مىللەتلەرنىڭ شەرققە
قاراپ كۆچۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. غەرب تەرەپتىن ئالغاندا،
رىم (يۇنان) ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربكە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قى-
لىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان يېرىم ئارىلىغا بېسىپ
كىرىشى سەۋەب بولغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەر-
نىڭ غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە كۆچۈشى خېشى كارىدو-
رى ۋە غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.
شەرق، غەرب مىللەتلىرىنىڭ بۇنداق زور كۆلەمدىكى كۆچۈشى،
شۈبھىسىزكى، بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىكى، بولۇپمۇ قاتناش
لىنىيىسى بويلىرىغا جايلاشقان مىللەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەت-
كەن.

ئىزاھات:

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ
چىقىشى» خەنزۇچە نەشرى، 24 ـ 25 ـ بەتلەر.

② مىكگوۋرىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى»، خەنزۇچە

نەشرى، 37 ـ بەت.

③ ۋاڭ رۇڭخۇي: «دۇنخۇاڭ دېگەن ئىسىمنىڭ يەشمىسى ـ قوشۇمچە جۇڭگو توخرىلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 ـ يىل 4 ـ سان.

④⑬ ۋاڭ شياۋپۇ: «ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا ياشىغان ساكلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىل 3 ـ سان.

⑤ «شۈنزى. ئۇمۇمىي بايان»، ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلىنغان نەقىل، 62 ـ بەت.

⑥ «جى قەبرىستانلىقىدىكى جۇ يازما يادىكارلىقلىرى. خانلار تەزكىرىسى»، ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلىنغان نەقىل، 64 ـ بەت.

⑦ «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»، ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە ئېلىنغان نەقىل، 64 ـ بەت.

⑧ جيەن بوزەن: «تارىختىن ئىلگىرىكى چياڭلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى قوۋملارنىڭ مۇناسىۋىتى»، «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ماتېرىياللىرىدىن تاللانمىلار» (شىنجاڭ قىسمى) غا كىرگۈزۈلگەن ماقالە، 2 ـ قىسىم، 621 ـ بەت.

⑨ ياڭ جيەنشىن: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 192 ـ بەت.

⑩⑰㉑㉖ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑪⑫ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 ـ بەت.

⑭⑮ «تارىخىي خاتىرىلەر. فەرغانە تەزكىرىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑯㉒ «خەننامە. جاڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجىمىھالى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑱⑲ ياڭ جيەنشىن: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى»، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 75 ـ بەت.

⑳㉓㉗ ليۇ گۇاڭخۇانىڭ «يەنە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيسۇن ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرگەن نەقىل، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

ئىلمىي ژۇرنىلى» ، 1981 ـ يىل، 4 ـ سان.
㉔ ۋاڭ بىڭخۇا، ۋاڭ مىڭجيې: «ئۇيسۇنلارنىڭ تارىخىدىكى بىر قانچە زور مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىل 3 ـ سان.
㉕ چېن گې: «شىنجاڭنىڭ رەڭلىك ساپاللىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.
㉘ لىن گەن: «ئۇيسۇنلار ۋە ئۇلارنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىل 1 ـ سان.
㉙ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 46 ـ بەت.
㉚ لىن گەن: «شىمالىي هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىل 1 ـ سان.

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن ۋە مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشقا زور تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇلار ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى، بىراھمى يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللىنىپ، نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان، مۇشۇ يېزىقلار بىلەن تارىخ، ئىقتىساد، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، دىن، تىل قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر قىممەتلىك مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. شۇڭا ئۇلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشقا، ئۇلارغا تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقات خادىملىرىدىن ئىسرايىل يۈسۈپ بىلەن دولقۇن قەمبىرىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان «شىنجاڭ يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيىسى ۋە قېزىۋېلىنغان يازما يادىكارلىقلاردىكى قەدىمكى يېزىقلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ناملىق ماقالىسىدە، شىنجاڭدىن 1. بىراھمى يېزىقىنىڭ قىيسىق شەكلى؛ 2. بىراھمى يېزىقىنىڭ تۈز شەكلى؛ 3. سانسكرىت يېزىقى؛ 4. قارۇشتى (كارۇشتى) يېزىقى؛ 5. قەدىمكى تۈرك يېزىقى؛ 6. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى؛ 7. سوغدى يېزىقى؛ 8. موڭغۇل يېزىقى؛ 9. خەنزۇ يېزىقى؛ 10. تۈبۈت

يېزىقى؛ 11. تاڭغۇت (شىشيا) يېزىقى؛ 12. پەھلىۋى يېزىقى؛ 13. مانى يېزىقى؛ 14. سۇرىيە يېزىقى؛ 15. ئەرەب يېزىقى؛ 16. يەھۇدى يېزىقى؛ 17. قەدىمكى گرېك يېزىقى؛ 18. باسپاھ يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار تېپىلغانلىقى قەيت قىلىنغان. گېرمانە-يىلىك ئا. لېكوك بولسا «شىنجاڭدا 17 خىل تىل، 24 تۈرلۈك يېزىق تېپىلغان» دېگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشتىن بۇرۇن كەڭ قوللانغان يېزىق بولۇپ، 28 ھەرپلىك (تۆتى سوزۇق تاۋۇشقا، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ) بۇ يېزىقتا يېزىلغان يادىكار-لىقلار، جۈملىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى خېلى كۆپ. تەتقىقاتچىلار بۇ يېزىقنى سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. 50 - يىللاردا موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇ-رىيىتىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سەككىز قۇر خەت ئويۇلغان ئابىدىگە ئاساسەن، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن (مىلادىيىنىڭ 840 - يىلىدىن بۇرۇن) لا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ تارىخشا پۈتۈكلەرگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەت يېزىلغان، تارىختا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىمىزدى-كى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغىمۇ خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئالايلۇق، موڭغۇل يېزىقى بىلەن مانجۇ يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزى-قى XII، XV ئەسىرلەردە ئالتۇن ئوردا خانلىقى، تۆمۈرىيلەر خانلىقى ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمەت خەت - چەكلىرىدە قوللىنىلغان.

XII، XV ئەسىردە ئىسلام دىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقى

ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان چاغاتاي يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تەدرىجىي قوللىنىلمايدىغان بولغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جيۇچۈەن ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىدىكى ۋېنجۇ جىلغىسىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك» تېپىلدى. بۇ نوم چىڭ سۇلالىسى كاڭشى خانىنىڭ 26 - يىلى (مىلادىيە 1687 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇ يادىكارلىقنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يادىكارلىقلار ئىچىدە يىلى ئەڭ كېيىن ئەسەر، دەپ ھېسابلىدى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چەت ئەللەرنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى، ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى شىنجاڭ ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ئاسار ئەتىقىلەرنى، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن ۋە ئۇلارنى ئۆز مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن.

1949 - يىلدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا ئاپتونوم رايونىمىز ۋە گەنسۇدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى تاپتى. بۇ يادىكارلىقلار ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى كۇتۇپخانا، مۇزېي ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت تەتقىقات خادىملىرى بۇ يادىكارلىقلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ماقالە ۋە ئەسەر ئېلان قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەزى مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. «مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى 弥勒会见记 » (قۇمۇل نۇسخىسى)

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ بۇددا دىنىدىكى ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىگە ئائىت 27 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ، ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ئىچىدە ھەجىمى ئەڭ چوڭ، خېلى ياخشى ساقلانغان ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ يازما يادىكارلىق 1995 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ تيانشان خەلق گۇڭشېسىنىڭ تۆمۈرتى كەنتى ئەتراپىدىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان. چەت ئەللەردىكى مۇشۇ خىل نام بىلەن ئاتىلىدىغان يازما يادىكارلىقتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ يادىكارلىق ئادەتتە «مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى» نىڭ قۇمۇل نۇسخىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئەسەر جەمئىي 293 ۋاراق (586 بەت) بولۇپ، ھەربىر ۋاراقنىڭ چوڭلۇقى 12 . 7 × 74 . 5 سانتىمېتر كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ قەغىزى قېلىن، قاتتىق، خەتلەر قارا سىياھتا يېزىلغان بولۇپ، ھەربىر ۋاراقنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىغا سۇس قارا رەڭدە قىرغاق سىزىقى سىزىلغان، خەت قۇرلىرىنىڭ ئارىلىقى 5 . 1 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ھەر بىر ۋاراقنىڭ 7 - قۇرى بىلەن 9 - قۇرىنىڭ ئارىلىقىدا سۇس قارا رەڭدە سىزىلغان دۈگىلەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىپ ئۆتكۈزۈپ چېگىپ تۈپلەش ئۈچۈن تېشىلگەن تۆشۈكچە بار. ئەسەرنىڭ 114 - بېتى خېلى مۇكەممەل ياخشى ساقلانغان بولۇپ، قالغان ۋاراقلىرى يىرتىلغان ياكى پۇچۇلۇپ تىتىلىپ كەتكەن. بەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە 31 قۇر، بەزىلىرىدە 30 قۇر خەت بار، 30 قۇرلۇق بەتلەر كۆپ.

تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ بەزى تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدىكى:

«تەڭرى بوگۇ ئېل بىلگە ئارسلان تەڭرى ئۇيغۇر تەزكەنىمىز بەختىگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئون ئۇيغۇر ئېلى، ئوتتۇز شاھزادە ئوغلانى، توققۇز ئەلچى ئەقىلدارى...» دېگەن سۆزلەرگە ئاساسەن، بۇ ئەسەر VIII ، IX ئەسىرلەردە قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى؛ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (850 ـ 1250) دە كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىلىدى.

«مايترىسىمىتنىڭ ئۇچرىشىشى» نىڭ قۇمۇل نۇسخىسى تېپىلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ تەتقىقات خادىملىرى بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. مەسىلەن، فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىل 7 ـ 8 سانلىرىدا: «1959 ـ يىلى قۇمۇلدىن يېڭى تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نومى» دېگەن تېمىدا؛ گېڭ شىمىن ئەپەندى «يازما يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 12 ـ سانىدا: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سەھنە ئەسىرى (مايترىسىمىتنىڭ ئۇچرىشىشى، قۇمۇل نۇسخىسى) ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن تېمىدا؛ ئىسراپىل يۇسۇپ دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجا «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىل 4 ـ سانىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (مايترى سىمىت) نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى توغرىسىدىكى تەتقىقات» دېگەن تېمىدا تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»

بۇ ئەسەر 1930 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېپىلغان بولۇپ، كىتابنىڭ چوڭلۇقى 18× 44 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ 248 ۋارىقى ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخا-

نىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ قەغىزى كەندىردىن ياسالغان، ھەربىر بەتتە 27 قۇر خەت بار بولۇپ، خەتلەر سولدىن ئوڭغا تىك يېزىلغان. ھەربىر ۋاراقنىڭ 5 - قۇرى بىلەن 9 - قۇرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۇگىلەك سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىپ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكچە بار. ئەسەرنىڭ 23 ۋارىقى خېلى ئوبدان ساقلانغان بولۇپ، قالغان ۋاراقلىرى پۇچۇلۇپ كەتكەن.

بۇ ئەسەر ئەسلىدە 10 جىلد بولۇپ، شۈەنزاڭنىڭ شاگىرتى خۇي لى ئۇستازىنىڭ بايانىغا ئاساسەن خەنزۇچە يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەردە مىلادىيىنىڭ VII ئەسىرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ راھىب، سەيياھ شۈەنزاڭنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنـغان. بۇ ئەسەرنى بېشبالىق (بۇگۇنكى جىمسار ئەتراپى) لىق ئۇيغۇر تىلشۇناس سىنقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن قەدىمكى ئۇيـغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

مەملىكىتىمىزدە فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «ئارخېئولوگىيە ئىلمى» ژۇرنىلىنىڭ 1953 - يىل 1 - سانىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› ئۈستىدىكى تەتقىقات دوكلادى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئەسەرنىڭ تەرجىماـنى، تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى، مەزمۇنى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ ئەسەرـنىڭ 7 - جىلدىنىڭ ئوبدان ساقلانغان سەككىز ۋارىقى (16 بەت) توغرىسىدا 1957 - يىلى تەتقىقات ماقالىسى يازدى، 1958 - يىلى ۋە 1977 - يىلى ئۇ ماقالىسىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، «مىلـلىي تىل - يېزىق» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ قاتارلىق يولداشلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 7 - جىلدىدىكى سەككىز ۋاراقـنىڭ تېكىستىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتاب

(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 - يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان) تا ئېلان قىلدى.

1974 - يىلى روسىيىلىك توگۇشېۋا، خەنزۇشۇناس مېنشىكوف بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان يەتتە ۋارىقى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. بۇ رۇسچە ماقالىنى تۇرسۇن رىشات ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىل 9 - سانىدا ئېلان قىلدى.

## 3. «ئىدىقۇت مەھكىمىس سۆزلۈكى»
## (« 高昌馆杂字 »)

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن خەنزۇ تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرلەرگە ئايرىلغان سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى، ئۇنىڭ نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بېيجىڭدىلا تۆۋەندىكى تۆت خىل نۇسخىسى بار.

1) «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى». بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىقىرىلغان نۇسخا بولۇپ، كىتابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 29.3 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 17.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بەتىنىڭ قاتلانغان يېرىگە « 同文堂 » («تۇڭۋېنتاڭ مەتبەئەسى») دېگەن قىزىل تامغا بېسىلغان.

2) «ئىدىقۇت مەھكىمىسى تەرجىمە كىتابى». بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىقىرىلغان ياغاچ باسما نۇسخا بولۇپ، كىتابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 27.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 21.3 سانتىمېتىر كېلىدۇ، بەتىنىڭ قاتلانغان يېرىگە « 高昌馆 » (ئىدىقۇت مەھكىمىسى) دېگەن تامغا بېسىلغان.

3) «خەنزۇتىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى. ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى». بۇ كىتاب ئون قىسىمغا

بولۇنگەن بولۇپ، موڭغۇل، جۇرجىت تىللىرى قاتارلىق بىر نەچچە خىل تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مىلىك سۇلالىسى دەۋرىدە چىقىرىلغان يازما نۇسخا بولۇپ، كىتابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تەتقىقاتچىلار كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى «جاڭ ئەيرۇ تامغىسى» دېگەن خەتكە ئاساسەن، بۇ كىتابنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى خانى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇپەتتىش جاڭ ئەيرۇنىڭ قولىدا ساقلانغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يۇقىرىقى ئۈچ ئەسەر ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

4) «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» — «ياپونىيە دۆڭياڭ كىتاب خەزىنىسى» دە ساقلىنىۋاتقان سىنىك نۇسخا بولۇپ، ئۇ ھازىر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ كىتابتا 208 سۆز - ئىبارە بار. ئۇنىڭدىكى 52 سۆز - ئىبارە «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى» دە يوق سۆزلەردۇر.

«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» مىلىك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تۇرپان، قۇمۇللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا شۇ جايدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1984 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى خۇجېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇا رەتلىگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» (خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە) نى نەشر قىلدى.

## 4. «ئىدىقۇت گاۋچاڭ ۋاڭلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»

بۇ مەڭگۈ تاش 1933 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان جىل-

غىدىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىرمۇ ۋۇۋېيدا ساقلانماقتا. «گەنسۇ-نىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە: «بۇ مەڭگۈ تاش تېپىلغاندا ساق بولۇپ، كېيىن يەرلىكلەر بىلەي تاش قىلىمىز دەپ پارچىلىۋەت-كەنلىكتىن، ئۇنىڭ بىر نەچچە يۈزىدىلا خەت ساقلىنىپ قالغان» دېيىلگەن. ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەڭگۈ تاش ئەسلىدىكى تاشنىڭ ئاستىنقى قىسمى بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، كەڭلىكى 1.62 مېتىر كېلىدۇ. مەڭگۈ تاشتىكى خەتلەر خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان بولۇپ. خەنزۇچە خەتلەر يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلغان، جەمئىي 36 قۇر خەت بار، ھەربىر قۇردا 90 خەت (ھازىر ساق قالغان يېرىمىدا 40 خەت) بار. قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىدا 51 ياكى 52 قۇر خەت بار. بۇ مەڭگۈ تاشتىكى خەنزۇچە تېكىست «داۋيۈەن يادنامىلىرى»، «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەسەرلەر»، «ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا تولۇق خاتىرىلەنگەن.

1964 - يىلى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەن-دى بۇ مەڭگۈ تاشتىكى خەنزۇچە تېكىستنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە سېلىشتۇردى ھەمدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە قىسمىنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسىنى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلدى. 1980 - يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى «ئارخېئولوگىيە» ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 4 - سانىدا بۇ مەڭگۈ تاش ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلدى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقا-تى» (ئۇيغۇرچە) پەسىللىك ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 1 - سانىغىمۇ مۇشۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماقالىسى بېسىلدى.

## 5. بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش يارلىقى

گېرمانىيىنىڭ تۇرپاننى 3 - قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتى

1905 ـ 1907 ـ يىللىرى تۇرپاندىكى مۇرتۇقتىن بىر يازما يادىكارلىقنى تاپقان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ يازما يادىكارلىقتا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان. بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئالىملار ئۇنى «بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش يارلىقى» ياكى «بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى ھۆججەت» دەپ ئاتىدى. ئۇزۇنلۇقى 78.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 27.5 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ يازما يادىكارلىقتا 48 قۇر خەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ 3 ـ، 5 ـ قۇرلىرىدىكى خەتلەرنىڭ ئۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان قۇرلىرىدىكى خەتلەر خېلى ياخشى ساقلانغان، ھازىر بۇ يازما يادىكارلىق يازما يادىكارلىق نومۇرى TIIIM205 (U5317) سابىق شەرقىي گېرمانىيىنىڭ تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيە مەركىزىي تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

بۇ يازما يادىكارلىق تېپىلغاندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخچىلار، تىلشۇناسلار بۇ يازما يادىكارلىق ھەققىدە تەتقىقاتنى قانات يايدۇردى. ئۇنى دەسلەپ روسىيىلىك شەرقشۇناس ۋ.ۋ. رادلوف ئوقۇپ چىقتى. رادلوف ئۆلگەندىن كېيىن، س.ئې. مالوف 1928 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار توپلىمى» دېگەن كىتابىدا بۇ يازما يادىكارلىقتىكى مۇھىم مەزمۇنلارنى كۆپ قېتىم نەقىل كەلتۈردى. كېيىن يەنە گېرمانىيىلىك ئالىم پ. زىيمې بۇ يازما يادىكارلىقنى خېلى چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەتقىق قىلدى.

بۇ يازما يادىكارلىقتا ئۇنىڭ يېزىلغان يىل ـ دەۋرى خاتىرىلەنمىگەن بولغاچقا، ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ئوخشاش بولمىدى. ئالايلۇق، تىخونوف بۇ يازما يادىكارلىقتا چېلىقىدىغان «قۇتلۇق بويلا ئات تەگرىتە قۇت بولمىش قاغان» دېگەن ئۇنۋان نامىنىڭ VIII، IX ئەسىردە ئۇيغۇر قاغانلىرى تەرىپىدىن

قوللىنىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى شۇ دەۋرگە مەنسۇپ يازما يادىكارلىق، دەپ قارىغان. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇ يازما يادىكارلىقتا چېلىقىدىغان «قوۋچىر qucir» دېگەن سۆزنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى «قۇبچىر qubcor» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە «قۇبچىر» (موڭغۇلچە «يايلاق») دېگەن سۆزنىڭ كېيىن چارۋىنىڭ تۇياق سانىغا ئېلىنىدىغان بىر خىل باج نامىغا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە ئاساسەن، بۇ يازما يادىكارلىقنى موڭغۇللار غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە، يەنى تەخمىنەن VIII XIV ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ قارىغان. ئېلىمىزنىڭ تەتقىقات خادىمى ياڭ فۇشۆمۇ «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدە كېيىنكى قاراشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى دىنىدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى بىخۇتلاشتۇرۇپ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، شۇ چاغدا تارقالغان تۈرلۈك دىنلارنىڭ، جۈملىدىن بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىغا يول قويۇش ۋە ئۇنى قوللاش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇددا ئىبادەتخانىلىرى سىياسىي جەھەتتە تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماي، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ ئىبادەتخانا ئىگىلىكىنى روناق تاپقۇزغان. بۇنداق ئەھۋال «بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش يارلىقى» دا خېلى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇ يازما يادىكارلىقتا بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خېلى كۆپ ئۈزۈمزارلىقى ۋە يېرى بارلىقى، بۇ ئۈزۈمزارلىق ۋە يەرلەردە قوۋغاغ (quvɤau) دەپ ئاتىلىدىغان يانچىلار ۋە سەلى (Sali) دەپ ئاتىلىدىغان تەبىقىدىكى مۇرىتلار ئىشلەيدىغانلىقى، ئۇلار ئاشلىق تېرىش، ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، ئۈزۈم ھارىقى ئىشلەش ۋە پاختا، كەندىر تېرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنى-

غان. ئۇنىڭدا يەنە ئىبادەتخانىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىنىدىغانلىقى، ئۇي ھايۋانلىرى بېقىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئۆز ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان قويۇق تەبىئىي ئىگىلىك (ناتۇرال ئىگىلىك) نىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

موڭغۇللارغا بېقىنغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئىبادەتخانا ئىگىلىكىنىڭ روناق تېپىشىنى قوللاش ۋە ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن يەنە ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتە تۈرلۈك ئىمتىيازلارنى بەرگەن. مەسىلەن، «بۇددا ئىباتخانىسىنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش يارلىقى» دا ئۈزۈمزارلىق بېجى، كەندىر بېجى، پاختا رەخت، ئۈزۈم ھارىقى بېجى، تۇتۇن بېجى، قۇبچىر بېجى (تـۇيـاق بېجـى)، ئالۋان بېجى قاتارلىق باجلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان. قىسقىسى، بۇ يازما يادىكارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، جۈملىدىن يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، دىن، باج - سېلىق ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 6. سودا ئىشلىرىغا دائىر ئالتە پارچە يازما يادىكارلىق

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي - ئىقتىسادقا ئائىت يادىكارلىقلار ئىچىدە سودا ئىشلىرىغا دائىر يازما يادىكارلىقلارمۇ خېلى كۆپ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سودا ئىشلىرىغا دائىر يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئالايلۇق، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ تەتقىقات خادىمى نيۇ رۇجى «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانىدا «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سودا ئىشلىرىغا دائىر ئالتە پارچە
خەت - چەك ئۇستىدە تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي ماقالە ئېلان
قىلدى، ئاپتور ئۇ ماقالىسىدە فرانسىيىلىك خامىلتونىنىڭ «دۇن-
خۇاڭدىن تېپىلغان IX ، X ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدىن پايدىلىنىپ،
دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سودا ئىشلىرى-
غا دائىر ئالتە پارچە خەت - چەكنىڭ ئەسلى تېكىستىنى ئېلان
قىلدى ۋە بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ مەزمۇنى ئۇستىدە ئىزدەندى
ھەم ئۇلارغا زۆرۈر ئىزاھ بەردى. ئەمدى نيۇرۇجىنىڭ ماقالىسىگە
ئاساسەن ئۇ ئالتە پارچە خەت - چەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى
تونۇشتۇرىمىز.

1. خامىلتون 28 - دەپ نومۇر قويغان يازما يادىكارلىق.
30×21.7cm كېلىدىغان (ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭ-
لىكى 21.7 سانتىمېتىر) بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شاجۇ
(دۇنخۇاڭ) لۇق تاڭقۇش ئەردەم ئۇگە قۇمۇل (قامىل) لۇق قار
ئەردەم ئىنالغا ئەۋەتكەن. مەكتۇپتا خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىدىن
ئىززەت - ئىكرام بىلەن ھال - ئەھۋال سورالغان ھەمدە ئۇنىڭ
خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئېيتىلغان. ئارقىدىن 3 - شەخس ۋە
ئۆتكەن زامان پېئىلى ئارقىلىق خەت تاپشۇرۇۋالغۇچى خەت ئەۋەت-
كۈچى تۇرۇشلۇق جايدا ئۇچىنچى بىر شەخسنىڭ مال - مۈلۈكىنى
قويۇپ قويغانلىقى بايان قىلىنغان. مەكتۇپتا بۇ مال - مۈلۈك
ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەگرىقۇلى دېگەن كىشىنىڭ ئىسمى-
مۇ تىلغا ئېلىنغان. قار ئەردەم ئىنال خېتىدە تەگرىقۇلى
ئۇنىڭدىن 3 - 4 توپ يىپەك رەخت ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيت-
قان، تاڭقۇش ئەردەم ئىنال جاۋاب خېتىدە تەگرىقۇلى ئۇ رەخت-
لەرنى زادىلا ئەكەتمىدى، دېگەن.

2. خامىلتون 29 - دەپ نومۇر قويغان يازما يادىكارلىق.
29.2×21.8cm كېلىدىغان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى

مەكتۇپنىڭ ئالدى يۈزىدە 12 قۇر، كەينى يۈزىدە 10 قۇر خەت بار. بۇ مەكتۇپنى مەنگى سىلىنگ، كۆچ تۇزۇن ۋە قۇتلۇغ تۇزۇنلەر شاجۇدىكى بىر سەنگۇن تۇز يىگەن (ئادەم ئىسمى) بىلەن سەنمىش تۇزۇنگە ئەۋەتكەن. سەنگۇن تۇز يىگەن مەنگى سىلىنىڭ جىيەنى بولۇشى مۇمكىن. مەكتۇپتا قۇتلۇق تۇزۇن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغۇچىلارغا مەكتۇپنى تاغىسى (چەچمى) نىڭ قىشىغا قويۇپ قويغانلىقىنى ئېيتقان، كۆچ تۇزۇن سەنگۇن ۋە يىگەن باسقا ئۆرۈك قېقى (ئەرۈك)، كىشمىش (قۇرۇق ئۈزۈم) قاتارلىقلارنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن، مەكتۇپ ۋە خالتىلارنى كارۋان «ئارقىش» لوتۇقتا بېرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مەكتۇپنىڭ كەينىدە قۇتلۇغنىڭ سەنگۇنگە يازغان خېتى بار، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن سەنگۇن ئىلگىرى قۇتادمىش يىگەننىڭ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى، ئاندىن تېرىلغۇ يەر تالىشىپ قۇراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەنلىكىنى قەيت قىلغان.

3. خاملتون 27 - دەپ نومۇر قويغان يازما يادىكارلىق. 30×32cm كېلىدىغان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەكتۇپتا 11 قۇر خەت بار. بۇ مەكتۇپنى بىر ۋالىي بىر راھىبقا - «ۋاپشىم تويىنغا» ئەۋەتكەن، ئۇنىڭدا سالام - سائەتتىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ گەزلىمە «بۆز» سودىسى ھەققىدە، چىغار، لەۋكى دەپ ئاتىلىدىغان رەخت توقۇش ئەسۋابلىرىنى ئالماشتۇرۇش ھەققىدە سۆزلەنگەن.

4. خاملتون 30 - دەپ نومۇر قويغان يازما يادىكارلىق. 30×41cm كېلىدىغان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقنىڭ كەينى يۈزىدە تۆت قۇر خەت بار، شاجۇغا ئەۋەتىلگەن بۇ مەكتۇپ پۇچۇلۇپ كەتكەچكە، خەت يازغۇچىنىڭ نامىنى بىلگىلى بولمايدۇ، تەتقىقاتچىلار خەت يازغان كىشى سۇجۇدا ۋاقتىنچە تۇرغان بولسا كېرەك، دەپ قارايدۇ. بۇ مەكتۇپ شاجۇدىكى كىشىلەرگە، جۈملىدىن راھىب ساغ تويىن ۋە شاجۇلۇق سىلىگ

قاتارلىقلارغا ئەۋەتىلگەن. خەت يازغۇچى مەكتۇپنىڭ بېشىدا ئۇ-
لاردىن خەت كەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنغان ھەمدە شاجۇدا قەغەز
يوقمۇ دەپ سوراپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغان. خەتتە ئاندىن
تەزەك يولغا چىقماقچى، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇڭلار
دېيىلگەن. خەت يازغۇچى يەنە قاچاقۇرۇچ (كىچىك قازان)،
كىچىك پىچاق، بوياق (دۇغ) قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلغان ھەمدە
بىر توپ يىپەك (يىگ تورۇ) ئەۋەتىپ بېرىشىنى خالايدىغانلىقىنى
ئېيتقان. خەت يازغۇچى مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا سوۋغات ئەۋەتەل-
مىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىخاھلىق ئېيتقان ھەمدە كېلەر قېتىم
جىق سوۋغات ئەۋەتىمەن دەپ ۋەدە قىلغان.

5. خامىلتون 36 - نومۇر قويغان يازما يادىكارلىق.
29 × 11.5cm كېلىدىغان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياد-
كارلىقتا 11 قۇر خەت بار. تەتقىقاتچىلار بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىغا
ئاساسەن ئۇ مەكتۇپ شاجۇغا ئەۋەتىلگەن، دەپ قارايدۇ. بۇ مەك-
تۇپتا خەت يازغۇچى 24 يۈگەم يىپەك (تورقۇ) تاپشۇرۇۋالغان-
لىقى، ئۇ توققۇز يۈگەم يىپەككە يازۇق ئىسىملىك بىر كىشىنى
تېگىشكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

6. ستەيىن 117 - 8212 - دەپ نومۇر قويغان يازما
يادىكارلىق، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ يادىكارلىقنىڭ ئالدى
يۈزىدە بەش قۇر، كەينى يۈزىدە ئۈچ قۇر خەت بار. بۇ مەكتۇپتا
بىر نەچچە كىشىنىڭ، بىر قويغا تۆت توپ يۇڭ توقۇلما، قىزىل
ۋە ئاق يۇڭ توقۇلما تېگىشكەنلىكى ھەمدە باي قۇتلۇغ ئىسىملىك
بىر كىشى ئۇلارغا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكى
تىلغا ئېلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل، تۇرپان
رايونلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئالماشتۇرغان خەت - چەك-
لەر توپلىمى - «ئىدىقۇت مەھكىمىسى خەت - چەكلىرى» (تۆت
قىسىملىق) خەنزۇچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بو-

لۇپ، 1981 ـ يىلى خۇ جېنخۇا بىلەن خۇاڭ رۇنخۇا تەرىپىدىن رەتلىنىپ، «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىدىقۇت مەھكىمىسى- خەت ـ چەكلىرى» دېگەن نام بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ مىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈ- مىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ زىچ ئالاقىسىنى، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر- لارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، تارىخ، جۇغراپىيە، تىل ـ ئەدەبىيا- تىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. قەدىمـ- كى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بەزى يادىكارلىقلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل 3 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىق- لىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە يەنە «تەڭرى تەگرىسى بۇرخان . . . نومى» (1929 ـ يىلى شىنجاڭ- دىن تېپىلغان. ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى- نىڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتىدۇ)، «80 ئاغىلىق بۇددا ۋاتام ساكاما خاۋا پۇليا سۇترا» (دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان، ھازىر گەنسۇ ئۆلكىلىك موزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ) قا- تارلىق دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىككە دائىر خەت ـ چەكلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۇتۇبخانىلار، مۇزېيلاردا ساقلانماقتا. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەتقى- قاتنى كۈچەيتىپ، بۇ جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشقا تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، 92 ـ يىل 1- سان (ياڭ فۇشۆ، نيۇ رۇجىلارنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ).
② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، 1989 ـ يىل 4 ـ سان.
③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)، 1982 ـ يىل

4 - سان، 1984 يىل 1 - سان، 1985 - يىل 1 - سان.

④ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

⑤ «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل 5 - ئاي نەشرى.

⑥ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئايلىق ژۇرنال، 1983 - يىل 9 - سان.

⑦ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

⑧ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 — يىل 4 - ئاي نەشرى.

# ياللۇغ چۇساي ۋە «غەرب سەپىرىدىن خاتىرە»

ياللۇغ چۇساي (1190 ـ 1244 ـ يىللار) موڭغۇل ئىمپېرى-يىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى. ئۇ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش مەزگى-لىدە چىڭگىزخان (تېمۇچىن)، ئۆكتاي خانلارغا مەسلىھەتچى بولغان. ئۇلار ياللۇغ چۇساينى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. ئۇ ئوتتۇ-رىغا قويغان بەزى تەكلىپلەر گەرچە ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈل-لىنىشىدە مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغان.

ياللۇغ چۇساي قىتانلارنىڭ لياۋدۆڭدىكى خانى تۇيۇنىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى يەنجىڭ (بېيجىڭ، ئەينى چاغدا خانبالىق دەپ ئاتالغان) دا ھازىرقى ئولتۇراقلاشقان. «ئەل ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» گە ئاساسلان-غاندا، ياللۇغ چۇساينىڭ ئەجدادلىرى ئەينى دەۋرنىڭ بىلىملىك كىشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار ياللۇغ چۇساينىڭ كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئەتراپلىق يېتىلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. يال-لۇغ چۇساي 13 يېشىدا خەنزۇچە كلاسسىك دىنىي ئەسەرلەرنى راۋان ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، رۇشۇ دىنىي تەلىماتىنىڭ ئەقىدە-لىرى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىقات ئېلىپ بارالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇ كېيىنچە داۋاملىق تىرىشىپ ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، جۇغراپىيە، تەقۋىم (كالېندارچىلىق)، تېبا-بەتچىلىك، يېزىقچىلىق ساھەسىدە ئەجدادلىرىدىن ئېشىپ چۈش-كەن. ياللۇغ چۇساي 1218 ـ يىلى يارلىققا بىنائەن موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدىكى چىڭگىزخان ئوردىسىغا بېرىپ مەسلىھەت-

چى بولغان، 1219 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە غەربكە ـ يىراق ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان. ئۇ غەربتىكى دۆلەت ۋە رايونلاردا ئالتە يىلدەك تۇرغاندىن كېيىن، 1224 ـ يىلى چىڭگىزخان بىلەن بىللە موڭغۇل دالىسىغا قايتىپ كەلگەن. 1227 ـ يىلى چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى تولى ئاتىسىنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلغان. بۇ مەزگىلدە خېشى كارىدورىدا تۇرۇۋاتقان ياللۈغ چۇساي «كىتاب ـ ماتېرىياللارنى ئېلىپ پايتەختكە قايتىش» ھەققىدىكى يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ خانبالىققا قايتقان. ئۇ پايتەخت خانبالىققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يار ـ بۇرادەرلىرى ئۇنىڭدىن غەربتىكى يۇرتلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشقان. بۇنداق قىزىقىش ئۇنىڭ «غەرب سەپىرىدىن خاتىرە» نى يېزىشىغا تۈرتكە بولغان.

ئۇ يازغان «غەرب سەپىرىدىن خاتىرە» دە، غەربىي يۇرت (ئاساسەن شىنجاڭ ۋە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى) نىڭ تاغ ـ دەريالىرى، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە دائىر ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. شۇڭا ئۇ ئەسىر XIII ئەسىردىكى غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئاتاقلىق تارىخچى شىيالىڭ دا گەپ ـ ئەندى: «‹غەرب سەپىرىدىن خاتىرە›» . . . تيانشاننىڭ شىمالىدىن چۇ دەرياسى، سىر دەرياسى، ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان جايلارنىڭ X II ئەسىردىكى تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى ئەڭ ئاۋۋالقى، ئەڭ مۇھىم كىتابلارنىڭ بىرى، دەپ كۆرسەتكەن. شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى، ياللۈغ چۇساي رۇجىيا مەزھىپىنىڭ سادىق مۇرىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسىرىدە باشقا مەزھەپلەرگە، بولۇپمۇ تويىن (داۋجياۋ) مەزھىپىدىكى ساياھەتچى راھىب چيۇچۇجىنىڭ كۆز قارىشىغا ھۇجۇم قىلىنغان دىنىي تەشەببۇسلارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇمۇ شۇ چاغدىكى دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشىنى

تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر ئۇ ئەسەرنىڭ تولۇق بولمىغان يېگانە نۇسخىسى ياپونىيىنىڭ گوڭنىبي ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. («ئوكيانۇس» كىچىكلىتىلگەن نۇسخا، خەنزۇچە، 1835 ـ بەت).

يالڭۇغ چۇساي موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا 30 يىلغا يېقىن ئوردا ئەمەلدارى بولغان مەزگىلدە، ھەربىيلەر بىلەن خەلقلەرنى ئايرىپ ئىدارە قىلىش، باج سېلىقنى ۋە باج مەھكىمىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئوردا كىتاب ـ ماتېرىيال مەھكىمىسى تەسىس قىلىش قاتارلىق بەزى ئاقىلانە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ باج ـ سېلىق مەجبۇرىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، كلاسسىك ئەسەرلەرنى رەتلەش ۋە توپلاشقا بەلگىلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن.

# قەدىمكى جۇغراپىيىلىك تارىخىي ئەسەر — «ھۇدۇدۇلئالەم»

1892 - يىلى رۇسىيىلىك شەرقشۇناس تۇمانىسكىغا ئۇنىڭ پېرسىيىلىك دوستى گۇلپاياگانى بۇخارادىكى كىتابپۇرۇشلاردىن سېتىۋالغان «ھۇدۇدۇلئالەم» («دۇنيادىكى چېگرا - پاسىللار تەپسىراتى») ناملىق پارس تىلىدا يېزىلغان بىر قولىيازما كىتابنى تەقدىم قىلغان. بۇ كىتاب تۇمانىسكى تەرىپىدىن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە رۇسچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىنگلىزچىغا ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ھۇدۇدۇلئالەم» ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى گوزگان دېگەن جايدىكى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن ھىجرىيە 372 - يىلى (مىلادى 994 - يىلى) يېزىلىپ، شۇ جايدا قۇرۇلغان پارگون (فەرىغۇن) خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبۇخارىس مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەدكە تەقدىم قىلىنغان.

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «ھۇدۇدۇلئالەم» ئەسلىدە ئىزاھلىق خەرىتىلەر توپلىمى بولۇپ، خەرىتىلىرى يوقىلىپ كېتىپ، ئىزاھلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. ئاپتور بۇ كىتابتا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرىگە ئاساسەن، دۇنيانى دېڭىز - ئوكيان، ئارال، تاغ تىزمىسى، دەريا ۋە قۇملۇقلارغا ئايرىغان، ئۇ ئەينى زاماندا ئامېرىكا قىتئەسى ۋە ئاتلانتىك ئوكيانىنى بىلمىگەچكە، بۇ ھەقتە توختالمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، دۇنيادىكى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئەھۋالىنى شەرقتىن غەربكە رەتكە تۇرغۇزۇپ بايان قىلغان. مەسىلەن، 9 - بابتىن 11 - بابقىچە شەرقىي جەنۇبتىكى تۈرك قەبىلىلىرى (توققۇز ئوغۇز، ياغما، قارلۇق، چىگىل، تۈرگەش) گە دائىر ئەھۋاللار؛ 18 - بابتىن 22 - بابقىچە غەربىي

جەنۇبتىكى تۈرك قەبىلىلىرى (ئىچكىن، غۇز، پىچىنەك، قىپ-
چاق، ماجار) غا دائىر ئەھۋاللار: 23 - بابتىن 26 - بابقىچە
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارائۇننەھر (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر
دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلار)، خوراسان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
رايونلارغا دائىر ئەھۋاللار ھەققىدە توختالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن-
كى بابلاردا پېرسىيە (ئىران) نىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرى، ئى-
راق، ئەزەربەيجان، ئەرمىنىيە، ئەرەبىستان، سۇرىيە، شىمالىي
ئافرىقا، ئىسپانىيە ۋە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى)
ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. ئاخىرىدا شەرقىي ئافرىقا بىلەن
سۇدانغا ئائىت ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. ئاپتور ھەر بىر دۆلەت
ياكى رايون ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىدىكى چېگرى-
سى ۋە ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۇنىڭدىكى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە جاي-
لارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، مىللەتلىرى، بايلىقى، مەنزىرى-
سى ھەم شۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق
ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرغان.
ئاپتور بۇ كىتابنى «ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن دانىشمەنلەر-
نىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئەسلىمىلىرىگە ئاساسەن يازغان» لىقىنى
ئەسكەرتكەن، ئەمما ئۇ ئۆز كىتابىدا يۇنان ئالىملىرىدىن ئارىستو-
تېل بىلەن پىتولومىنىلا تىلغا ئېلىپ، باشقا ئالىملار ۋە پايدىلان-
غان ماتېرىيال مەنبەسى ئۈستىدە ئېغىز ئاچمىغان. ئالىملارنىڭ
تەتقىق قىلىشىچە، ئاپتور بۇ كىتابنى ئاساسەن IX - X
ئەسىرلەردىكى ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى ۋە سەيياھلىرىنىڭ
نەتىجىلىرى ھەم ساياھەت خاتىرىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىققان.
بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى 10 - ئەسىردە ياشىغانلىقى ئۈچۈن،
ئۆز كىتابىدا شۇ چاغدىكى جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىيات سەۋى-
يىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىتاب شىنجاڭ،
بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخ - جۇغراپىي-
يىسىگە ئائىت ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاپتور خوراساندىكى گوزگان دېگەن
جايدىن بولغاچقا، كىتابتا خوراسان ۋە ماۋارائۇننەھرگە دائىر
ئەھۋاللار بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئاپتور سامانىيلار
خانلىقى (٩٩٩ ـ يىلى قاراخانىيلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان)
نىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خانلىققا ئائىت
ئەھۋاللارنى بايان قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن،
شۇ چاغدا بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى بۇخارا ئىكەنلىكى، بۇ خانلىق-
نىڭ خان جەمەتى پېرسىيىدىكى ساسانىيلار خانلىقىنىڭ بۈيۈك
سەركەردىسى بەھرام چۇساينىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكى، پەرغانە،
ئىراق، تاشكەنت، خوشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭ ئۆزىنىڭ يەر-
لىك ھۆكۈمرانلىرى (چېگرا رايون ۋالىيسى) بارلىقى؛ ھازىرقى
ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالى، ھەتتا كابۇل دەرياسى بويلىرى-
دىكى خەلقلەرنىڭ تېخى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغانلىقى؛
كابۇلنىڭ ئاھالىسى مۇسۇلمانلار ۋە ھىندىلاردىن تەركىب تاپقان-
لىقى، ھىندىلارنىڭ ئىبادەتخانىسى بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات
بېرىلگەن ھەمدە ماۋارائۇننەھرنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان سە-
مەرقەنت شەھىرىدە نۇرغۇن مانى مۇخلىسلىرى ۋە مانى ئىبادەتخا-
نىلىرىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئاتەشپەرەس-
لىك دىنىدىكىلەرنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان.
بۇ كىتابتا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپاندىن ئىسسىقكۆلگىچە بول-
غان جايلاردا ياشايدىغانلىقى، قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان جاي-
لاردا توققۇز ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ ياشايدىغانلىقى، كىنى-
كىت (قاراشەھەر) دىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئۆز سەركەردىسى-
نى يابغۇ دەپ ئاتايدىغانلىقى، ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدىمۇ ياغما
قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان.
«ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى خۇراسان، ماۋارائۇننەھرگە دائىر
خاتىرىلەردە يالغۇز سامانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي
ئەھۋالى بايان قىلىنىپلا قالماي، بەلكى بۇ خانلىقنىڭ قوشنا

رايونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىلگەن. سامانىيلار خانلىقى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر تەرەپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان ئاخىرقى خانلىق بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە قوشنا بولغان رايونلارغا سودا ۋە ئۇرۇش يولى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. بۇ خانلىق 999 - يىلى قارا خانىيلار-نىڭ خاقانلىرىدىن ئارسلان ئىلىك ناسىر ئىبنى ئىلى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى ئافغانىستاندا قۇرۇل-غان غەزنە خانلىقى بىلەن بىرلىكتە، ئامۇ دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ زېمىنىنى بۆلۈشىۋالغان.

«ھۇدۇدۇلئالەم» دە بېرىلگەن مەلۇماتلارنىڭ مەزمۇن دائى-رىسى ناھايىتى كەڭ. بىز ئۇنى ئىلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرى ۋە غەرب سەيياھلىرىنىڭ ساياھەتنامىلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ ئەس-تايىدىل تەتقىق قىلساق، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (يەنى Ⅶ ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە) دىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-نىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ھەم مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت ئەھ-ۋاللارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنەلەيمىز.

# مەرۋەزى ۋە تەبىئەتۇل ھايۋان

شەرەف ئەل زامان تاھىر مەرۋەزى ـ مىلادى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان ئاتاقلىق جۇغراپىيە ئالىمى، تېۋىپ، زوئولوگ ۋە تارىخچى، ئۇنىڭ «تەبىئەتۇل ھايۋان» (ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتى) دېگەن ئەسىرىدە جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك ۋە زوئولوگىيىگە دائىر خاتىرىلەردىن باشقا، ئىلگىرىكى تارىخىي ئەسەرلەردىن ئېلىنغان نەقىللەرمۇ بار. بۇ نەقىللەر شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

مەرۋەزىنىڭ ھاياتىغا دائىر بىۋاسىتە مەلۇمات يوق دېيەرلىك. شەرقشۇناس مىنورىسكىنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن سامانى ئەل دامىرىنىڭ ئەسىرىدىكى ۋاستىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇشىچە، مەرۋەزى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرۋە (مۇئۇرۇ) لىك بولۇپ، مىلادىيە 1046 ـ يىلىدىن 1120 ـ يىلىغىچە ياشىغان. مەرۋەزى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سالجۇق خاندانلىقىنىڭ خانلىرى — مەھمۇد I (1092 — 1094)، بۇر قارۇق (1094 — 1104)، مەھمۇد II (1104 — 1117) ۋە سالجۇق خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى سىنجار (سانجار، 1117 — 1157) دەۋرلىرىدە ئوردا تېۋىپى بولغان. بۇنداق ئىجتىمائىي شارائىت ئۇنىڭ مول ماتېرىيال توپلىشىغا، ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى ئاساسىدا «تەبىئەتۇل ھايۋان» ناملىق مول مەزمۇنلۇق ئەسەرنى يېزىپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. 1936 ـ يىلى دوكتور ئا. ئاربېرى ھىندىستاننىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا «تەبىئەتۇل ھايۋان» نىڭ

ئەرەبچە نۇسخىسىنى چىقىرىپ ئېلان قىلغان. 1942 - يىلى مىنورىسكى بۇ ئەسەردىكى جۇغراپىيىگە دائىر باب - پاراگرافلار (جۇڭگو، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، ھىندىلار، ئېفىئوپىيە ۋە يىراق شەرق-تىكى ئەللەر، ئاراللارغا دائىر بايانلار) نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھ بەرگەن، بۇ تەرجىمە نۇسخىنى ئەنگلىيە پادىشاھلىق ئاسىيا ئىلمىي جەمئىيىتى شۇ يىلى «مەرۋەزىنىڭ جۇڭگولۇقلار، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، ھىندىلار توغرىسىدىكى بايانلىرى» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلغان. كېيىن ئەنگلىيەلىك تارىخشۇناس ن. ئا. ر. گىببىب بىلەن ئېلىمىز ئالىمى جۇ يىلياڭ ئەپەندى ئۇنىڭدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلىغان.

تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، «تەبىئە تۇل ھايۋان» تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان. 1 - قىسىمدا ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىگە ئائىت مەلۇماتلار، مەسىلەن، پارسلار جۇڭگولۇقلار، تۈركلەر، ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) لىكلەر، ئەرەبلەر، ھىندىلار، ئېفىئو-پىيىلىكلەر (ھەبەشلەر) ۋە باشقا خەلقلەرگە ئائىت مەلۇمات بې-رىلگەن. 2 - قىسىمدا بارلىق ھايىۋانلار، يەنى پىلدىن قۇرت - قوڭغۇزلارغىچە بولغان جان - جانىۋارلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنغان. 3 - قىسىمدا قۇشلار (94 خىل قۇش) تونۇشتۇرۇلغان. 4 - قىسىمدا قۇرت - قوڭغۇزلار (35 خىل قۇرت - قوڭغۇز) تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىن بۇ ئەسەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ ناھايىتى مولluقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەرۋەزىنىڭ ئەسىرى تارىخ، جۇغراپىيە تەتقىقاتى جەھەتتىن ئالغاندا، جۇڭگو، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى-نى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئۇ ئەسەرنىڭ جۇڭگو ھەققىدىكى بابىدا جۇڭگوغا بارغان سودىگەرلەر-نىڭ مەلۇماتى، مۇسۇلمان ئەللىرىدىن جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بار-غانلارنىڭ ئەھۋالى، جۇڭگو بىلەن ماۋارائۇننەھر (ئامۇ دەرياسى

بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدىكى رايونلار) نىڭ مۇناسىۋىتى، قەشقەر بىلەن گەنسۇنىڭ ئارىلىقى، غەربتە قىتان، ئۇيغۇر خانلىقىغا بارىدىغان يولنىڭ ئارىلىقى، قىتان خانىنىڭ ماۋاراﺋۇننەھر سۇلتانىغا يازغان خېتى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى، ئۇيغۇر خانلىقى خاقانىنىڭ ماۋاراﺋۇننەھر سۇلتانىغا يازغان خېتى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى، ئىچكى جۇڭگولۇقلار، تۈبۈتلار، خوتەنلىكلەرنىڭ تەقۋىم (كالېندار) چىلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەردە تۈركلەر ۋە ھىندىلار ھەققىدىمۇ خېلى سىستېمىلىق مەلۇمات بېرىلگەن. مەسىلەن، تۈركلەر ھەققىدىكى بابىدا تۈركلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈشى، ئۇلارنىڭ تارقىلىشى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، پەرقى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. ھىندىلار ھەققىدىكى بابتا ھىندىلارنىڭ يەتتە قەبىلىسىنىڭ جايلىشىشى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، ئۇلارنىڭ سەنئەت، ھېسابلاش، گېئومېترىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى، دىنىي ئېتىقادى، ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى، قانۇنى قاتارلىق مەزمۇنلار سۆزلەنگەن.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەرۋەزى ئۆمرىدە جۇڭگو ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا بارمىغان. ئۇنىڭ جۇڭگو، ھىندىستان ھەققىدىكى مەلۇماتى باشقىلارنىڭ يازغانلىرى ياكى ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بەزى يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسانلار مەۋجۇت. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقات خادىملىرىدىن خۇ جىنجۇ بىلەن تيەن ۋېيجاڭ مەرۋەزىنىڭ جۇڭگو ۋە تۈركلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ تەرجىمىلەر «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» نىڭ 1984 - يىللىق سانلىرىدا ئېلان قىلىندى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ژۇرناللىرىغا بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى تەتقىقات ماقالىلىرى بېسىلدى.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دەپ ئاتىلىدۇ) — ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك نادىر ئەسىرىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرى — قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى مۇ-
ھەممەد بۇغراخان (مىلادىيىنىڭ 1056 — 1057 - يىللىرى
تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ نەۋرىسى، بارسخان (ئىسسىقكۆلنىڭ
جەنۇبىي ياقىسىدا) نىڭ ئەمىرى ھۇسەيىنىنىڭ ئوغلى. ئۇ مىلادى-
يىنىڭ 1057 — 1058 - يىللىرى قاراخانىيلار ئوردىسىدا يۈز
بەرگەن قانلىق ۋەقەدە، تەلىيىگە يارىشا ئامان قېلىپ، شەرقىي
قىسىم قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدىن قېچىپ چىقىپ، دەس-
لەپتە بۇخاراغا، كېيىن نىشاپۇر ئارقىلىق باغدادقا بارغان. ئۇ
شۇ قېتىمقى ۋەقەدىن بۇرۇن قەشقەردە شۇ زامانغا نىسبەتەن
يۇقىرى مەلۇماتلىق ھېسابلىنىدىغان ئانىسى بۇبى رابىيە خانىمدىن
خېلى ئەتراپلىق، چوڭقۇر بىلىم ئالغان. ئەينى چاغدا شەرق
ئەللىرىگە تونۇلغان قەشقەردىكى «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ، «مەد-
رىسەئى ساچىيە» دەپ ئاتالغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلەن-
گەن، ئەنە شۇ بىلىم يۇرتلىرىدا شەيخ ئىمام زايىت ھۆسەيىن
ئىبنى خەلەپ قەشقەرى قاتارلىق داڭلىق ئالىملارنىڭ تەربىيىسى-
دە، تۈركىي تىللارنى، ئىلمىي مەنتىقە (لوگىكا) ، تارىخ، جۇغ-
راپىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ، تېبابەتچىلىك ۋە ئىس-

لام ئەقىدىلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

ۋېي لياڭتاۋ ئەپەندى يازغان «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» دېگەن كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار ئوردىسىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلىك قانلىق ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى يەتتە سۇ ۋادىسى، ئىلى، سىر دەرياسى بويلىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۇ يەردە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ «كىرىش سۆز» قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مەن تۈركلەرنىڭ بارلىق سەھرا ـ يايلاقلىرىنى كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، خاككاس (قىرغىزلار) نىڭ پاساھەتلىك تىللىرى دىلىمغا مەھكەم ئورناشتى... ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، مەن ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ۋە ئەڭ روشەن تىل ئارقىلىق بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم.»

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلار ۋە ۋېي لياڭتاۋ قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، «دىۋان» ھىجرىيە 464 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى (مىلادى 1072 ـ يىلى 1 ـ ئاي) دا يېزىلىشقا باشلانغان، ھىجرىيە 466 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (مىلادى 1074 ـ يىلى 2 ـ ئاي) دا يېزىلىپ تاماملانغان. مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئەسەرنى ئەينى چاغدىكى ئاббاسىيلار خانلىقىنىڭ خەلىپىسى ئەبۇل قاسىم ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد مۇقتەدى (مىلادى 1075 — 1094 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) غا تەقدىم قىلغان.

«دىۋان» ئەرەب تىلى ئارقىلىق يېزىلغان تۈرك تىلى لۇغىتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ 11 ـ ئەسىرلەردىكى تۈركىي تىللىق مىللەت-قوۋملارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن مەلۇمات بېرىدىغان تېپىلغۇسىز، بىردىنبىر مەنبەدۇر. بۇ بۈيۈك قامۇستا، ئەينى دەۋردە-

كى تۈركىي تىللىق مىللەت ـ قوۋملارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد،
مەدەنىيەت، تارىخ، ھاكىمىيەت، ئىلىم ـ پەن، يېزا ئىگىلىك،
ئىلمىي نۇجۇم، تەقۋىمچىلىك (كالېندارچىلىك)، پەلسەپە،
جۇغراپىيە، ئەدەپ ـ ئەخلاق، باللار ئويۇنى، ئەپسانە ـ رىۋايەت-
لىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك تارىخىي ماتېرى-
ياللار بار. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى تۈركىي تىللىق مىللەت ـ قوۋم-
لارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ نامى، تارقىلىشى، ئۇرۇق ـ
قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈشى، دىنىي ئېتىقاد تارىخى، يەر ناملىرى
توغرىسىدىكى مول مەلۇماتلار، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى دائىرىلىك
خەرىتە (يۇملاق خەرىتە) بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي
ئەھۋاللارنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىزنى مۇھىم
تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نىڭ كىرىش سۆز
قىسمىدا تۈركىي تىللىق قەبىلە ـ قوۋملار ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلى-
شى توغرىسىدا مۇنداق دەپ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال قال-
دۇرغان:

«تۈركلەر ئەسلىدە يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى
تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپەس ۋە ياپەس-
نىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ رۇم ئەۋلادىنىڭ تەڭرى
ئەزىز كۆرگەن ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىسھاق ۋە ئىسھاق
ئوغلى ئىسۇ، ئىسۇ ئوغلى رۇمغا بېرىپ تاقالغىنىغا ئوخشاي-
دۇ. ھەربىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ،
ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. مەن بۇلاردىن
ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنىلا يازدىم، ئۇرۇق ـ ئايماقلىرىنى
تاشلىدىم. كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلەرنى بىلىشكە ئېھتىياج
بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى ۋە ماللى-
رىغا باسىدىغان تامغىلىرىنى كۆرسەتتىم. مەيلى مۇسۇلمان بول-
سۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈن چىقىشقا

قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ
تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. رۇمغا ھەممىدىن يېقىن
قەبىلە پەچەنەك ( paqanak ) ئاندىن قالسا قىپچاق، ئوغۇز، يە-
مەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز قەبىلە-
لىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. بۇ قەبىلەر رۇم
ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن شەرققە قاراپ شۇ تەرتىپتە سوزۇلغان.
ئاندىن چىگىل، توخسى، ياغما، ئۇغراق، چارۇق، چومۇل،
ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر. خىتاي — چىن دېمەك-
تۇر.

ئاندىن تابغاچ، بۇ — ماچىن دېمەكتۇر. بۇ قەبىلەر جەنۇب
بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلى-
رىنى تۆۋەندىكى دائىرىلىك خەرىتىدە بىر - بىرلەپ كۆرسەتتىم.»

يۇقىرىقى بۇ بىر ئابزاستا ئاپتور ئەينى ۋاقىتتىكى زامان،
ماكان چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، تۈركىي تىللىق قەبىلە - قوۋملا-
رنىڭ مەنبەسىنى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە دىنىي كىتابلاردىكى
شەخس — نۇھ ئەلەيھىسسالامغا باغلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا
ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەت - قوۋم-
لارنىڭ نامى، جايلىشىش تەرتىپى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە-
رىنىڭ ۋە مال - چارۋىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەن - تامغىسى
بارلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرگەن.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، «دىۋان» نىڭ
38 - بېتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نامى توغرىسىدا، 40 - بېتىدە
ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنىڭ ساپ تۈركچە ئىكەنلىكى، ئۆز ئارا سۆزلە-
شىدىغان يەنە بىر خىل شىۋىسى ۋە 24 ھەرپتىن تەشكىل تاپقان
تۈركىي يېزىقى بارلىقى، ئۇلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدى-
غان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بارلىقى، بۇنى خەت - چەك ۋە
ھۆججەتلەرنى يېزىشتا قوللىنىدىغانلىقى، بۇ خىل يېزىقتا يېزىل-
غان خەتلەرنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ۋە چىنلىقلاردىن

باشقىلار ئوقۇيالمايدىغانلىقى ھەققىدە؛ 151 — ، 152 - بەتلىرىدە، ئۇيغۇر — بىر ئەلنىڭ نامى ئىكەنلىكى، بۇ ئەلدە سۇلمى، قوچۇ (قوجو)، جانبالىق، بېشبالىق، ياڭبالىق قاتارلىق بەش شەھەر بارلىقى، «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە چەبدەسلىكىدىن ھەيران قالغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندېر ماكېدونىسكى) نىڭ «ئىنان خۇز خورەند» (بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ) دېگەن سۆزىنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى بىلەن «خۇزخۇر» دىن «ئۇيغۇر» غا ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

يۇقىرىقى بايانلار بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ نامى، تىلى، شەھەرلىرى، باتۇر - چەبدەس ئىكەنلىكى ۋە باشقا مىللەت - قوۋملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا قىممەتلىك تەتقىقات ماتېرىيالى ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بولۇپمۇ، «دىۋان» نىڭ 151 — ، 152 - بەتلىرىدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن تەبىرىنىڭ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىغا ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى بايان كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ ۋە كىشىلەردە تەبىئىي ھالدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلغان چاغدا «خۇزخۇر» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار بارمىتى دېگەن سوئالنى پەيدا قىلىدۇ.

تارىخچى ۋاڭ جىلەي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بالقان يېرىم ئارىلىدىكى يۇناننىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان ماكېدونىيە دۆلىتىنىڭ خانى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 337 - يىلى ماكېدونىيىدىكى كورىنفتا ئېچىلغان يىغىننىڭ قارارىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن پېرسىيىگە قارشى جازا يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلان-

غان، ئەمما ئۇ ھەربىي يۈرۈش قىلماي تۇرۇپلا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەچكە، ئورنىغا ئوغلى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەخت ۋارىسى بولغان. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ پېرسىيىگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلغان، ئۇ ئالدى بىلەن پېرسىيىگە قاراشلىق كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە ۋە مىسىرنى ئىشغال قىلغان. ئاندىن ئۇ مىسىردىن ئاتلىنىپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 331 - يىلى 9 - ئايدا گائۇمېلا دېگەن جايدا پېرسىيە قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 330 - يىلى 7 - ئايدا پېرسىيە پادىشاھى دارىئۇس Ⅱ ئۆلتۈرۈلگەن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 329 - يىلىنىڭ باشلىرىدا پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنى مۇنقەرز قىلغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا — سەمەرقەند قاتارلىق جايلارغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا كىرىشكەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 328 - يىلى سوغدىيانىغا ھۇجۇم باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ماسساگېت قاتارلىق قەبىلە - قوۋملارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، بىر يىلدىن ئارتۇق قاتتىق ئېلىشىش، يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆزىگە تارتىش، سېتىۋېلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق سوغدىيانىنى ئاندىن تولۇق ئىستېلا قىلغان. ئۇ سوغدىيانىنى ساقلاشقا 10 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 30 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر قالدۇرۇپ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 327 - يىلى يازدا شەرققە — ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان.

سوغدىيانا (باكتىرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسلىق زېمىنى) ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستانلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تارىخنامىلەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىگە يېقىنلاپ كەلگەنلىك ئېھتىمالىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. شۇڭا مەھمۇد

قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نامى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى بايانىنى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەلۇماتلاردىكى مەلۇماتلار بىلەن، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدىكى بەزى تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى دەپ قاراۋاتقان دىڭلىڭلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمەن. دەرۋەقە بۇ مەسىلىدە هۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك، چۈنكى مەھمۇد قەشقەرى بۇ مەلۇماتىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ھەققىدىكى يۇقىرىقى مەلۇماتنى مۇھەممەت چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن، توغان تېگىننىڭ ئاتىسى ئاتىسىدىن، ئۇمۇ ئاتىسىدىن... ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نى مىلادىيە 1072 — 1074 ـ يىللىرى يازغان، ئۇنىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىدا دېيىلگەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شىنجاڭغا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتى بولغان يىللار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 328 — 327 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ «دىۋان» يېزىلغان ۋاقىتتىن تەخمىنەن 1200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى. شۇڭا يۇقىرىقى مەلۇماتنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ھەققىدە ئەستايىدىل، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق يەكۈن چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

«دىۋان» دا تۈركىي تىللىق مىللەت ـ قوۋملار جايلاشقان يەر ناملىرى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن مەلۇمات بېرىلگەن. مەسىلەن، «دىۋان» نىڭ 1 ـ توم، 131 ـ بېتىدە «ئېرتىش» دەرياسى ھەققىدە؛ 3 ـ توم 186 ـ بېتىدە «ئايكۆل» دېگەن يەر نامى ھەققىدە؛ 3 ـ توم 503 ـ بەتتە «يۇڭگۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارمان شەھەرچىسى» نىڭ نامى ھەققىدە تارىخىي مەلۇمات بار. بىر قىسىم تارىخچىلار، ئالايلۇق، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ قەدىمكى پۇل تەتقىقاتچىسى جاڭ چىشياڭ ئەپەندى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە)

ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان «تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە جايلىشىشى ۋە يۆتكىلىشلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدە، «دىۋان» دىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشىغا دائىر بايانلارنى مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلارغا، ئاساسلىقى 1892 ـ يىلى بۇخارادىن تېپىلغان، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارسچە يېزىلـ غان، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىگە دائىر مۇھىم يازما يادىكارلىق — «ھۇدۇدۇلئالەم» («ئالەمنىڭ چېگرا ـ پاـ سىللىرى») گە ۋە بىر قىسىم خەنزۇچە مەلۇماتلارغا سېلىشتۇـ رۇپ، «دىۋان» دىكى يەر ناملىرىغا دائىر نۇرغۇن مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىقىنى ياكى ئاساسەن توغرىلىقىنى دەلىللەپ چىقتى.

مەھمۇد قەشقەرى ئەينى چاغدىكى دۇنيانى چۈشىنىشى بويىچە قىياسەن سىزىپ چىقىپ «دىۋان» غا قوشۇمچە قىلغان يۇمىلاق دائىرە شەكىللىك خەرىتىدە، دۇنيانىڭ شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلىرىنى توغرا ئىپادىلىگەن، خەرىتىگە كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەرنىڭ دەريانىڭ قايسى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى، بالاساغۇن شەھىرىنىڭ شىمال تەرەپكە جايلاشقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن ھەمدە شەھەرلەرنى 360 گرادۇسلۇق چەمبەر شەكلىدە ئىپادىلىگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەرىتىنى يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە سىزغانلىقى ئۇنىڭدا تەخمىنەن 1000 يىل بۇرۇنلا ساددا ماتېرىيالىستىك قاراش بارلىقىنى كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«دىۋان» دا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ دىن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان قىممەتلىك مەلۇماتلارمۇ بار. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېـ رىم راھمان ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسـ لار» ناملىق كىتابىنىڭ 121 — 133 ـ بەتلىرىدە «ئىسرىق»، «ئوماي»، «قارانچۇق»، «ئالۋاستى»، «تومار» «تۇتۇغۇق»

(جىنلىق يەر) ، «ئىرق» (رەمماللىق) ، «يارت» (يادا) ، «يەلۋى» (سېھىر) ، «تۇغ» ، «كۆك» ، «يەل» (جىن، جىن شامىلى) ، «قوۋۇز» (جىن، جىن شامىلى) ، «يەك» (شەيتان) ، «قوۋۇز» (جىن تېگىشكە قارشى ئوقۇلىدىغان ئەپسۇن) ، «قام» (كاھىن، شامان) ، «ئىرقالدى» (رەم باقتى) ، «ئارغۇق» (ئازغۇچى) قاتارلىق شامان دىنى ئېتىقادىغا دائىر 40 سۆز - ئىبارىنى رەتلەپ چىققان. بۇ مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىش تارىخىي ئىزنالىرىنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «دىۋان» ئۇنىۋېرساللىققا تولغان قامۇس بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنگە دائىر نۇرغۇن مول بىلىملەر بار. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى تارىخقا دائىر بىلىملەر، ئاساسلىقى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ نامى، جايلىشىشى، بۆلۈنۈشى، دىنىي ئېتىقاد تارىخى ۋە ئەپسانە - رىۋايەتلىرى، يەر ناملىرىغا دائىر مەلۇماتلار بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتىمىزغا مول تارىخىي ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش — بىز ھەرمىللەت تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئالدىدىكى شەرەپلىك ۋە مۇشەققەتلىك تەتقىقات تېمىسىدۇر.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» 3 توم، (ئۇيغۇرچە) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل 8 - ئاي.
② ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» (خەنزۇچە) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل.
③ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (ئۇيغۇرچە) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىل.

④ بايمەتهاجى راخمان نەشرگە تەييارلىغان: «تۈركى تىللار دىۋانىدىكى ئەدەبىي مىراسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل 4 ـ ئاي.
⑤ مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق، ئابدۇروسۇل ئۆمەر نەشرگە تەييارلىغان: «مەھمۇد قەشقەرى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل 2 ـ ئاي.
⑥ ئابدۇكېرىم راھمان: «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 1 ـ ئاي.
⑦ ئىمىن تۇرسۇن: «بۇلاقتىن بىر ئوتلام» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 6 ـ ئاي.
⑧ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش قاراشلىرى توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، ئىقتىسادنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى-نىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشكە، دېھ-قان، چارۋىچى، قول ھۈنەرۋەن قاتارلىق ئىشلەپچىقارغۇچى-لارنىڭ رولىغا سەل قارىماسلىققا دەۋەت قىلغان ھەمدە جەمئىيەتكە بىۋاسىتە ماددىي بايلىق يارىتىدىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ رو-لىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ «ھەربىر قىمىرلىغان (جان) بۇلاردىن مەنپەئەت ئالىدۇ»، «بۇ دۇنيانىڭ زىننىتى ئەنە شۇلار بىلەن بولىدۇ» دېگەن، شۇڭا ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ ئەجرىنى قەدىرلىشى، ئۇلارنى خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغۇزۇپ، ئۇلار-نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، دەپ ھېسابلىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، پۇلنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، تاۋار ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇپ، سودىنى گۈللەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە سودىنى، جۈملىدىن تاشقى سودىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، كارۋان يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ، قاراقچى، ئوغرىلارنى تازىلاش، سودىگەرلەرنىڭ مۇھىم رولىغا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىملىقىنى تەكىتلە-گەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى

تەكىتلىگەندە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارغا كونكرېت ۋە قاتتىق تە-
لەپلەرنى قويغان. بۇ ئەسەردە «ئىگىلىك باشقۇرغۇچى» دېگەنگە
ئوخشاش ئاتالغۇ بولمىسىمۇ، ئەمما ئاپتور تىلغا ئالغان «بەگ»،
«خەزىنىدار» قاتارلىقلارنىڭ ۋەزىپىسى كۆپ جەھەتلەردە هازىرقى
ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ياكى ئىشلەپچىقىرىش، مالىيە ئورۇنلى-
رىدىكى ھېسابات باشقۇرغۇچىلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى جەزملەش-
تۈرەلەيمىز.

مەسىلەن، ئاپتور بەگلەرگە مۇنداق دەپ تەلەپ قويغان:

1759. «ئايا بەگ ئىشىڭنى ئىش بىلگەنگە بەر،
يارامىلىق، دۇرۇس، تۈز، يۈرەكلىككە بەر».

1963. «خەلق بېگى تولىمۇ خىل بولماق كېرەك،
كۆڭۈل، تىل تۈز، خۇلق ئۈز ئولماق كېرەك».

بىز بۇ بېيىتلەردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىگىلىك باش-
قۇرغۇچىلار (خەلق بېگى) دىن يارامىلىق، يۈرەكلىك، ئەقىل-
لىق، بىلىملىك، كۆزى توق، دىلى كەڭ (كەڭ قورساق)،
سېخىي بولۇشتەك خۇسۇسىيەت، خىسلەتلەرنى ھازىرلىغان ئىنتا-
يىن سەرخىل (تاللانغان) كىشىلەردىن بولۇش شەرتىنى تەييار-
لاشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەزىنىدارغا (مالىيە ئىشلىرىنى، ئىق-
تىسادنى باشقۇرغۇچىلارغا) مۇنداق تەلەپ قويغان:

2750. «تېپىپ بەخت، كۆپەيسۇن دېسە مال ـ تاۋار،
كۆزى توق، پەيلى ئۈز بولسۇن خەزىنىدار.»

2765. «مەي ئىچسە مېلىغا سېخىيلىق قىلۇر،
كىشىگە بېرىپ مال ئاللماي قالۇر».

2799. «قولى چىلىك، ساق ئۇلسۇن ئۇ بولماي سىخىي،
خەزىنە مىلىنى چاچمىسۇن تىخى».

بىز بۇ بېيىتلەردىن ھۆكۈمرانلار خانلىقنىڭ مال ـ مۈلكى، ئىقتىسادىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ياخشى، قابىلىيەتلىك، پاك ـ ئەخلاقلىق خەزىنىدارنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇ خەزىنىدار نىيىتى خالىس، ئادىل، مەيخورلۇققا، ئىسراپچىلىققا بېرىلمەيدىـ غان تېجەشلىك، مالىيە كىرىم ـ چىقىم ھېساباتلىرىنى ئېنىق، پۇختا قىلالايدىغان، ھۆكۈمەتنىڭ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى، خەزىنىنى بۇزۇپ چاچماي، ھېسابتا ئادىل ئىش كۆرىدىغان قولى چىڭ كىشى بولۇشى لازىملىقى ئۇتتۇرىغا قويۇلغان.

1760. «قايۇ بەگ يارامسىزغا بەرسە ئىشى،
يارامسىز ئۆزى ئۇ، نە باشقا كىشى».

1763. «بۇ نادان بىلىمسىز يېتەكلەپ بارار.
بۇزۇلۇر ئىشى، كۆك تۇتۇنلەر قوپار».

دېمەك ئارقىلىق ھۆكۈمرانلار ياكى ئەمەلدارلار ئىختىساسـ لىق، يارامىلىق كىشىلەرنى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا قويماي، يارامـ سىز، ئىقتىدارسىز كىشىلەرنى ئىشقا قويسا، شۇ كىشى لاياقەتـ سىز، يارامسىز ھۆكۈمران ياكى ئەمەلدار ئىكەنلىكى، شۇ سەۋەبـ تىن ئىگىلىك خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىـ دۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى كۆزىتىـ ىپ تۇرۇش، ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ:

1755. «خىزمەتچى قولىن بەگ كۆرۈپ تۇرغۇلۇق،
خىزمەتتە ئاساسلىق سىناق قىلغۇلۇق.

دەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى دەۋردىكى تىجارەت سودا ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىپ تىجارەت يولى راۋان بولسا، تىجارەتتە پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىسا زىيان تارتىدىغانلىقىنى، مەھسۇلاتنىڭ بازار ئەھۋالىنى، باھاسىنى بىلىپ تۇرۇش لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا تىجارەت ۋە سودىدا ئالدىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، زىيان تارتمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ كۆز قارىشى ئاپتورنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2801. «ئۇ بىلسۇن تىجارەت يولىنى ھامان،
ئۇنى گەر بىلمەس، تاپالماس ھايان».

2802. «پۈتۈن مال ـ تاۋارنى ئۇ بىلمەك كېرەك،
باھالىق، باھاسىزنى ئۇقماق كېرەك».

ئاپتور يەنە:

2987. «ئىككى خىل ئېرۇر بۇ خىزمەت قىلغۇچى،
بىرى قۇل، بىرى ھۆر، ئۇمىد كۈتكۈچى».

2989. «ھۆر خادىم ئىشلەيدۇ ئۆزىن قۇل قىلىپ،
قەدىرلەش كېرەك ئۇنى ئەجرىن بىلىپ»،

2982. «شۇڭا، ئىشقا كۆرە ئېھسان قىلغۇلۇق،
يېلىنغا كىيىم، ئاچىنى تويغۇزغۇلۇق»،

دېيىش ئارقىلىق، ھۆكۈمرانلارنىڭ مەيلى قۇل بولسۇن ياكى ھۆر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەجىرنى قەدىرلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، ئىشىغا يارىشا ئىھسان (مۇكاپات) بېرىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىزدىنىپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تاللاش ۋە ئۇلارنى ئىشقا قويۇش جەھەتتە ئۇلارغا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، سودا - تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بازار ئۇچۇرىنى، مال - تاۋار ئۇچۇرىنى، باھا ئۇچۇرىنى ئىگىلەپ تۇرۇش قاتارلىق ئۆز زامانىغا نىسبەتەن ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە داۋاملىق چوڭقۇر ئىزدىنىش - سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىقتىسادىي خىزمەت مەركەز قىلىنىۋاتقان، ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، يېتىشتۈرۈش ئۇلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش ۋە ئەقلىي، جىسمانىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ۋە تولۇق جارىي قىلدۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

# مانى دىنى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار

مانى دىنى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردە غەربىي ئاسىيادا كونكرېت ئېتىقاندا، پېرسىيە (ئىران) دا پەيدا بولغان. ئۇ پەيدا بولغاندىن تارتىپلا چەكلىمىگە، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەلگەندىن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ، دۇنيادا بىر مۇنچە رايونلارغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمى، ھەتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى —— مانى (تەخمىنەن 216 – 273) تىگىر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان كېتىپۇن شەھىرى بىلەن ساسانىيلار خانلىقىنىڭ سېلۇكىيە شەھىرى تۇتاشقان ماردىنو دېگەن جايدا تۇغۇلغان①. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىراقنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھەمەدانلىق كىشى بولۇپ، باغدادقا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە دىنىي تەرىقەتچىلەرنىڭ ھەۋەسىنى چەكلەش تەشكىلاتى - ماندېئاستاغا قاتناشقان، ئېيتىلىشىچە، مانىنىڭ ئانىسى پارفىيە خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن ئىكەن②. مانى كىچىكىدىن تارتىپلا ئاسترونومىيە بىلىملىرىگە ۋە رەسىم سىزىشقا قىزىقىپ بۇ جەھەتتە مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولغان③. ئۇ بىر مۇنچە جايلارنى، مەسىلەن شەرقتە ھىندىستان، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى قاتارلىق دۆلەت - رايونلارنى ساياھەت قىلىپ④، ھەر خىل دىن، تۈرلۈك دىنىي مەزھەپلەر بىلەن تونۇشقان ھەمدە بابىللىقلارنىڭ قەدىمىي دىنى ئاساسىدا خرىستىئان دىنىنىڭ گىنوستىكىس (Gnostics) مەزھىپى، زوروئاستىر دىنى ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ مانى دىنىنى ئىجاد قىلغان ھەمدە بۇ دىنىنى ساسانىيلار

خانلىقىنىڭ خانى شاپۇر I (241 ـ 272) دەۋرىدە تارقىتىشقا كىرىشكەن. مانى دىنى شەكىللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىر مەھەل ساسانىيلار خانلىقى ئوردىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان ۋە مانى مۇخلىسلىرى خان ئوردىسىدا ئەتىۋارلانغان. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، شۇ چاغدا دۆلەت دىنى ھېسابلىنىدىغان زوروئاستىر دىنى تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن غەيرى ئەقىدە (بىدئەتلىك) دەپ قارىلىپ، قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان، شۇنىڭ بىلەن شاپۇرخان مانى مۇخلىسلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن. 272 ـ يىلى شاپۇر ئۆلگەندىن كېيىن، مانى دۆلەتكە قايتىپ كەلگەن. شاپۇرنىڭ ئوغلى، تەخت ۋارىسى خورمۇز (272 ـ 273) مانىنىڭ دىن تارقىتىشىغا ئىجازەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىن تېز ئارىدىلا مېسوپوتامىيە رايونىدا كەڭ تارقالغان، لېكىن خورمۇز ئاران بىر ئاي خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. ئۇنىڭ ۋارىسى بەھرام I (273 ـ 296) مانى دىنىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئېلىشىنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خەۋپ دەپ قاراپ مانىنى قولغا ئالغان، بەھرام «مانى خەلقنى دۇنيانى خاراب قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ غەرىزىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك» دېگەن⑤. مانى 273 ـ يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 274 ـ يىلى) ئالدى بىلەن كىرىپىت جازىسىغا مەھكۇم قىلىنىپ، ئاندىن تېرىسى سويۇلۇپ پاجىئەلىك تۈردە ئۆلتۈرۈلگەن. مانى دىنىنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. مانىنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، بىر قىسمى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

مانى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئۇ ياراتقان دىن داۋاملىق تارالدى. مانى دىنى غەربكە ئاساسەن ئىككى يۆنىلىش بويىچە يەنى، بىرى ئىراندىكى ساسانىيلار خانلىقىدىن ـ سۇرىيە ـ ئەرەب يېرىم

ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمى، مىسىر - ئىسپانىيە - گاللىيە (هازىرقى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى) - ئىتالىيىگە، يەنى بىرى ئىراندىكى ساسانىيلار خانلىقىدىن ئەرمىنىيە - كىچىك ئاسىيا - ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى) گە تارالدى. 6 - ئەسىردە ئەرمىنىيىدە مانى دىنىنىڭ كلاسسىك كىتابى ئەر-مىنىيە تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. 9 - ئەسىرلەردە، ياۋرۇپادا مانى دىنىنىڭ يېڭى مەزھەپلىرى - بارو مەزھىپى ۋە بوگومىلىس مەزھىپى بارلىققا كەلدى.

مانى دىنى شەرقتە ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغان. 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەل نادىم «كىتاب - ئەل - فىخرىست» («كىتابلارنىڭ تۈرى ھەققىدە بايان») دا: پارس خانى (بەھرام) مانىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، مۇخلىسلىرىنىمۇ تامامەن ئۆلتۈرۈۋېتمەكچى بولدى. «ئۇلار شەرققە قېچىپ، بەلخ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قاغلىن زېمىنىغە كېلىپ ماكانلاشتى . . . شۇنىڭ بىلەن، مانى مۇخلىسلىرى ماۋا-رائۇننەھردە ئولتۇراقلاشتى. پارس خانلىقى يىمىرىلىپ، ئەرەبلەر باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار (بىر قىسمى) ئۆز يۇرتى (ئىراق ياكى بابىلۇن) غا قايتىپ كەلدى» دەپ مەلۇمات قالدۇر-غان. بۇ خاتىرىدە تەخمىنەن مىلادى 4 - ئەسىردىن 7 - ئەسىر-گىچە بولغان ئەھۋال بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە، ماۋارائۇننەھىر رايونى (ئامۇ دەرياسى ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ قىرغاق-لىرىدىكى جايلار) غا دەسلەپتە كۇشان خانلىقىنى قۇرغان توخرى-لار قوۋمى، ئاندىن ئېفتالىتلار (ئاق هونلار)، كېيىن غەربىي تۈركلەر (مىلادى 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە) ھۆكۈمرانلىق قىلغان، يۇقىرىقى كۆچمەن چارۋى-چى خەلقلەر ئارىسىدا ھېچقايسى دىن مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرمىغان، ئۇلار ھەر قايسى دىنلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغان. شۇڭا مانى دىنى ئۇلار ئارىسىدا شامان (قامان) دىنىدىن قالسىلا،

خېلى زور تەسىرگە ئىگە دىن بولۇپ قالغان.

مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇر-پاندىكى ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنىڭ خارابىلىقىدىن تېپىلغان «مانى دىنىغا ئائىت پراگمېنتلار (كەمتۈك ۋاراقلار)» گە ئاسا-سەن، «ئىككى مەنبە، ئۈچ پەيت» دېگەن ئاساسىي ئەقىدىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. «ئىككى مەنبە» - يورۇقلۇق بىلەن قا-راڭغۇلۇقنى، يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەنى، «ئۈچ پەيت» - دەسلەپكى پەيت، ئارىلىقتىكى پەيت ۋە ئاخىرقى پەيت (ئاخىرەت) تىن ئىبارەت ئۈچ پەيتنى يەنى، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىنى كۆرسىتىدۇ. مانى دىنى ئەقىدىسى بويىچە، دەسلەپكى پەيتتە تېخى ئالەم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. پەقەت يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقلا مەۋجۇت بولۇپ، ئىككىسى بىر - بىرىگە ئارىلاشمىغان، ئىككىسىنىڭ پاسىلى بار ئىدى. ئارىلىقتىكى پەيتتە قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇققا تاجاۋۇز قىلىپ كى-رىپ ماددىي دۇنيانى شەكىللەندۈرگەن، بارلىق ياخشىلىق يو-رۇقلۇقتىن، بارلىق يامانلىق قاراڭغۇلۇقتىن كەلگەن، بۇ پەيتتە قاراڭغۇلۇق ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، يورۇقلۇقنى ئۆز ئاسارىتى ئاستىغا ئېلىۋالغان. ئاخىرىدا بىر قېتىملىق داۋالغۇش ئارقىلىق ماددىي دۇنيا پاچاقلىنىپ، ئاخىرقى پەيت (ئاخىرەت) بولىدۇ. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ چېگرىسى قايتىدىن ئايرىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا كەلگەندە ئىستىقامەتتى قەتئىي، ساداقەتمەن مۇرىتلار جەننەتكە، پەيلىدىن يانمىغان يامانلار دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ قارى-لىدۇ.

زوروئاستىر (زەردەشت) دىنىمۇ مانى دىنىغا ئوخشاشلا دۇ-ئالىستىك دىن ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئارىسىدا روشەن پەرق، يەنى زوروئاستىر دىنىدا بىر خۇدالىققا مايىللىق بار. چۈنكى زوروئاستىر دىنى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ دىنىنىڭ مەشھۇر دىنىي كىتابى — «ئاۋېستا»

دا، زورو ئاستىر دىنىنىڭ ئەقىدىسىنى مۇنداق شەرھلىگەن: «ياخشىلىق خۇداسى ئاھۇرامازدا ھەممىنى بىلگۈچى، دۇنيادا ئۇ-نىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچقانداق خۇدا يوق، ئۇ دۇنيانىڭ ئىجاد-چىسى بولۇپ، ياخشىلىق ۋە بەخت - سائادەتنىڭ بۇلىقى، ئانگىرا ماينو بولسا، ياخشىلىق خۇداسىنىڭ رەقىبى، يامانلىق خۇداسى بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق يامانلىق ۋە ئاپەتلەرنىڭ مەنبىئى. بۇ ئىككى خۇدا دائىم ئۆز ئارا كۈرەش قىلىپ تۇرىدۇ.» زورو ئاستىر مۇخلىسلىرىنى ياخشىلىق خۇداسى تەرەپتە تۇرۇپ، ئىنسانلارغا زىيانلىق يىرتقۇچ هايۋان، زەھەرلىك ئىلان قاتارلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ ھەمدە «ئۆي - ۋاق سېلىشقا، ئائىلە-لىك، پەرزەنتلىك بولۇشقا، مال - چارۋا قىلىشقا، ھەر خىل زىرائەت، ئوت - چۆپ ۋە كۆكتات تېرىشقا، قۇرغاق رايونلاردا سوغىرىش سۇ ئىنشائاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا» ئۈندەيدۇ. بۇ ئەينى چاغدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشتىن مۇقىم ئولتۇ-راقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا يۈزلىنىشنى ھەمدە قۇلدارلار سىنىپىنىڭ قۇللار ۋە يېزا جامائە دېھقانلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ماددىي نېمەت يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى، شۇنداقلا قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا قۇلدارلار سىنىپى-نىڭ رېئال دۇنياغا بولغان ئۈمىدۋارلىق پوزىتسىيىسىنى ئىپادى-لەپ بېرەتتى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، مانى دىنى قۇللۇق جەمئىيەت كىرىزىسىگە يۈزلەنگەن باسقۇچتا پەيدا بولغان بولۇپ، كەڭ ئېزىلگۈچى خەلق ۋە قۇللارنىڭ ئېكسپىلاتاتورلارغا ۋە رېئال تۈزۈمگە بولغان چوڭ-قۇر ئۆچمەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئۇ، ماركسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئازاب - ئوقۇبەتكە قىلىنغان نارازىلىق» ⑥ ئىدى. مانى مۇخلىسلىرى رېئال دۇنيادا يورۇقلۇقنى كۆرەلمە-گەچكە، قاراڭغۇلۇق (زۇلمەت) تىن قۇتۇلۇشنى، رېئال دۇنيا

گۇمران بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇڭا ئۇلار (جاپا) چېكىشنى، هاراق ـ شاراپ ئىچمەسلىكنى، گۆش يېمەسلىكنى تەلەپ قىلاتتى. دىنىي مۇراسىمدا رەسمىي مۇرىتلىققا قول بەرگەن مۇخلىسلارنىڭ توي قىلىشىغا هەرگىز بولمايتتى. بۇ دىن ئادەتتىكى مۇخلىسلارنىڭ توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولۇشىنى چەكلىمىسىمۇ، ئەمما ئۇنى رىغبەتلەندۈرمەيتتى. چۈنكى بۇنداق بولغاندا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئارىلىشىپ كەتكەن رېئال دۇنيانىڭ ئۈزىراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ، شۇ چاغدىكى رېئال تۈزۈمگە قىلىنغان پاسسىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدى.

مانى دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار، يەنى ئېلىمىز تارىخنامىلىرىدە توققۇز جاۋۇپ ياكى توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان خەلقلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا، ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن مانى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا قايسى ۋاقىتتا ئومۇميۈزلۈك تارقالغانلىقى تېخىچە ئېنىق ئەمەس. لېكىن ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى (مىلادى 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە) تۇرپاندا مانى دىنىنىڭ خېلى ئەۋج ئالغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق يازما مەلۇمات بار. مەسىلەن، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قۇجۇ تەزكىرىسى» دە: «... قۇجۇ (ئىدىقۇت) هۆل ـ يېغىنى ئاز، ناهايىتى ئىسسىق جاي، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان... ئۇلار نەغمە ـ ناۋاغا ئامراق ... بۇ يەردە 50 نەچچە ئورۇندا بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، يەنە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئىرانلىق راهىبلار بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، «كىتاب ـ ئەل ـ فىخرىست» تا، يەنە ئىسلام دىنىدىكى خوراسان شاهى ئوبۇل هەسەن ناسىر (943 ـ 942) پاناهلىق تىلەپ سەمەرقەندكە كەلگەن 500 مانى مۇخلىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى

بولغاندا، شۇ چاغدا قوچۇ خانىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى، قوچۇ خانى ئۇنىڭغا، ئەگەر مانى مۇخلىسلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا، ئۇ هالدا قوچۇ خانلىقى دائىرىسىدىكى 1000 دىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى هەققىدە ئاگاهلاندۇرۇش بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان⑦. 1931 - يىلى تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى يازما يادىكارلىقى تېپىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدىكى دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئىسرائىل يۈسۈپ قاتارلىقلار ئۇزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا، ئۇ يازما يادىكارلىقتا «تەڭرى مانى بۇرخان» (مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى مانىنى كۆرسىتىدۇ) دېگەن ئاتالغۇ ناهايىتى كۆپ ئۇچرىغانلىقى، ئۇنىڭدا ئورموزت (خورمۇزتا) بىلەن تەڭرى مانى بۇرخانىنىڭ بىر - بىرى بىلەن كۆچ سىناشقانلىق ۋەقەسى بايان قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن⑧.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان «بېزەكلىكتىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە هۆججەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىدە (64 - بەتتە)، تۇرپان رايونىدىكى بېزەكلىكنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدىغان ۋە ئەينى چاغلاردا مانى دىنى مۇرىتلىرىنىڭ پائالىيەت سورۇنى بولغانلىقى، يەنە شۇ ماقالىنىڭ 66 - بېتىدە، بېزەكلىكتىكى 60 -، 10 - غارلاردىن تېپىلغان (نومۇرى 80T. R. I. 524) مانى دىنىغا ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقتا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىچە سۆزلۈك، گرامماتىكا، فونېتىكا ئالاهىدىلىكلىرى ساقلانغانلىقى كۆرسىتىلگەن؛ بۇ ماقالىنىڭ 82 - بېتىدە، يۇقىرىقى يازما يادىكارلىقتا «بەش تەڭرى» دېگەن نام ئۇچرىغانلىقى، بۇ ئېھتىمال مانى دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاهى، مانى دىنىدىكى يورۇقلۇق ئېلىنىڭ خانى «زورۋان» نىڭ ماهىيىتى (نۇرلۇق

بەلگە، يورۇق كۆڭۈل، يورۇق نىيەت، يورۇق ئوي ـ پىكىر، يورۇق مۇددىئا قاتارلىق ماھىيەت) بولۇشى مۇمكىنلىكى زىكىر قىلىنغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بىر يازما يادىكارلىققا ئاساسلان- غاندا، لوپنۇر ئويمانلىقىدىكى چارقىلىقنىڭ ئەينى چاغدىكى ھۆ- كۈمدارى سەمەرقەندتە تۇغۇلغان مانى مۇخلىسى ئىكەن. شىنجاڭ دائىرىسىدىن مانى دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرىمۇ كۆپلەپ تېپىل- دى. مەسىلەن، تۇرپاندىكى مانى ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان تام رەسىمىدە ئاق كىيىملىك مانى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلى- رىنىڭ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن⑨. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «قىسقىچە ئۇيغۇر تارىخى» نىڭ «9 ـ 13 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» دېگەن قىسمىدا، قىزىل ئىبادەتخانىسىدىكى تام رەسىملىرىدە مانى دىنى مەكتىپىدىكى قىز ـ ئوغۇل مۇخلىسلارنىڭ تەسۋىرى بارلىقى قەيت قىلىنغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فا- كۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ بايانىغا ئاساس- لانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئورخۇن يېزىقى ۋە مانى يېزىقىدىكى 388 قۇر ياكى مىسرادىن تەركىب تاپقان كىچىك تېپتىكى داستاندا، مانى دىنى ئىرادىتىسىيىسىگە ئاساسەن، جۇر- جان ھۆكۈمرانلىرىنى دۇشمەن سۈپىتىدە جىن ـ ئالۋاستى ئوبرا- زىدا، بەگقۇلى باشچىلىقىدىكى ئۇلارغا قارشى كۈرەشكەن كىشى- لەرنى يورۇقلۇق نۇر ئىلاھى ئوبرازى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈ- رۈپ، يورۇقلۇقنىڭ چوقۇم قاراڭغۇلۇق، زۇلۇم ئۈستىدىن غا- لىپ كېلىدىغانلىقى مۇقەررەرلەشتۈرۈلگەن، بىز يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، مانى دىنى شىنجاڭغا، بولۇپمۇ تۇرپان رايونىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ھەمدە مانى دىنى ئۇسلۇبىدىكى پارلاق مەدەنىيەت يارىتىلغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

مانى دىنى تەخمىنەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايال خانى ۋۇزېتى- يەن دەۋرىدە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقال-

غان. «بۇددا نەسەبنامىلىرىدىن ئومۇمىي خاتىرە» نىڭ 99 ـ
جىلدىدا: «يەنجىننىڭ تۇنجى يىلى (694 ـ يىلى) پىرسىيىلىك
فۇرستادان (تەلىماتنى بىلگۈچى مەنىسىدە) ، ئىككى ئاساسلىق
دىنىي كىتاب، نى ئېلىپ، ساختا دىنىنى تەرغىپ قىلىشقا كەلدى»
دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن 25 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 719 ـ
يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇخارىستان خانى ئاسمان جىسىملىرىغا
قاراپ پال ئاچىدىغان مانى دىنىنىڭ ئۇستازىنى تاڭ سۇلالىسىدىن
ياردەم سوراشقا ئەۋەتكەن ھەمدە ئۇنى «ئىنتايىن بىلىملىك» دەپ
تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەتخانا ياسىتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلـ
غان، شۇنىڭدىن كېيىن لوياڭ، تەييۈەن قاتارلىق جايلاردا مانى
ئىبادەتخانىلىرى بىنا قىلىنغان.

مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا سوغدىلار ئارقىلىق
دەسلەپكى قەدەمدە تارقالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باۋيىڭ تۇنجى
يىلى (762 ـ يىلى) ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خاقانى بۆكەخان
قوشۇن چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ شى سىمىڭ توپىلىڭىنى
تىنچىتىشىغا ياردەم بەردى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي پايتەخـ
تىنى توپىلاڭچىلار قولىدىن قايتۇرۇۋالدى. 763 ـ يىلى بۆكە
خاقان لوياڭدىن مانى دىنىنىڭ تۆت مۇخلىسىنى بىرگە ئېلىپ
كەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىـ
قى دائىرىسىدە تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ دۆلەت دىنىغا ئايلانغان.
ئۇيغۇر خانلىقىدا ھۆكۈمران ئىدىيە بولۇپ شەكىللىنىپ جەمئىـ
يەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە، جۈملىدىن سىياسىي، ئىقتىساـ
دىي ۋە ھەربىي ساھەلەرگە سىڭىپ كىرگەن ۋە خېلى زور تەسىر
كۆرسەتكەن. مانى راھىبلىرىغا دۆلەتلىك مەرىكە ئۆتكۈزۈلگەن
سورۇنلاردا ۋەزىر (بۇيرۇق) ، تۇتۇق، قۇنچـۇي (مەلىكە) قاـ
تارلىقلارغا ئوخشاش ئالىي ئىلتىپات كۆرسىتىلگەن، خاقان دۆـ
لەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مانى مۇخلىسلىـ
رى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن. ھەتتا جەڭ قىلىش ياكى قىلماسلىقـ

نى قارار قىلىشتەك ھەل قىلغۇچ مەسىلىلەردىمۇ مانى مۇخلىس-لىرىنىڭ پال ئېچىشى، ئەقىل كۆرسىتىشىگە تايانغان.
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدە شامان (قامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشىدىكى سەۋەبلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن دىن توغرىسىدا ئازراق توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
دىنمۇ باشقا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئۆزگىچە تارىخقا ئىگە. ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دىننىڭ بىخلىرى نىئاندىرتال ئادەملىرى زامانىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان دەپ قارىماقتا. كىشىلەر تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىش داۋامىدا دائىم دېگۈدەك ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىشى، يەنە كېلىپ ئۇلاردا ساۋات يېتەرسىز بولۇشى، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراش سەۋەبلىرىنى چۈشەنمەسلىكى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق چۈشەنچە بېرەلمەسلىكى ئۇلاردا دىنىي خۇراپاتلىقنى پەيدا قىلغان. ئېنگېلس «ھەممە دىنلار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۇلارنىڭ مېڭىسىدىكى فانتازىيىلىك ئىنكاسى-دىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلار جەمئىيەتتىن تاشقىرى كۈچ شەكلىنى ئالغان بولىدۇ»⑩ دېگەنىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئە-گىشىپ ئىپتىدائىي دىننىڭ شەكلى مۇرەككەپلىشىشكە باشلىغان. ئېھتىمال، كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇتېم ئېتىقادى ۋە پىرىخونلۇق كۆزقارىشى بارلىققا كەلگەن. ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىگە كەلگەندە جىن - شەيتانلارغا چوقۇنۇش ۋە شامان دىنى پەيدا بولغان. يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كەلگەندە تەبىئەتكە، بىلىققا ۋە روھ - ئەرۋاھلارغا چوقۇنۇش بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن بىر ئاز كېيىن يەنى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىش باسقۇچىدا ئەجدادلارغا، سەردارلارغا، تۈرلۈك دېھقان-چىلىق ئىلاھلىرى ھەم چارۋىچىلىق ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇش ئو-مۇملاشقان ھەمدە جىن - شەيتانلارنىڭ «تەبىقە» پەرقى بارلىققا

كەلگەن. سىنىپىي جەمئىيەتتە دىنمۇ سىنىپىي تۈس ئالغان بولـ
دۇ. تەبىئەتتىن تاشقىرى تەبىقە پەرقى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ.
دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مەركەزلىشىشىگە ئەگىشىپ ئىلاھلار ئا-
رىسىدا باش ئىلاھ مەيدانغا كەلگەن. تارىخچىلار تەخمىنەن مىلادى-
يىدىن ئىلگىرىكى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا بەزى دىنلار
ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى رايون پاسىللىرىدىن ھالقىپ دۇنياۋى دىن
تۈسىنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلايدۇ. بىز يۇقىرىقى-
لاردىن دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىنسانلار-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئاڭ سەۋىيىسى
ۋە ئىجتىمائىي ئىقتىسادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى
چۈشىنەلەيمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىدىن ۋاز كېچىپ مانى دىنىغا ئېتىـ
قاد قىلىشىغا، ئاساسلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىـ
مائىي ئىقتىساد تەرەققىياتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئەنلۇ-
شەن ـ شى سىمىڭ (ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن) توپىلىڭىدىن كېيىن
تاڭ سۇلالىسى ھالسىرىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇبۇتلار خې-
شى كارىدورى ۋە گەنسۇنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسى-
نىڭ غەربىي يۇرت ۋە غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقى-
سىنى ئۈزۈۋەتكەن. مۇنداق ئەھۋالدا، تاڭ سۇلالىسىگە ئۇيغۇرلار
ئارقىلىق غەربىي يۇرت ۋە غەرب ئەللىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا
توغرا كەلگەن. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر خانلىقى بىر مەھەل شەرق
بىلەن غەربنىڭ ئالاقىسى ۋە سودىسىدىكى مۇھىم بىكەتكە ئايلان-
غان. نۇرغۇن سوغدى (توققۇز ئوغۇز) لار ئارىلىقتا قاتناپ سودا
قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى سودا بېجى، چېگرا بېجى جەھەتتە زور
پايدىغا ئىگە قىلغان. يىپەك يولىنىڭ شىمالغا يۆتكىلىشى، سودى-
نىڭ راۋاجلىنىشى چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە مۇقىم
ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. تارىخ-
تا، قارا بالغاسۇن شەھىرى، بۆكە خان شەھىرى، قۇنچـۇي

(مەلىكە) شەھىرى، خاتۇن شەھىرى قاتارلىق يەتتە - سەككىز شەھەر بەرپا قىلىنغانلىقى، شەھەرلەردە ھەشەمەتلىك ئوردا - قەسىرلەر سېلىنغانلىقى، شەھەر ئەتراپىدا كەڭ دېھقانچىلىق رايونى بارلىقى قەيت قىلىنغان⑪. شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە مۇقىم ئولتۇراقلىشىش - سودا، قول سانائەت ۋە دېھقانچىلىق راۋاجلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكنىڭ يەنىمۇ مۇستەھكەملەنگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. بۇنداق يېڭى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قوغداش ئۈچۈن يېڭى بىر دىن، يەنى شامان دىنىغا قارىغاندا خېلى زور دەرىجىدە مۇكەممەل مانى دىنىغا تايىنىشقا توغرا كەلدى، چۈنكى شامان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى، دىنىي تەشكىلاتى، ئىبادەتخانىسى يوق بولۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا لايىق كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېڭى تەرەققىياتقا ماسلىشالمىغانىدى. مانى دىنى سىنىپىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان، ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابى، دىنىي تەشكىلاتى، قاتتىق دىنىي قائىدە - قانۇنلىرى بار. مانى دىنىنىڭ تەلىماتىدا سىنىپىي جەمئىيەتتىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت ۋە سىنىپىي زىددىيەت ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. شۇڭا، ئۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى جەمئىيەت ئەھۋالىغا لايىق كېلەتتى. بۇنداق تارىخىي تەقەززالىق مانى دىنىنىڭ خېلى تېز ئارىدا كەڭ تارقىلىپ، ئۇزاققا قالماي دۆلەت دىنى بولۇپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان. مانى دىنى 10 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە ئىسلام دىنى ئومۇملاشقانغا قەدەر ئۇيغۇرلارغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى ئۇلارنىڭ پارس مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئەنئەنىۋى مول مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ بېيىتىشىدا ئىجابىي رول ئوينىغان، شۇڭا مانى دىنىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

مانى دىنى پەيدا بولغاندىن تارتىپلا ئارقا - ئارقىدىن زىيادكەشلىككە ئۇچراپ كەلگەچكە، بۇ دىنىنىڭ كالاملىرى ئاساسەن ساقلىنىپ قالمىغان. شۇڭا مۇشۇ ئەسىردىن بۇرۇن مانى دىنى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا، ئاساسلىقى، ۋاسىتىلىك ماتېرىياللارغا، يەنى قەدىمكى دەۋردە مانى دىنىغا قارشى بولغان خرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەلۇماتلىرىغا تايىنىشقا توغرا كەلگەن. خرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. 1. قەدىمكى شەرق خرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلار. قەدىمكى سۇرىيە، مىسوپوتامىيە (ئىككى دەريا بويلىرى) ئەتراپلىرىدىكى خرىستىيان مۇرىتلىرى ئىرق، تىل ۋە تۇرمۇش ئادىتى جەھەتتە دەسلەپكى مانى مۇرىتلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا، ئۇلار يەرلىك مانى مۇرىتلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى خېلى ياخشى چۈشىنەتتى. لېكىن ئۇلار دىنىي ئۆچمەنلىكنى چىقىش قىلىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە مانى دىنىنى «قاراڭغۇ جايدا تۇرغان يىلان»، «ئەڭ خەۋپلىك بىدئەت» دەپ قارغايتتى. بۇ خىل ئەسەرگە ئافراتېس ئەڭ بۇرۇن يازغان «خومىلېس» ناملىق ئەسەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. لېكىن مانى دىنى تەتقىقاتچىلىرى ئىبراھىم سۇرۇسنىڭ ئەسىرىنى تېخىمۇ قىممەتلىك ئەسەر دەپ قاراپ، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭدىن نەقىل ئالىدۇ. ئىبراھىم سۇرۇس 373 - يىلى، يەنى مانىدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن ئۆلگەن، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ ئەسىرى قەدىمكى سۇرىيە تىلىدا بولغاچقا، ئۇ مانى دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر بىلەن تىل جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. 2) قەدىمكى گرېك ۋە لاتىن يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلار، بۇ خىل ئەسەرلەر خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى شەرق دىنى - مانى دىنىنى ياخشى چۈشەنمىگەچكە، غەربلىك بۇ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر تەرەپلىمىلىك كۆپ ئىدى. ئۇلارغا ئاۋگۇستىن (354 - 430)

نىڭ «يات ئەقىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، 4 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ھېگېمونىئوسنىڭ «ئاكتالاينىڭ ساياھىتى» ناملىق ئەسىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ مانى دىنى توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردىكى ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپى 9 - ئەسىردىن كېيىن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا مانى دىنى توغرىسىدا قىممەتلىك ماتېرىيال بار. چۈنكى بابىلون ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولۇپلا قالماي، ئەينى چاغدا مانى مۇرىتلىرىنىڭمۇ مۇھىم پائالىيەت سورۇنى بولغانىدى. بۇ مۇسۇلمان ئاپتورلارنى مانى دىنىنى خېلى ياخشى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە 987 ـ 989 - يىللىرى تارقىتىلغان «كىتاب ئەل فىخرىست» («تۈرلۈك كىتابلار ھەققىدە بايان») نى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، .بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى نادىم باغدادتا 300 مانى مۇخلىسى بىلەن تونۇشقان كىشى ئىدى. بۇ ئەسەرنى رودگې ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان، بۇ كىتاب 1970 - يىلى نيۇ - يوركتا نەشىردىن چىققان. ئەل بىرۇنى (973 ـ 1048) يازغان «قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ سالنامىسى» ناملىق ئەسەرمۇ مانى دىنى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن مۇھىم ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنى سايكائۇ ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئىزاھ بەرگەن، بۇ كىتاب 1879 - يىلى لوندوندا نەشىردىن چىققان.

مانى دىنى تەتقىقاتىدا ۋاستىلىك ماتېرىياللارغا تايىنىش ئەھۋالى ئېلىمىزنىڭ تۇرپان رايونىدا مانى دىنىغا ئائىت يېڭى ماتېرىياللار تېپىلغاندىن كېيىن ئۆزگەردى. 1902 - يىلى گېرمانىيە بېرلىن ئانتروپولوگىيە مۇزېيىدىكى پروفېسسور گرونۋېدىل بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى سوتسىئولوگ (مىللەتشۇناس) خۇتىغ شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا

كەلدى. ئۇلار شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بېرلىندىن يولغا چىقىپ، ئىلى ئارقىلىق تۇرپانغا باردى. ئۇلار قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق جەمئىي 46 ساندۇق قولىيازما قاتارلىق تۈرلۈك ئاسار - ئەتىقىلەرنى تېپىپ، 1903 - يىلى 7 - ئايدا بېرلىنگە قايتتى. ئۇنىڭدىكى قولىيازمىلار 24 خىل بولۇپ، 17 تۈرلۈك يېزىقتا يېزىلغانىدى، ئۇلار ئاساسەن دىنىي مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەر ئىدى. 1904 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گېرمانىيىلىك تىلشۇناس ف. ۋ. ك. مۇللېر ئۇ ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى مانى دىنىغا دائىر كەمتۈك ۋاراقلار ئۈستىدە دوكلات بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى ئارىسىدا مانى دىنى يادىكارلىقلىرىنى تېپىش ۋە تەتقىق قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. كېيىن، گېرمانىيىلىك لېكوك ۋە بارتۇسلار تۇرپان ئىدىقۇتتىكى بىر مانى ئىبادەتخانىسىدىن مانى دىنىغا ئائىت نۇرغۇن يازما يادىكارلىق ۋە تاملارغا يېزىلغان خەتلەرنى تاپتى. يۇقىرىقى ماتېرىياللار ئاساسىدا مۇللېر ئىلمىي ئەسەرلەرنى، لېكوك ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. بۇ ھەقتە يەنە روسىيىلىك سالېمانىن، ۋ. رادلوف، بېلگىيىلىك ۋ. باڭ، ئامېرىكىلىق ۋ. جېكسون، ياپونىيىلىك يۈيتىيەنخىڭ قاتارلىقلارمۇ ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ رايونىدىن «مانى دىنىنىڭ تۆۋىنامىسى»، فۇجيەندىكى چۈەنجۇدىن مانى ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى تېپىلدى. ئەسىرىمىزنىڭ 20 - يىللىرىدا ئېلىمىز ئالىملىرىدىن جاڭ شىڭلياڭ، چېن يۈيلى ئەپەندىلەر مانى دىنى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى باشلىغانىدى. 1923 - يىلى چېن يۈەن ئەپەندى «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە» دېگەن تېمىدا؛ 1928 - يىلى شۈي دىشەن ئەپەندى: «مانى دىنىنىڭ ئىككى مەنبە، ئۈچ پەيت ئەقىدىسى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلدى. 1927 - يىلى فېڭ چېڭجۈن

ئەپەندى چاۋاننېس، پېللىئوت يازغان «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارىلىشى ھەققىدە مۇھاكىمە» نى تەرجىمە قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلدى.

ئازادلىقتىن كېيىن مانى دىنى توغرىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى، بۇنىڭغا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىكى لىن ۋۇشۇ ئەپەندى يازغان، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1987 - يىلى نەشر قىلغان «مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرققە تارقىلىشى» ناملىق ئىلمىي ئەسەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. 337 بەتلىك، 245 مىڭ خەتلىك بۇ كىتابتا، مانى دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەقىدىسى، تارقىلىشى خېلى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، كىتاب ئاخىرىغا 60 بەتلىك مانى ۋەسىقىلىرىنىڭ، مانى راھىبلىرى، ئىبادەتخانىلىرى ۋە باشقىلارنىڭ رەسىمى بېرىلگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى ئىلمىي ژۇرناللاردا، ئالايلۇق، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» قاتارلىق ژۇرناللاردىمۇ مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (خەنزۇچە)، 448 - بەت.

② سۈن پېيلياڭ: «مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرق ۋە غەربكە تارقىلىشى» (خەنزۇچە)، «دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخ تەتقىقاتى خەۋىرى» 4 - بەت. (ئومۇمىي 1 - سان) غا كىرگۈزۈلگەن. مەملىكەتلىك دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر تارىخي تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن، 1979 - يىل 12 - ئاي.

③ «مانى ۋە مانى دىنى» (ئۇيغۇرچە)، «شىنجاڭ گېزىتى»، 83 - يىل 11 - نويابىر، 5 - بەت.

④ ئىزاھ ① بىلەن ئوخشاش.

⑤ ئىزاھ ② بىلەن ئوخشاش.

⑥ «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە)، 1972 ـ يىل نەشرى، 1 ـ توم، 2 ـ بەت.
⑦ لىن ۋۇشۇ: «ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ فېئوداللىشىشىغا نەزەر»، «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، 1984 ـ يىل 4 ـ سان، 9 ـ بەت.
⑧ دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى يادىكارلىقى تەتقىقاتى» (شىفىگراپ نۇسخا)، ئۇيغۇرچە، 3 ـ بەت.
⑨ ياپونىيىلىك ئالىم يوتيەنخىلىڭ يازغان: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى 15 ـ قىستۇرما رەسىمگە قاراڭ.
⑩ «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (خەنزۇچە)، 3 ـ توم، 354 ـ بەت.
⑪ ياڭ شىگمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى»، «غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، 1985 ـ يىل 3 ـ سان، 78 ـ بەت.

# زوروئاستېر دىنى

زوروئاستېر دىنى (زەردەشت دىنى) — پېرسىيە (قەدىمكى ئىران) نىڭ ئەڭ چوڭ دىنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا شەرق ئەللىرىگە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. زوروئاستېر دىنىدا مۇقەددەس دەپ ھېسابلىنىدىغان «ئاۋېستا» دا ئېيتىلىشىچە، بۇ دىنىنىڭ ئىجادچىسى زوروئاستېر (ئۇ ئۆزىنى سپىتاما دەپ ئاتىغان، بەزىلەر ئۇنى رىۋايەتتىكى شەخس دەپ قارايدۇ) پېرسىيىنىڭ ئاتروپاتېنى دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 600 - يىلىدىن 520 - يىلىغىچە بولغان، ئارىلىقتا ياشىغان. ئۇ ياشىغان مەزگىلدە، ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان بابىلون رايونى كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان شەرقىي قىسىم رايونىدىن مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلغار ئىدى، شۇڭا شەرقىي قىسمىدىكى خەلقلەر غەربىي قىسىم رايونىدىكىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە ئىنتىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغدىكى پېرسىيە جەمئىيىتى قۇللۇق جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرغانلىقتىن، قۇلدارلار سىنىپى ئۆز ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان يېڭى بىر دىنغا مۇھتاج ئىدى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، زوروئاستېر پېرسىيە ۋە قوشنا ئەللەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ باشقا دىنلار بىلەن تونۇشقان ۋە پېرسىيىلىكلەرنىڭ قەدىمكى يەرلىك دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا ئۆز دىنىنى ئىجاد قىلغان.

بۇ دىن مىلادى 226 - يىلى پېرسىيىدە قۇرۇلغان ساسانىيلار خانلىقىدا دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىنغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ۋە باشقا رايونلارغا پەيدىنپەي تارالغان.

زوروئاستېر دىنى دوئالىستىك دىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ياخشىلىق ئىلاھى بىلەن يامانلىق ئىلاھىدىن ئىبارەت ئىككى ئىلاھ بار. بۇ دىننىڭ ئېتىقادى بويىچە قارىغاندا، ياخشىلىق ئىلاھى يورۇقلۇق، ھەقىقەت، ياخشىلىق، ئەقىل - پاراسەتكە؛ يامانلىق ئىلاھى قاراڭغۇلۇق، ساختىلىق، يامانلىق ۋە ئەخمەقلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ دىن يەنە ياخشىلىق ئىلاھى ئاھۇرامازداغا سەمىمىي ئىخلاس قىلغانلار جەننەتكە، ئۇنداق قىلمىغانلار دوزاخقا كىرىدۇ دېگەننى تەرغىب قىلىدۇ ھەمدە ئۆز مۇخلىسلىرىدىن ياخشىلىق ئىلاھىغا سەمىمىي ئېتىقاد قىلىشنى، يىرتقۇچ ھايۋان، زەھەرلىك ئىلانلارنى يوقىتىشنى، مال - چارۋا قىلىشنى، زىرائەت، ئوت - چۆپ تېرىشنى، باغ - ۋاران بەرپا قىلىشنى، قۇرغاق رايونلاردا سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلار شۇ چاغدا جەمئىيەتتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈشكە بولغان ئىنتىلىشنى ھەمدە قۇلدارلار سىنىپىنىڭ قۇللار بىلەن يېزا جامائەسى دېھقانلىرىنى جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ بايلىق يارىتىپ بېرىشكە ئۈندىگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى، شۇنداقلا قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرغان قۇلدارلار سىنىپىنىڭ رېئال دۇنياغا بولغان قىسمەن ئۈمىدۋارلىق روھىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرەتتى.

شاپۇر II (مىلادىيە 379 — 309) ۋاقتىغا كەلگەندە، ئۇ 21 توملۇق كىتاب قايتىدىن تۈپلەنگەن، لېكىن 643 - يىلى ئەرەبلەر ساسانىيلار خانلىقىغا بېسىپ كىرگەندە، زوروئاستېر دىنى ئىبادەتخانىلىرى پاچاقلاپ تاشلانغان. شۇنىڭ بىلەن 21 توملۇق «ئاۋېستا» نىڭ كۆپ قىسمى يوقىلىپ كەتكەن.

زوروئاستېر دىنى ساسانىيلار خانلىقىدا دۆلەت دىنى قىلىنغان چاغلاردا، غەربىي يۇرت (بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە شىنجاڭ) ۋە باشقا رايونلارغا تارالغان. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە يېزىقتىكى تارىخنامىلىرىدا، مەسىلەن، «يېڭى تاڭنامە»،

«خۇي چاۋنىڭ ھىندىستاندىكى 5 دۆلەتكە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرە» دە «كانگىيە (سەمەرقەند، بۇخارا، شەھىرى سەلىز) قاتارلىق ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ زوروئاستېر دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان» لىقى؛ «ۋېي سۇلالىسى تارىخى» دا ئىدىقۇت، كىنگىت، سۇلې (قەشقەر) دىكىلەرنىڭ زوروئاستېر دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئىخلاس قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

# كلاسسىك داستان — «ئاۋېستا»

پېرسىيە (قەدىمكى ئىران) لىكلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى داستا-
نى «ئاۋېستا» (Avsta) تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 10 -
ئەسىردە يېزىلغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ داستان -
ئالتۇن ھەل بېرىلگەن خەتلەر بىلەن ئون مىڭ پارچە كالا تېرىسى-
گە كۆچۈرۈلۈپ، خان ئوردىسىدىكى كىتابخانىدا ساقلانغانىكەن.
مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 6 - ئەسىردىكى مىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىنى
باكتىرىيە (ھازىرقى ئافغانىستاندىكى ھىرات رايونى) دە مەيدانغا
كەلگەن. زوروئاستېر دىنى (ئاتەش دىنى) دىكىلەر «ئاۋېستا»
نى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس دىنىي كىتابى دەپ ھېسابلىغان. بۇ
كىتابنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسى مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 4 -
ئەسىردىكى ئاخمانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۈپ-
لىنىپ چىققان. پۈتۈن كىتاب ئەسلى 21 توم بولۇپ، كېيىن
ئالېكساندىر ماكېدونىسكى شەرققە يۈرۈش قىلغان چاغدا ئۇرۇش
ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭدىن پەقەت بىر توملا ساقلىنىپ
قالغان. ساسانىيلار خانلىقىنىڭ مەشھۇر پادىشاھى ئارتاشىر تەختە-
تە ئولتۇرغان مەزگىل (مىلادى 226 - يىلدىن 240 - يىلغى-
چە) گە كەلگەندىلا، «ئاۋېستا» نىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ
يۈرگەن پارچىلىرى ۋە ئاغزاكى بايانلىرى توپلاپ رەتلىنىپ،
قايتىدىن 21 توملۇق كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان. بۇلاردا
ئاسماندىن دۇنيانىڭ مەنبەسى، ياخشىلىق ئىلاھى بىلەن يامانلىق
ئىلاھى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، زوروئاستېر دىنىنىڭ ئەدەپ -
ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن ۋە پەرھىزلىرى شەرھلەنگەن.

Ⅶ ئەسىردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەرنىڭ
ئىراندا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، زورو-

ئاستىر دىنى تەدرىجى زەئىپلەشتى، ئۇنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» نىڭ ئورنىنى «قۇرئان» ئىگىلىدى. دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئاۋېستا» نىڭ بۆلىكى ئاران 83 مىڭ خەت بولۇپ، ئەسلىدىكى خەت سانىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغىمۇ يەت-مەيدۇ. شۇنداقتىمۇ هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان «ئاۋېستا» ۋە ئۇنىڭ هەر تۈرلۈك شەرهى كىتابچىلىرىنى تەتقىق قىلىش، قە-دىمكى ئىران جەمئىيىتىنىڭ دىن، ئەدەبىيات، تىل ۋە پەلسەپە جەهەتتىكى ئەهۋاللىرىنى، جۈملىدىن قەدىمكى غەربىي يۇرت مىللەتلىرىنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئالاي-لۇق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سابىت ئابدۇخالىق «ئارىيان ئەپسانىلىرىدىكى تۈركلەر» ناملىق ماقالىسى («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان) دا مەلۇمات بېرىشى-چە: «ئاۋېستا» دا Drukh دەپ ئاتىلىدىغان خەلقلەر ناهايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان. بۇ «ئاۋېستا» نىڭ «ۋېندىدىداد» (Vendidad) قىسمىدا Demon يەنى بىر يامان مەخلۇق دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئەمما، «گاتاس» (Gthas) قىسمىدا پەقەتلا چۈشەندۈرۈلمىگەن. Dru سانسكرىت تىلىدا «يوگورۇش، يارد-دار قىلىش، هۇجۇم قىلىش» دېگەن مەنىگە ئىگە. Druh بولسا «ياردار قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىشقا ئورۇنۇش، زىيانكەش» دېگەن مەنىگە ئىگە. Drukh دېگەن بۇ ئىسىم دەل ئارىيانلارنىڭ شىمالىدا ياشىغان چەبدەست چەۋەندازلار بولغان تۈركلەرنى كۆر-سىتىدۇ. تارىخشۇناس ئالبېرت پايىك «مېنىڭ Drukh نىڭ تۈركلەر ئىكەنلىكىدە قىلچە گۇمانىم يوق، بۇ نام مەيلى قانداق ئۆزگەرگەن بولسۇن ياكى بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئۆزىنى ئاتىشى بولسۇن، ئارىيانلار ئۇلارنى Drukh دەپ ئاتاشقان» دەيدۇ. ئۇ يەنە تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ، th, d, t لارنىڭ هەممىسى چىش ئارىلىقى تاۋۇشى بولۇپ، سانسكرىت تىلىدىكى

b تاۋۇشىنىڭ كۆپىنچە t گە ئالمىشىدىغانلىقىنى مىسال قىلىپ، ئۆز قارىشىنى ئىسپاتلىغان.

«ئاۋېستا» دا يەنە: «زوروئاستېرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرى ۋە رايونلىرىدىن رۇست قەدەم بىلەن چىقىپ Drukh لارغا قارشى تۇرغان. ئۇلار (Drukh) تاش ئاتقۇچى، ئوقيا، خەنجەر ۋە كالتەك بىلەن قوراللانغان ھەمدە ‹كۆرۈنمەسلەر› دەپ ئاتالغان. چۈنكى ئۇلار ئالۋاستىلاردەك مەخپىي بۇلاڭچىلىق قىلاتتى ياكى تاغ قاپتاللىرىغا مۆكۈۋالاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

1920 - يىلىدىن باشلاپ «ئاۋېستا» نى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن ئىرانلىق مەشھۇر ئالىم ئىبراھىم شاپۇر داۋۇت ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق توققۇز توملۇق «ئاۋېستا» نىڭ شەرھىيسىنى يېزىپ چىقتى. بۇ كىتاب ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر، دەپ ھېسابلاندى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىدە، 1946 - يىلى «ئاۋېستادىن تاللانغان تەرجىمىلەر» دېگەن كىتاب يېزىلىپ، ئىلمىي ساھەدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەمدە 1976 - يىلى قايتا نەشر قىلىندى.

# ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى

ئىسلام دىنى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا بىر قانچە مەزھەپكە بۆلۈنگەن. دىن تەتقىقاتچىلىرى ئۇلارنى، ئاساسەن، سىياسىي مەزھەپ ۋە شەرىئەت مەزھىپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلىدۇ.

سىياسىي مەزھەپ شەرىئەت مەزھىپىگە قارىغاندا بۇرۇنراق، يەنى مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا دىنىي ئىلىم ۋە سىياسىي جەھەتلەردە ئايرىم كۆز قاراشتىكى گۇرۇھ ياكى مەزھەپ يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىدىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە (ۋارىس) بولۇشى ۋە قانداق ئۇسۇل بىلەن خەلىپە سايلاش توغرىسىدا ئېنىق ۋەسىيەت قالدۇرمىغاچقا، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كىمنى خەلىپە سايلاش توغرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ ۋە مۇنازىرە بولغان.

مۇھاجىرلار[①] بىلەن ئەنسارلار[②] ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىق تۆت ساھىبىنىڭ ھەممىسىنىڭ قانۇنلۇق خەلىپە بولۇش ھوقۇقى بار، دەپ قاراپ، سايلام ئارقىلىق خەلىپە سايلاشنى تەشەببۇس قىلغان. ئايرىم كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ھەم كۈيئوغلى ئەلىلا قانۇنلۇق

---

① مۇھاجىرلار - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 622 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەككىدە تۇرالماي، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش مەقسىتىدە مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەدىنىگە بارغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مەدىنىگە بارغانلار تارىختا مۇھاجىرلار دەپ ئاتالغان.

② ئەنسارلار — مەدىنىدە ئىسلام دىنىنى تېز لا قوبۇل قىلىپ، مۇھاجىرلارغا يار - يۆلەك بولغانلار تارىختا ئەنسارلار (قوللىغۇچىلار) دەپ ئاتالغان.

خەلىپە بولىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، سايلام ئارقىلىق خەلىپە سايلاشقا قارشى تۇرغان. نەتىجىدە ئىختىلاپ كەسكىنلەشكەن. ئاخىرىدا كۆپ سانلىق مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار سايلامدا غەلىبە قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىنئاتىسى ئەبۇبەكرىنى تۇنجى خەلىپىلىككە سايلىغان. سايلامدا مەغلۇپ بولغان ئەلى تەرەپدارلىرى بىر مۇستەقىل مەزھەپ بولۇپ شەكىللىنىپ، «شىئە» (ئەگەشكۈچىلەر) مەزھىپى دەپ ئاتالغان، كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن مۇسۇلمانلار «سۈننى» (ئەنئەنىچىلەر) مەزھىپى، دەپ ئاتالغان.

مىلادى 656 - يىلى 6 - ئايدا ئەلى 4 - خەلىپە بولۇپ سايلانغان. كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئېتىراپ قىلغان، لېكىن، سۈرىيە ۋالىيسى مۇئاۋىيە ئەلىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىغان ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئەلىگە قارشى چىققان. مىلادى 657 - يىلى ئىككى تەرەپ فۇرات دەرياسىنىڭ بويىدىكى «سىففىن» تا ئۈچ ئايدەك ئۇرۇش قىلغان. ئەلىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىغا كۆزى يەتكەن مۇئاۋىيە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىپ «قۇرئان كەرىم» نى كۆتۈرۈپ چىقىپ مۇرەسسەلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن ئەلىنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ يېرىمى سۈلھىنى قوبۇل قىلىشنى، يېرىمى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئاخىرى سۈلھى قوبۇل قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئەلىنىڭ سۈلھىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى دىنغا ئاسىيلىق قىلغانلىق، دەپ قاراپ، ئەلىدىن ئايرىلىپ ئايرىم بىر گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇلار تارىختا «خاۋارىج» (ئايرىلىپ كەتكەنلەر) مەزھىپى، دەپ ئاتالغان.

شەرىئەت مەزھىپى مىلادى 9 - ئەسىردە پەيدا بولغان، ئۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسىي ئۇلى. شەرىئەت مۇسۇلمانلارنىڭ

دىن، سىياسىي، جەمئىيەت، ئائىلە ۋە كىشىلىك تۇرمۇش جە-
ھەتتىكى قائىدە - مىزانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئې-
تىقاد، ئەدەپ، مۇئامىلە قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئال-
دۇ («دىن لۇغىتى» 449 - بەت). ئىسلام شەرىئىتىنىڭ شە-
كىللىنىش جەريانىدىكى كۆز قاراشلاردا ئىختىلاپ بولغانلىقى تۈ-
پەيلىدىن، «ھەنەفىيە»، «مالىكىيە»، «شافىئىيە»، «ھەنبەلىيە» قاتار-
لىق مەزھەپلەر كېلىپ چىققان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ
قانۇن تۈزۈش، «قۇرئان»، «ھەدىس»، «ئىجتىمائىي ئۆم-
مە»، «قىياس» تىن ئىبارەت تۆت جەھەتنىڭ مەزمۇنى، ئورنى
ۋە مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇپ، ھەر قايسى-
سىنىڭ ئۆزگىچە تەشەببۇسلىرى بار.

تەكشۈرۈشلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭدىكى ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەتتە مىللەت ئىسلام شەرىئىتى جەھەت-
تە، ئاساسەن، «ھەنەفىيە» مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن، يې-
قىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى جايلار ۋە بەزى مىللەتلەردە «ھەنبە-
لىيە» مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار پەيدا
بولغان. سىياسىي مەزھەپلەردىن سۈننى مەزھىپى بىلەن شىئە
مەزھىپىنىڭ تەسىرى بار بولۇپ، يەنە تەسەۋۋۇپچىلىقنى تەرغىب
قىلىدىغان سوفىزم (كېيىنكى چاغلاردا ئىشان مەزھىپى دەپمۇ
ئاتالغان) نىڭ تەسىرىمۇ مەۋجۇت ئىكەن.

ھازىر دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكى
سۈننى مەزھىپىگە، بىر نەچچە پىرسەنتىلا «خاۋارىج» مەزھىپى-
گە، قالغانلىرى «شىئە» مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ئېلىمىز-
دىكى مۇسۇلمانلار ئاساسەن «سۈننى» مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلى-
دۇ.

# قىممەتلىك يازما يادىكارلىق — «موڭغۇل - ئويرات قانۇنى»

«موڭغۇل - ئويرات قانۇنى» - 1940 - يىلى ئويرات موڭغۇللىرى (غەربىي موڭغۇللار) نىڭ ئاقسۆڭەكلىرى تارباغاتايدا قۇرۇلتاي ئاچقاندا تۈزۈپ چىققان قانۇن. بۇ قانۇن مەملىكىتىمىزدىكى موڭغۇللارنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى، قانۇنىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ «قانۇن» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان موڭغۇل يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تېپىلدى. ئۇ كىرىش سۆز، قانۇن ماددىلىرى ۋە ئويراتلارنىڭ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى غالدان قۇنتەيجىنىڭ ئىككى يارلىقىدىن تەركىب تاپقان. كىرىش سۆز قىسمىدا قۇرۇلتايغا قاتناشقان موڭغۇل ۋاڭ - گۇڭلىرى ۋە لامالارنىڭ ئىسىم فامىلىسى، بۇددا ئوقۇلغان مەدھىيىلەر بار. قانۇن ماددىلىرى قىسمىدا 121 ماددىلىق قانۇن چىقىرىلغان. بۇ قانۇن ماددىلىرى ۋولگا دەرياسى بويىدا ياشايدىغان تورغاۋۇت قەبىلىسى ئارىسىدىن تېپىلغان.

«موڭغۇل - ئويرات قانۇنى» نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا تاشقى دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشكە دائىر بەلگىلىمىلەر، ئويرات - موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بەلگىلىمىلەر، رابات - ئۆتەڭ، قاتناش - ترانسپورت، باج - سېلىققا دائىر بەلگىلىمىلەر، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، نىكاھ ئىشلىرىغا دائىر بەلگىلىمىلەر، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىققا دائىر بەلگىلىمىلەر، دىنىي ئېتىقادقا دائىر بەلگىلىمىلەر، مال - مۈ-

لۇككە ۋارىسلىق قىلىشقا دائىر بەلگىلىمىلەر ۋە جازالاش، سوت
قىلىش تۈزۈمىگە دائىر بەلگىلىمىلەر بار. مەسىلەن: بۇ «قانۇن»
نىڭ 72 - ماددىسىدا: «باشقىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتى-
ۋەتكەنلەرگە ئىككى ياشلىق بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ، باشقى-
لارنىڭ ساقىلىنى يۇلۇۋەتكەنلەرگە بىر ئات ۋە بىر قوي جەرىمانە
قويۇلىدۇ. ئېسىلزادىلەر ئالدىدا تۈكۈرگەنلەرنىڭ مىنىۋاتقان ئې-
تىنىڭ بېشىغا ئۇرۇلىدۇ، باشقىلارنى ئېتىدىن تارتىپ يىقىتىۋەت-
كەنلەرگە بىر ئات جەرىمانە قويۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.
بۇ قانۇندا ئويرات - موڭغۇل قەبىلىلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر-
نىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، تاشقى دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش تەلىپى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىنى-
پىي زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئىمتىيازىنى مەڭگۈ داۋام-
لاشتۇرۇش خام خىيالى ئىپادىلەنگەن.
بۇ «قانۇن» مىڭ يىللىقنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ باشلىرىدىكى ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇلار
ئىگىلىگەن رايونلار غەربتە ئالتاي تاغلىرىدىن بالقاش كۆلىنىڭ
شەرقىغىچە، غەربىي جەنۇب تەرەپتە بەشبالىق (جىمسار ئەتراپ-
لىرى) ۋە قۇمۇلغىچە بولغان جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي
ماتېرىيال بولغاچقا، چەت ئەللىكلەرمۇ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى
خېلى بۇرۇنلا باشلىغان ۋە بۇ قانۇننى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە
قىلغان. مەسىلەن، 1776 - يىلى بۇ قانۇن «ئويرات موڭغۇللى-
رىنىڭ قانۇنى» دېگەن نام بىلەن گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلى-
نغان. 1879 - يىلى لېتوۋچ تەرىپىدىن رۇس تىلىغا تەرجىمە
قىلىنغان، 1880 - يىلى غالدانىنىڭ ئىككى يارلىقى رۇس تىلىغا
تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭغا ئىزاھ بېرىلگەن.

# شىنجاڭنىڭ ئالتۇنچىلىق تارىخى توغرىسىدا

ئەجدادلىرىمىز يىراق قەدىمكى دەۋردىن بۇيان ئالتۇننى ئەڭ ئەتىۋارلىق مېتال (مەدەن) دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئېسىل زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ياساپ، ئۇنى بايلىقنىڭ سىمۋولى ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ بەلگىسى، دەپ ھېسابلىغان. كېيىن ئالتۇن پۇل (تىللا) سوقۇپ، پۇل ئوبوروتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. شۇڭا بەزى قەدىمكى قەبىلە - ئۇرۇقلار ئالتۇنغا سىرلىق بۇيۇم قاتارىدا چوقۇنغان.

ئالتۇننىڭ رەڭگى پارقىراق ۋە چىرايلىق، زىچلىقى يۇقىرى، ھەجمى كىچىك، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى يۇقىرى، ئاسانلىقچە خىمىيىلىك رېئاكسىيىگە كىرمەيدىغان، ئاسان ئۇپرىمايدىغان، ئۇزۇن مۇددەت ساقلاشقا بولىدىغان ناھايىتى قىممەتلىك مېتال، 1922 - يىلى نىل دەرياسى قىرغىقىدىكى قەدىمكى مىسىر فىرئەۋن (پادىشاھ) نىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان ئالتۇنغا 3200 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ھازىرغىچە پارقىراق ھالىتىنى ساقلاپ تۇرماقتا. تەتقىقاتچىلار تەجرىبىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بىر سەر ئالتۇننى ياپىلاقلاپ توققۇز كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا يايغىلى، قەغەزدىنمۇ نېپىز قىلىپ نېپىزلەتكىلى، چاچتىنمۇ ئىنچىكە قىلغىلى بولىدىكەن. شۇڭا ئالتۇن ھازىرقى كۈندە سانائەتنىڭ مۇھىم تارماقلىرىدا ۋە باشقا مۇھىم تارماقلاردا كەڭ ئىشلىتىلمەكتە.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئالتۇننى بىلگەنلىكى توغرىسىدا يازما يادىكارلىقلار بار. بۇ مەلۇماتلارنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ۋە تەكشۈرۈش-

لەردە قولغا كەلتۈرگەن ماددىي پاكىتلار تولۇق ئىسپاتلاپ بەر-
دى. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ نادىر ئەسىرى
«دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى») تە، ئالېك-
ساندىر ماكېدونىسكى ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، ئۇلارغا قار-
شى ئاتلانغان تۈرك - ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ رەقىبلىرىنى قىلىچ
بىلەن چېپىپ، ئۇلارنىڭ ھەميانلىرىنىمۇ ئىككى پارچە قىلىۋەت-
كەنلىكى، ھەميانلاردىكى ئالتۇن، پۇل - تىللالار قانغا بويالغانلى-
قى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ۋەقە تەخمىنەن مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى 327 - يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، بىز يۇقىرىقى مەلۇمات-
تىن يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى بۇرۇنلا ئالتۇننى، جۈم-
لىدىن ئالتۇن پۇلنى بىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز، شىنجاڭ
ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق باشلىقى، تەتقىقاتچى
ۋاڭ بىڭخۇا يازغان «قەدىمكى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى
تارىخىي ئىزلىرى» دېگەن ماقالىدە، 1976 - يىلىدىن 1978 -
يىلىغىچە ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونىدا، تەڭرىتاغدىكى ئال-
غۇي جىلغىسىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولو-
گىيىلىك تەكشۈرۈشتە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى (مىلادىيىدىن
بۇرۇنقى 772 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 487 - يىلىغىچە)
دىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
206 - يىلىدىن مىلادى 23 - يىلىغىچە) گىچە بولغان مەزگىلگە
تەئەللۇق تۆت قەبرىدىن ساپ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن، يەرلىك ئالا-
ھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇن ئالتۇن بۇيۇملار، جۈملىدىن يولۋاس
سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن سەككىز دانە يۇمىلاق ئالتۇن قارتا (ھەر
بىرىنىڭ دىئامېتىرى 6 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 20 گرام ئەترا-
پىدا)، بىر - بىرىگە خىرىس قىلىۋاتقان يولۋاسنىڭ سۈرىتى
چۈشۈرۈلگەن تۆت دانە ئالتۇن كەمەر بېزىكى (ھەربىر دانىسىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 75 .27 گرام)، چىشى-
نى چىشلەپ چاپچىپ تۇرغان ھالەتتىكى شىرنىڭ شەكلى چۈشۈ-

رۇلگەن بىر پارچە ئالتۇن قاداق، ئۇنىڭدىن باشقا ھايۋان يۈز ىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن بېزەك، رومبا شەكلىدىكى گۈل چىقىرىلغان ئالتۇن بېزەك، چەمبەر شەكلى، سۆگەت يوپۇرمىقى شەكلى، قوشۇش «+» بەلگىسى شەكلى، بۇرما شەكلى چۈشۈ- رۈلگەن ئالتۇن بېزەكلەر تېپىلغانلىقى، بۇ تۈرى كۆپ، سانى جىق ئالتۇن بېزەكلەرنىڭ كىيىم - كېچەك بېزىكى قىلىنغانلى- قى، قەبرىلەر كېيەن ئوغرىلىرى تەرىپىدىن ئوغرىلانغان بولسى- مۇ، يەنە شۇنچىۋالا ئالتۇن بۇيۇملارنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى، قەبرە ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى يۇقىرى بولغان يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ- غانلىقى تىلغا ئېلىنغان. تەتقىقاتچى ۋاڭ بىڭخۇا تارىخىي ماتېرى- ياللارغا ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئا- ساسەن، يۇقىرىقى ئالتۇن بۇيۇملارنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن ئاۋۋال شىنجاڭنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسى ھەمدە تەڭرىتاغ، ئال- تاي تېغى، شەرقىي پامىر (كۆكئارت) قاتارلىق جايلىرىدا ياشى- غان شىنجاڭ ساك (ساق) لىرىنىڭ يالدامىسى، دەپ مۇئەييەن- لەشتۈرگەن. يۇنان تارىخچىسى ھىرودوتۇس «تارىخ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، ساكلارنىڭ پادىشاھ جەمەتىنىڭ خۇدا ئاتا قىلغان ھەر خىل ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ بارلىقىنى، بەلۋىغىدا- ئالتۇن قەدەھى بارلىقىنى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملار ئاخىرەتلىك قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختال- غان. دۆلەت مىللىي ئىشلا كومىتېتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا شىن- جاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارى- خى» دېگەن كىتابتا، ساكلار ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئېتنىك مەنبە- سىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تو- نۇشتۇرۇلغان. بىز بۇنىڭغا ئاساسەن غەربىي يۇرتلۇقلار يىراق قەدىمكى زامانلاردىلا ئالتۇننىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەن ۋە ئالتۇن- دىن پايدىلىنىشنى بىلگەن دەيمىز. «شىنجاڭدا ئۆتكەن قەدىمكى

مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» دېگەن رەسىملىك كىتابىدا، تېكەس ناھىيىسىدىن تېپىلغان، دەۋرى ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان بىر پاي ئالتۇن ھالقا (109 - رەسىم) بىلەن 1962 - يىلى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىنىڭ شوتا يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان بىر دانە ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك (173 - رەسىم) تونۇشتۇرۇلغان. 1986 - يىلى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» دېگەن رەسىملىك كىتابىدا، 1975 - يىلى قاراشەھەردىن تېپىلغان، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان، ئۇزۇنلۇقى 9.8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 50 گىرام كېلىدىغان توققۇز ئەجدىھا نۇسخىسى چىقىرىلغان ئالتۇن كەمەر تۇتقىسى (19 - رەسىم) تونۇشتۇرۇلغان. مەرھۇم تۇرسۇن ئەيسا يازغان «لوپنۇر رايونىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەرنىڭ قېزىلىشى ۋە دەسلەپكى تەتقىقات» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان) دېگەن ماقالىدە، 1979 - يىلى 6 - ئايدىن 1980 - يىلى 5 - ئايغىچە لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە، شەرقىي خەن دەۋرى (مىلادى 25 - 220 - يىللار) گە تەۋە TP—LQMI P LQMI—7 نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۈستىگە كۆك تاۋاردا كىيىم كىيگۈزۈلگەن ئوتتۇرا ياشلىق ئايال جەسەتىنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن بىر پاي ئالتۇن ھالقا تېپىلغانلىقى ئېيتىلغان. يۇقىرىقىلار غەربىي يۇرتلۇقلار ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئالتۇندىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«كونا تاڭنامە. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە. كۇسەن (كۇچا) ھەققىدە» دە: «كۇسەن خانى ئالتۇن كۆزلۈك كەمەر تاقاپ، ئالتۇندىن ياسالغان شىر سۈرەتلىك دىۋاندا ئولتۇرىدۇ»

دېيىلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ بۇددا نومى ئەكەلگەن مەشھۇر راھىب شۋەنزاڭ (تاڭ سىڭ) «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدە كۇچا توغرىسىدا توختىلىپ: «ئۇ يەرنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل، خەلقى نەي ۋە تارلىق چالغۇ ئەسۋاب- لىرىنى چېلىشقا ئۇستا، كىمخاپ ۋە بۆزدىن كىيىم كىيىدۇ، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە مىس پۇل ئىشلىتىدۇ» دەپ مەلۇمات قالدۇرغان.

«قەدىمكى پۇللار لۇغىتى» (خەنزۇچە) 1308 - بەتتە، «ئاگنى (قاراشەھەر) ۋە كۇسەن رايونلىرىدىن تېپىلغان ئالتۇن، كۈمۈش پۇللار، مىس يارماقلار شۇ جاينىڭ ئۆزىدىمۇ پۇل قويۇل- غانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. شىنجاڭ بانكا مەكتىپى ئاساسىي پەنلەر كافېدىراسىنىڭ قەدىمكى پۇل تەتقىقات- چىسى ئەركىن روزىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 1959 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترى- تى ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ غەربىدىن توققۇز كىلومېتىر يىراق- لىقتىكى بىر ئۆڭكۈردىن بىر مۇنچە زىخچا ئالتۇن ۋە پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ 947 دانە كۈمۈش تەڭگىسىنى تېپىۋالغان. 13 تال زىخچا ئالتۇننىڭ ساپلىق دەرىجىسى %97، ئومۇمىي ئېغىر- لىقى 1330 گرام ئىكەن.

ئاتاغلىق ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبى- لىك» تە ئالتۇننىڭ ئەل باشقۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش- تىكى رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ مۇنداق دەپ يازغان.

2411: گەر ئالتۇن كۈمۈشنى سوۋغات ئەيلىسەڭ،
قىلۇرلەر پىدا جان ساپ ئالتۇنغا تەڭ.

3039: ئىككى نەرسە دۆلەت تۇتۇش يولىدۇر،
بىرىدۇر ساپ ئالتۇن، بىرى تىغ ئېرۇر.

3044: تۇرۇلگەن قاۋاقنى ساپ ئالتۇن ئاچار،
ئەگەر ئىش بۇزۇلسا ساپ ئالتۇن تۈزەر.

(«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 517 ـ، 641 ـ بەتلىرىگە قاراڭ).

شىنجاڭ تارىخىدا قۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ھۆكۈمرانلىرىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخان، ھارۇن بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخان، سۇلايمان ئارسلان قاراخان قاتارلىق خاقانلىرى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى كۆبەك، يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى سەئىدخان قاتارلىقلار تىللا، تەڭگە، مىس يارماقلارنى قۇيدۇرۇپ تارقاتقان.

ئالتاي تېغىدا ئالتۇن زاپىسى مول بولغاچقا، قەدىمكى خەنزۇچە كىتابلاردا ئالتۇنتاغ (金山) دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 49 ـ جىلدىدا، يۈڭيۈەننىڭ 3 ـ يىلى (مىلادى 91 ـ يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى گېڭ كۈينىڭ ئالتۇنتاغدا شىمالىي ھونلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ھازىرقى جىمسار تەۋەسىدىكى بەشبالىق قەدىمكى شەھىرى دەسلەپكى چاغلاردا ئالتۇنبالىق (ئالتۇن شەھەر) دەپ ئاتالغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى سۇبېيخەيىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭغا جىمسار رايونىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقانلىقى، تەڭرىتاغدىكى بۇ چوققىدا ئالتۇن بولغاچقا، قەدىمكى چاغلاردا ئالتۇن چوققا، دەپ ئاتالغانلىقى سەۋەب بولغانىكەن.

شىنجاڭدىكى تۆت چوڭ تاغ تىزمىسى ـ ئالتاي تېغى، تەڭرىتاغ، كوئېنلۇن تېغى، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ھەممىسىدىن ئال-

تۇن چىققانلىقى قەدىمكى دەۋردە يېزىلغان كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. ھالبۇكى بۇ تۆت تاغ تىزمىسى ئىچىدە ئالتاي تېغىدىن ئالتۇن ئەڭ كۆپ چىقىدۇ. شۇڭا خەلق ئارىسىدا: «ئالتاي تېغىدا 72 جىلغا، ھەممە جىلغىدا ئالتۇن بار» دېگەن گەپ تارالغان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە 3 - قىسىم) دا ئېيتىلىشىچە، ئالتاي تېغىدىكى ئالتۇن زاپىسى 30 مىليون سەردىن كۆپرەككە يېتىدىكەن. يالڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئالتۇنچىلار ئالتاي تېغىدىكى خاشتوۇڭ جىلغىسىدىن بىر قېتىمدىلا 29 سەرلىك، ئالتە سەرلىك، تۆت سەرلىك ئۈچ دانە ئالتۇن قېزىۋالغان. شۇ مەزگىلدە ئالتۇن قازغۇچىلار كۆپ بولغاندا 10 مىڭدىن كۆپرەككە، بىر كىشىنىڭ بىر يىلدا قازغان ئالتۇنى 20 نەچچە سەرگە يەتكەن. 1916 - يىلى شىنجاڭ بويىچە 60 ـ 70 مىڭ سەر، 1921 - يىلى 30 مىڭ سەر، 1932 - يىلى 7 ـ 8 مىڭ سەر ئالتۇن قېزىلغان. ئالتۇن قېزىش تېخنىكىسىنىڭ قالاقلىقى، بولۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئالتۇنچىلارغا قاتتىق زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى باج - سېلىقنى كۆپەيتىپ (شۇ چاغلاردا بىر ئالتۇن كولىغۇچى ئېيىغا 3 ـ 4 مىسقال ئالتۇن تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن)، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا بەرھەم بەلگەنلىكى سەۋەب بولغان. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئالتايدىن باشقا چۆچەك، ئۈرۈمچى، ماناس، گۇچۇڭ، خوتەن، چارقىلىق قاتارلىق جايلاردىمۇ ئالتۇن كېنى ئېچىلغان. جىن شۇرېن دەۋرىدە، ئۇ، غەربىي گېرمانىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ بېرلىندىن 10 دانە ئالتۇن كولاش ـ چايقاش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، ئىككىنچى يىلى (1931 - يىلى) ئەتىيازدا ئىشقا كىرىشتۈرمەكچى بولغان.

50 - يىللاردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئالتۇن قېزىش سانائىتى تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئالتۇن زاپىسىنى ئېنىقلاش ۋە ئالتۇن قېزىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. پەن - تېخنىكا خادىملىرى شىنجاڭنىڭ 56 ناھە-

يىسىدىكى 300 نەچچە جايدا ئالتۇن بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

غەربىي جۇڭغارىيىدىكى خاتۇ تېغى ئالتۇن كېنى شىنجاڭ بويىچە ماشىنىلاشقان ئالتۇن كان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كان 1983 - يىلى 5 - ئايغىچە 10 مىڭ سەردىن كۆپرەك ئالتۇن قازدى.

شىنجاڭنىڭ قۇم بارخانلىرى قېلىن، قۇم تەركىبىدىكى ئالتۇن نىسبىتى يۇقىرى. ئالتاي تېغىدىكى بەزى جىلغىلاردىكى قۇم شېغىللاردىن كۆپ قېتىم ئالتۇن چايقىۋېلىنغان بولسىمۇ، ھازىر يەنىلا ئالتۇن چايقاپ ئېلىشقا بولىدۇ. «شىنجاڭنىڭ تەبىئىي بايلىقىنى ئېچىش» (خەنزۇچە) دېگەن كىتابتا، شىنجاڭ گېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ ئاشپىزى ئىشتىن سىرتقى چاغلىرىدا ئالتۇن چايقاپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىككى مىسقال ئالتۇن تاپقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر ئەجدادلىرىمىز يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئالتۇننى، ئالتۇندىن تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساشنى بىلگەن. شىنجاڭنىڭ ئالتۇنچىلىق ئىشلىرى ئۆتمۈشتە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ چىرىكلىكى، ئۇلارنىڭ ئالتۇن قازغۇچىلارنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقى ۋە ئەزگەنلىكى تۈپەيلىدىن روناق تاپالمىغان. 50 - يىللاردىن كېيىن ئالتۇن دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ مۈلكىگە ئايلاندى. شىنجاڭدىكى ئالتۇن كانلىرى زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ھازىرقى كۈندە ئالتۇن زىننەت بۇيۇمى، تۇرمۇش بۇيۇمىلا ئەمەس، بەلكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تارماقلىرىدا، جۈملىدىن سانائەتتە كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك مېتال بولۇپ قالدى.

# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوغۇتلاش تېخنىكىسى

يىراق قەدىمكى زاماندا شىنجاڭدا يىرىك تېرىقچىلىق يولغا قويۇلغان، لېكىن يەرنى ئوغۇتلاشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن ياكى يەرنى ئوغۇتلاش تېرىقچىلىقتىكى مۇھىم تەدبىر، دەپ قارالمىغان. مىلادىيە 3 - ئەسىرگە تەئەللۇق ئۇدۇن، نىيە قاتارلىق جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كارۇشتى (قارۇشتى) يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقتا ئۇرۇق چېچىش، سۇغىرىش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىنى يىغىشقا دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدا يەنە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى چېچىلغان ئۇرۇق مىقدارىغا ئاساسەن ھېسابلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان، ئۇرۇق تاللاش، يەرنى ئوغۇتلاش، ئوتالغۇ قاتارلىق تېرىقچىلىققا دائىر ئەھۋاللار تىلغا ئېلىنغان.

قەدىمكى زاماندا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان تۇرپان ئويمانلىقىدا يەرنى ئوغۇتلاش تېخنىكىسى بۇرۇن يولغا قويۇلغان. تۇرپاندىن تېپىلغان، يىل دەۋرى مىلادىيە 624 - يىلى ۋە 640 - يىلى دەپ بېكىتىلگەن يازما يادىكارلىقلار (مەسىلەن، «تۇرپان تېكىستلىرى» نىڭ 3 - توم، 205 -، 210 -، 227 -، 230 - بەتلىرىدىكى مەلۇماتلار) غا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدا تۇرپان ئويمانلىقىدىكىلەر يەرنى ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇق چاچقان، يەرنى ئىجارىگە ئالغانلار يەرنى ئوغۇتلاشقا مەسئۇل ئىكەنلىكى يەرنى ئىجارىگە ئېلىش توختامىغا يېزىلغان. قوجودىكى ئىككى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكىلەر ئوغۇت يېتىشمىگەندە ئاشلىققا

ئوغۇت تېگىشكەن، ئوغۇتنىڭ باھاسى ئېھتىياجغا ئاساسەن بەزىدە ئۆسكەن، بەزىدە تۆۋەنلىگەن.

چېن چىڭ «غەربىي يۇرتقا تەۋە ئەللەر تەزكىرىسى» دە، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلدا يەرنى ئوغۇتلاپ تېرىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

شىنجاڭدا يېشىل ئوغۇتنى، بولۇپمۇ بېدىنى ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىش خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. بېدىنى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تېرىغان بولۇپ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنلا غەربىي يۇرتتىكىلەرمۇ بېدە تېرىشنى بىلگەن. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدىغا پەرغانىنىڭ «تۇلپار ئېتى» نى ۋە كاتتا ئۆسۈملۈك «بېدە» نى ماختاپ بەرگەن. بىز يۇقىرىدا كارۇشتى يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا يەرنى ئوغۇتلاشقا دائىر مەلۇمات يوقلۇقىنى تىلغا ئالغانىدۇق. ئەمما ئۇنىڭدا ئالايلۇق، 214 - ۋە 274 - نومۇرلۇق ۋەسىقىلەردە ئۇدۇن، نىيە ئەتراپىدا بېدە تېرىش خېلى ئومۇملاشقانلىقى، بېدە چارۋا ماللارغا يەم - خەشەك قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان، ئۇلاردا گەرچە بېدە ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بېدە تېرىشنىڭ ئۆزى يەرنى ئوغۇتلاش رولىغا ئىگە بولغاچقا، كىشىلەر شۇ چاغدىلا ئوبيېكتىپ جەھەتتە بېدە تېرىش ئارقىلىق يەرنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان، بۇ كېيىنكى چاغدا بۇ خىل ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى مەقسەتلىك قوللىنىشنىڭ ۋە ئوغۇتنى دۆۋىلەپ ياساشنىڭ زۆرۈر تەييارلىقى بولغان. قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيان، ئۇدۇن ئەتراپلىرىدا يەرنى ئوغۇتلاش ئىقتىدارىغا ئىگە يېشىل پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغانلىقىمۇ ئېيتىلغان.

شىنجاڭ سوغۇق ئىقلىمغا تەۋە رايون بولغاچقا، نۇرغۇن ئۆيلەردە كاڭ، ئۇدۇل ئوچاق، تام ئوچاقلار بولىدۇ. بىر نەچچە

يىل ئوت قالانسىلا، ئۇنىڭ كېسەك ـ لايلىرى قۇۋۋەتلىك ئوغۇتقا ئايلىنىدۇ. شىنجاڭدا كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا كاڭلارنىڭ، كونا ئۆيلەرنىڭ لاي، كېسەك، توپىلىرىنى ئوغۇت قىلغان.

تەتقىقاتچىلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا بىر مو بۇغدايلىقتىن تەخمىنەن 25 كىلوگىرام هوسۇل ئېلىنغانلىقىنى، 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ئوتتۇرا هېساب بىلەن 60 كىلوگىرام هوسۇل ئېلىنغانلىقىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئېنىقلىغان ھەمدە ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئۆسۈشىگە، ئاساسلىقى تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ، جۈملىدىن يەرنى ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى ۋە نوپۇسنىڭ كۆپەيگەنلىكى سەۋەب بولغان، دېگەن يەكۈنگە كەلگەن.

# گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى

گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناسلار (سابىق غەربىي ۋە شەرقىي گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرشۇناسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۆزلىرى-نىڭ تەتقىقاتىنى خېلى بۇرۇنلا، يەنى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ۋە موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن قىممەت-لىك يازما يادىكارلىقلار، جۈملىدىن 17 خىل تىل، 24 خىل يېزىقتىكى ماتېرىياللار تېپىلغاندىن كېيىن باشلىغان. پرۇسىيە ھۆكۈمىتى 1903 - يىلىدىن باشلاپلا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تۆت قېتىم ئارخېئولوگىيە ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ رايونلاردا قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ۋە رەتلەش ئېلىپ باردى.

ۋىلىيام بانگ، مۇللېر، فو لىكوك، ئاننا - مارىيە خانىم، فون گابائىن خانىم، ئادولف، شلاگىنتۋېيت، پېلمىن، سپو-لېر، ئاداموۋىچ، بېنزىنگ قاتارلىقلار گېرمانىيىلىك مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلار ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ۋىلىيام بانگ ۋە مۇللېر تۈركچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جە-ھەتتە دۇنيادا خېلى زور ئاتاق قازانغان. بانگ يەنە ئاننا - مارىيە خانىم، فون گابائىن خانىم قاتارلىق مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەر-زىيدىغىنى شۇكى، ئاننا - مارىيە فون گابائىن خانىم بانگ ئاچقان سىنىپتا ئوقۇپ ئۇيغۇرشۇناس بولۇپ يېتىشىپ چىققاندىن كېيىن ئەنقەرە (تۈركىيىنىڭ پايتەختى)، ھامبۇرگ (غەربىي گېرمانىيەدە)، شەرقىي بېرلىن ۋە ستراسبۇرگ (فرانسىيەدە) ئۇنىۋېر-سىتېتلىرىدا ئۇيغۇرشۇناسلىق ۋە تۈركشۇناسلىقتىن دەرس ئۆت-كەن. ئۇ ئورال ئالتاي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي رەئىسى

ۋە «ئۇرال - ئالتاي يىللىق ژۇرنىلى» نىڭ تەھرىرلىك ۋەزىپە-
سىنى ئۆتىگەن. ئۇ 1982 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىلمىي دوكلات بەرگەن ۋە
نېمىس ئارخېئولوگلىرى ئىلگىرى شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەردىن
تارتقان رەسىملەرنىڭ كارتىنا فىلىمىنى قويۇپ بەردى. ھەمدە
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا ئۇنىڭ قوچو
خانلىقى توغرىسىدا يازغان ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى.
ھازىر بونىندا ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان
مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان 12 تەشكىلات، ھام-
بۇرگدا «ئۇرال - ئالتاي ئىلمىي جەمئىيىتى» (ئۇنىڭ «ئۇرال
ئالتاي يىللىق ژۇرنىلى» )، ئۇيغۇر، تۈرك يېزىقىدىكى يادىكار-
لىقلارنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى بار. بۇ ئىلمىي تەشكىلاتلار
ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشتا تېگىشلىك رولىنى
جارى قىلدۇرماقتا ۋە ئېلىمىز، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى مۇناسى-
ۋەتلىك تارماقلار بىلەن بولغان ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى يولغا قوي-
ماقتا. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئارخېئولو-
گىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ ياش تەتقىقاتچىلىرى (جۈملىدىن ئۇيغۇر
تەتقىقات خادىمى ئىدرىس) غەربىي گېرمانىيىگە بېرىپ بىلىم
ئاشۇرۇپ كەلدى، غەربىي گېرمانىيىلىك بىر قىز تەتقىقات خادى-
مىمۇ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىغا كېلىپ بىلىم
ئاشۇردى. شۈبھىسىزكى، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسى-
تىنىڭ يەنىمۇ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىز، جۈملىدىن
شىنجاڭدىكى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ گېرمانىيىدىكى پەن
تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنىمۇ كۈچىيە-
دۇ. بۇ ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن پەن - مەدەنىيەت ئالماش-
تۇرۇش، تەتقىقات ئىشلىرى ئۈستىدە دوستانە ھەمكارلىقىنى
كۈچەيتىشتەك ئاقىلانە سىياسىتىگە ئۇيغۇن.

# دۇنخۇاڭ ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق

دۇنخۇاڭ — گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى داڭخې دەرياسى ساھىلىگە جايلاشقان ناھىيە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن تۇتىشىدۇ، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى دۇنخۇاڭ ناھىيەسىنىڭ شىمالىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

دۇنخۇاڭ تارىخى ئۇزۇن قەدىمكى شەھەر. دۇنخۇاڭ دېگەن بۇ نام ئەڭ دەسلەپتە «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «توخرىلار دەسلەپتە دۇنخۇاڭ بىلەن چىلىيەنشەن تاغلىرى ئارىلىقىدا ياشايتتى» دېيىلگەن («تارىخىي خاتىرىلەر» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل 1 - نەشرى 491 - بەتكە قاراڭ). «خەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيىلىك تەپسىرات» نىڭ «دۇنخۇاڭ» ۋىلايىتى ماددىسىغا بېرىلگەن شەرھىدە: «دۇن ( 敦 ) - چوڭ، خۇاڭ ( 煌 ) - ئاۋات دېگەن سۆز» دېيىلگەن. خەن سۇلالىسى مىلادى 111 - يىلى دۇنخۇاڭدا ۋىلايەت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شۇ چاغدا ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇلې دەرياسى (سۇللۇغ دەرياسى) نىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى جايلار بۇ ۋىلايەتنىڭ قارمىقىدا ئىدى. مىلادىيە 600 - ، 604 - يىللىرى دۇنخۇاڭ ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 604 — 618 - يىللىرى دۇنخۇاڭدا شاجۇ ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ، VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە دۇنخۇاڭ ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلگەن.

دۇنخۇاڭ قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» («بۈيۈك كارۋان») دىكى مۇھىم ئۆتكەل بولغان. ئۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى

زامانغا ئائىت قىممەتلىك تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقاتچىلارنى قىزىقتۇرۇپ كەلمەكتە.

دۇنخۇاڭنىڭ 25 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا دۇنياغا مەشھۇر موگاۋ مىڭئۆيى بار. موگاۋ مىڭئۆيى 492 كېمىر ئۆي (غار) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1618 مېتىر، ئۇنىڭدا، بۇددا دىنى، مانى دىنلىرىنىڭ نوم - بىتىكلىرى، تارىخىي ھۆججەتلەر، قولىيازمىلار، ۋەسىقىلەر ساقلانغان. تام - تورۇسلىرىغا بۇددا قىسسىلىرىغا دائىر رەسىملەر، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان رەسىملەر سىزىلغان. بەزى كېمىر ئۆيلەرگە ھەرخىل شەكىلدىكى غايەت زور بۇتلار قويۇلغان؛ تاملارغا سىزىلغان ۋە ئويۇلغان رەسىملەرنىڭ كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. ھازىرغا قەدەر دۇنخۇاڭدىن خەنزۇ، قەدىمكى تۈرك، قەدىمكى ئۇيغۇر، كۇسەن، تاڭغۇت يېزىقلىرىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار تېپىلدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسىنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386 ـ 534) نىڭ تەيىەن 4 - يىلى (مىلادى 484 - يىلى) كۆچۈرۈلگەن ۋە يېزىلغانلىقى، ئەڭ كېيىنكىلىرىنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (960 ـ 1127) دەۋرىدە يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. بۇ يازما يادىكارلىقلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىيات تارىخىنى، دىن تارىخىنى، غەربتىكى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخىنى، تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى، قائىدە - يوسۇنلىرىنى، ئۇلار تارىختا قوللانغان تىل - يېزىقلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، دۇنخۇاڭ 1961 - يىلى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلدى.

دۇنخۇاڭشۇناسلىق ھازىر مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا يېڭە-دىن گۈللىنىۋاتقان بىر پەن بولۇپ قالدى. مەملىكىتىمىزدە 1944 - يىلى دۇنخۇاڭ سەنئىتى تەتقىقات يۇرتى تەسىس قىلىنغا-نىدى. 50 - يىللاردىن كېيىن، بۇ ئورگاننىڭ نامى دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات يۇرتىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ تەتقىقات يۇرتى موگاۋ مىڭئۆيىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئاساسىدا رېمونت قىلىش، تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى رەسىمگە ئېلىش، مىڭئۆيلەردىكى بېغىشلە-مىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلارنى توپلاش، رەتلەش، تورگە ئايرىش، ئۇلارنى ئەستايىدىل ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىپ، مىڭئۆيلەرنىڭ تارىخىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەم دۇنخۇاڭ سەنئىتى-نى قايتىدىن نۇرلاندۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئەجايىب خىزمەتلەر-نى ئىشلىدى، يەنە «دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلى چە-قاردى. 1982 - يىلى «جۇڭگودىكى مىڭئۆيلەر. دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ مىڭئۆيى» ناملىق بەش قىسىملىق كىتابنى نەشر قىلدى. جۇڭگو دۇنخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىللىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 1985 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىن ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملە-

رىنىڭ 105 پارچە ئىلمىي ماقالىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

«خەلق گېزىتى» نىڭ 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 4 - بېتىگە بېسىلغان «1990 - يىللىق دۇنخۇاڭشۇناسلىق خەلقئارا ئىلمىي يىغىنى ئاياغلاشتى» سەرلەۋ-ھىلىك ماقالىدە، دۇنخۇاڭدا ئېچىلىپ 1990 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاياغلاشقان بۇ ئىلمىي يىغىنغا جۇڭگو، ياپونىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ھىندىستان، شىۋېتسىيە، سىنگاپور، مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ 200 نەچچە ئالىمى،

جۈملىدىن تەيۋەننىڭ 11 نەپەر ئالىمى قاتناشقانلىقى، يىغىندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەر تونۇشتۇرۇلغانلىقى، يىغىن 118 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالغانلىقى، بۇ ماقالىلەردە دۇنخۇاڭ مىڭئۆي سەنئىتىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئۇسلۇبى، ئېستېتىكا ئىدىيىسى ھەققىدە يېڭى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلگەن. ئالىملار يەنە موگاۋ مىڭئۆيدىكى تام رەسىملىرىگە ئەينى چاغدا تەخمىنەن 20 خىلغا يېقىن نىئورگانىك مىنېراللاردىن ئىشلەنگەن بوياق ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان.

چەت ئەللەردىكى دۇنخۇاڭشۇناسلىق ۋېنگرىيىلىك ئالىم لويىز 1879 - يىلى دۇنخۇاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئەۋج ئالغان. «ستەيىننىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشىدىن خاتىرە» دە ئېيتىلىشىچە، لويىز دۇنخۇاڭدا ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ستەيىنگە تونۇشتۇرغان، بۇ ستەيىننىڭ دۇنخۇاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىپ - تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن فرانسىيە، ياپونىيە، روسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېكىسپېدىتسىيىچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن دۇنخۇاڭغا كېلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، جۈملىدىن يازما يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. ھازىر بۇلار كۇسەن (كۇچا)، قوچۇ (تۇرپان)، ئۇدۇن (خوتەن) لاردىن ئېلىپ كېتىلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەنگلىيىدىكى لوندون مۇزېيىدا «ستەيىن ھۆججەتلىرى» دېگەن نام بىلەن؛ فرانسىيىدىكى سابىق پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا «پېللىئوت ھۆججەتلىرى» دېگەن نام بىلەن؛ ياپونىيىنىڭ لۇڭيۇي ئۇنىۋېرسىتېتىدا «دايۇي ھۆججەتلىرى» دېگەن نام بىلەن؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد شەھ-

ردە «دۇنخۇاڭنىڭ ئالاھىدە مىراسلىرى» دېگەن نام بىلەن ساقلانماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاسىيا، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا ھەمدە ئامېرىكىدا دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئالايلۇق، 1984 - يىلى ياپونىيىنىڭ توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى «دۇنخۇاڭ ھەققىدە لېكسىيە» ناملىق تۆت توملۇق كىتابنى نەشر قىلدى. سىنگاپوردا «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر كاتالوگى» ئىشلەندى ھەمدە بەزى ئالىي مەكتەپلەردە دۇنخۇاڭشۇناسلىققا دائىر دەرسلەر تەسىس قىلىندى.

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، جەنۇبىي چاۋشيەن، ھىندىستان، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر، شۇنداقلا تەيۋەن، شياڭگاڭ قاتارلىق رايونلاردا دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

# مەشھۇر تارىخىي شەھەر — بېشبالىق

جىمىسار بازىرىدىن شىمالغا قاراپ تەخمىنەن 20 كىلومېتىر ماڭسىڭىز، دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بىر قەدىمكى شەھەر خارابىسىگە يېتىپ بارىسىز. بۇ خارابە تارىختا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر بولغان بېشبالىق (بەشبالىق، بەش شەھەر) شەھىرىنىڭ خارابىسىدۇر. بۇ شەھەرنى غەربىي يۇرتلۇقلار بۇندىن 1300 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىلگىرى بىنا قىلغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، ئۇ جايدا غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان قانقىل بەگلىكى قۇرۇلغان، بۇ بەگلىكنىڭ دائىرىسى بۈگۈنكى تۇرپان رايونى بىلەن جىمىسار تەۋەسىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 167 - يىلى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي رايونلىرىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت — ھونلار قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى غەربىي يۇرتقا كېڭەيتكەن. قانقىل بەگلىكى مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى بىلەن ھون دۆلىتى قانقىلنى تالىشىپ 30 يىل ئۇرۇش قىلغان. ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسى ئاخىرى غەلىبە قىلغان ۋە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي يۇرتقا قورۇقچىبەگ (ئەڭ ئالىي يەرلىك ئەمەلدار) تەيىنلىگەن ھەمدە قانقىل بەگلىكىنى ئالدىنقى قانقىل (تۇرپاندىكى يارغول شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى) ۋە كېيىنكى قانقىل (تيانشان تېغىنىڭ شىمالىدىكى تۇرپانغا تەۋە جايلار ۋە جىمىسار رايونى) دەپ ئىككىگە ئايرىغان. ۋاڭ ماڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بىر يۈرۈش ئەكسىيەتچىل سىياسەت يۈرگۈز-

گەنلىكى ئۈچۈن، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلگەن. جۈملىدىن غەربىي يۇرتتىكى خەلقلەرنىڭمۇ نارازىلىقى كۈچەيگەن. كېيىنكى قانقىل خانى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ھون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوينىغا ئاتقان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭدى مىلادى 72 - يىلى ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈۋرغول، قانقىل قاتارلىق جايلارنى تارتىۋالغان.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، قانقىل ئەتراپلىرىدا غەربىي تۈركلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. 638 - يىلى غەربىي تۈركلەر ئارىسىدا ئىچكى توقۇنۇش يۈز بېرىپ، غەربىي تۈرك خانلىقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، يەنى ئىل بىلگە قۇتلۇق قاغان سۈيئاپ دەرياسى (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) نىڭ شەرقىدىكى قەبىلىلەرنى، ئىل بىلگە ئىشپارا قاغان سۈيئاپ دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قەبىلىلەرنى ئىدارە قىلغان. ھەر ئىككى قاغان دەسلەپكى چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلغان. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، بېشبالىقتىكىلەر قوجۇ ۋاڭى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يىپەك يولىنى توسۇپ، سودا ئالاقىسىگە توسقۇنلۇق قىلغان. شۇ سەۋەبتىن 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى لەشكەر بېشى خۇ جۈنجيېنى يارغۇلغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىلىكىگە تەيىنلەپ، قوجۇ خانى چۈي ۋېنتايىنى جازالاشقا ئەۋەتكەن. خۇ جۈنجيې قوجۇنى تىنچلاندۇرۇپ، قوجۇنىڭ نامىنى غەربىي ئايماق (شىجۇ) قا ئۆزگەرتكەن، كېيىنكى قانقىلدا بېشبالىق ئايمىقىنى تەسىس قىلغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئايال پادىشاھى ۋۇزېتيەن ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، بېشبالىق ئايمىقىدا بېشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، تيانشاننىڭ شىمالىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۇنىڭ باشقۇرۇش

دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

960 ـ يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كې‍يىن، شىنجاڭدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇدۇن خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى قاتارلىق يەرلىك ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلغان. بۇ چاغدا بېشبالىق قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان.

لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە قىتانلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ياللۇغ تاشىن ئاخىرقى خان تيەنزۇ بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسمىنى بىرلەشتۇرۇپ، غەربىي لياۋ (غەربىي قىتان) خانلىقىنى قۇرغان، ئۇيغۇرلارنىڭ بىلگە خانىمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان.

چىڭگىزخان 1206 ـ يىلىدىن 1219 ـ يىلىغىچە موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرغان ھەمدە شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ غەربىي يۇرتقا يۈرۈش قىلىپ، غەربىي لياۋ خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان ۋە بېشبالىقتا قوشۇن تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن دارغاچ (يەرلىك ئەمەلدار) تەيىنلىگەن. چىڭگىزخاندىن كېيىنكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى بېشبالىقتا دۇۋان مەھكىمىسى (ئۆلكە دەرىجىلىك) تەسىس قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. 1271 ـ يىلى قۇبلەيخان يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، چاغاتاينىڭ نەۋرىسىنى بېشبالىقتا قارارگاھ قۇرۇپ، تۇرپان ۋە قۇمۇللاردا ھەربىي تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا بەلگىلىگەن.

مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ كۆپ قىسمى ئېلىمىزنىڭ شىمالى ۋە غەربىي شىمال قىسىملىرىغا يۆتكەلگەن. بېشبالىق چاغاتايخانىنىڭ ئەۋلادلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزگە ئايلانغان. ئۇلاردىن مەھمۇد بېشبالىقنى مەركەز قىلىپ، بىر

مەھەل دەۋران سۈرگەن. 1416 ـ يىلى مەھمۇدخان ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا جىيەنى ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆت‐ مەي، ئىنىسى ئۇۋەيس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇۋەيسخان ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزىنى ئالمىلىق (ئىلى دەرياسى ۋادى‐ سىدا) غا يۆتكىگەن. مۇشۇنداق بىر قاتار ئىچكى مالىمانچىلىقلار تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بېشبالىق شەھىرى پەيدىنپەي خارابىلىققا ئايلانغان.

# «قۇمۇل قوغۇنى» دېگەن نام توغرىسىدا

بىزگە مەلۇمكى «قۇمۇل قوغۇنى» تاتلىقلىقى، چوڭلۇقى ۋە رەڭدارلىقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە. ئەمما «قۇمۇل قوغۇنى»، خەنزۇچە «خامىگۇا» دېگەن نامنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايسى ۋاقىتتا تارقالغانلىقى، ئەشۇ نامنى ئالغان قوغۇن ئەسلىدە قۇمۇلنىڭ قوغۇنىمۇ ياكى پىچاننىڭ قوغۇنىمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىككى خىل كۆز قاراش ساقلانماقتا. مەن بۇ ماقالىدە كۆرگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئىككى كۆز قاراشنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

1. خىل كۆز قاراشتىكىلەر: «قۇمۇل قوغۇنى» دېگەن نام چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادشاھى چيەنلۇڭ (1736 ـ 1795) دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان، ئەشۇنداق ئاتالغان قوغۇن ئەسلىدە پىچاننىڭ قوغۇنى ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا خەنزۇچە مەنبەلەردە يېزىلغان: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ پادشاھى دەۋرىدە، قۇمۇل ۋاڭى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى پىچاندىن چىقىدىغان قوغۇننى چىڭ ئوردىسىغا سوۋغا قىپتۇ، پادشاھ چيەنلۇڭ ئۇ تاتلىق قوغۇننى يەپ، ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ يېنىدىكى مۇلازىملىرىدىن بۇ قەيەرنىڭ قوغۇنى، دەپ سوراپتۇ. قوغۇن قۇمۇل ۋاڭى تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مۇلازىملار «قۇمۇلنىڭ قوغۇنى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ نام پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپتۇ، دېگەن رىۋايەت خاراكتېرلىك ماتېرىيالنى ئۆزىنىڭ مۇنازىرە پاكىتى قىلىدۇ. ھەمدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ھازىرغىچە قۇمۇل رايونىدىن قوغۇنغا ئائىت ماددىي پاكىت تېپىلمىغانلىقىنى، تۇرپان رايونىدىكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرىلەردىن قوغۇن شا-

پىقى ۋە ئۇرۇقى تېپىلغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي ئاساس قىلىدۇ.

2- خىل قاراشتىكىلەر: «قۇمۇل قوغۇنى» دېگەن نام چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭشى (1662 ـ 1722) دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان، ئەشۇنداق نامى چىققان قوغۇن شۇجاينىڭ قوغۇنى ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئۈچ مۇنازىرە پاكىتىنى يەنە چىيەنلۇڭ دەۋرىدە يېزىلغان «شىنجاڭدىكى تۆت ئوبلاست ھەققىدە تەپسىرات» تا: «كاڭشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ قۇمۇل سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوردىغا «قۇمۇل قوغۇنى سوۋغا قىلىنىشقا باشلىدى» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى، (2) پىچان رايونى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرمىگەنلىكى، يەنە كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلى (مىلادى 1696 ـ يىلى) ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا، 2 ـ يىلى چىڭ خانلىقى ئۇنىڭغا قۇمۇل ۋاڭى دېگەن ئۇنۋاننى باقىۋەندە قىلىپ بەرگەنلىكى، ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغان ئەۋلادلىرىنىڭ قۇمۇلدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان پىچان رايونىنى ئىدارە قىلمىغانلىقى ۋە پىچاننى تۇرپان ۋاڭى باشقۇرۇپ كەلگەنلىكىنى؛ (3) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان كىتابلاردىن شىنجاڭدىن چىقىدىغان قوغۇنلار ئىچىدە قۇمۇل قوغۇنى ئەڭ داڭلىق ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەنلىكى، مەسىلەن، چىيەنلۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب جى يۈن ئۆزىنىڭ ھېكايىلەر توپلىمىدا: «غەربىي يۇرتتىكى مېۋە ـ چېۋىلەر ئىچىدە تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى ئەڭ داڭلىق» دەپ يازغانلىقىنى ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىككى خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان

داۋلىسى ۋە مۇنازىرە باكىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن
چىدە قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە كەسكىن ھۆ
تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدىن توغرا ئى
چىقىرىش ئۈچۈن، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يەن
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىغا: قۇمۇل ۋە پىچانىكى
كىرە يېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولدا
مىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا ۋە ئۆلچىنىم ر
ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە يېڭى ئىزدىنىش ئېلىپ بې
را كېلىدۇ.

پىقى ۋە ئۇر ۋقى تېپىلغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىس-
پاتلايدىغان ماددىي ئاساس قىلىدۇ.

2. خىل قاراشتىكىلەر: «قۇمۇل قوغۇنى» دېگەن نام چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى كاڭشى (1662 ـ 1722) دەۋرىدە ئىچ-كى ئۆلكىلەرگە تارقالغان، ئەشۇنداق نامى چىققان قوغۇن شۇجاي-نىڭ قوغۇنى ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئۈچ مۇنازىرە پاكىتىنى يەنە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «شىنجاڭدىكى تۆت ئوبلاست ھەققىدە تەپسىرات» تا: «كاڭشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ قۇمۇل سۇلالىمىزگە بەيئەت قىلدى. شۇ-نىڭدىن ئېتىبارەن ئوردىغا «قۇمۇل قوغۇنى سوۋغا قىلىنىشقا باشلىدى» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى، (2) پىچان رايونى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىر-مىگەنلىكى، يەنە كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلى (مىلادى 1696 ـ يىلى) ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇ-لۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا، 2 ـ يىلى چىڭ خانلىقى ئۇنىڭغا قۇمۇل ۋاڭى دېگەن ئۇنۋاننى ۋاقىتلىق قىلىپ بەرگەنلى-كى، ئابدۇللا ۋە ئۇنىڭ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلغان ئەۋلادلىرى-نىڭ قۇمۇلدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان پىچان رايونىنى ئىدارە قىلمىغانلىقى ۋە پىچاننى تۇرپان ۋاڭى باشقۇرۇپ كەلگەنلىكىنى؛ (3) چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان كىتابلار-دىن شىنجاڭدىن چىقىدىغان قوغۇنلار ئىچىدە قۇمۇل قوغۇنى ئەڭ داڭلىق ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەنلىكى، مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋ-رىدە ئۆتكەن ئەدىب جى يۈن ئۆزىنىڭ ھېكايىلەر توپلىمىدا: «غەربىي يۇرتنىڭ مېۋە ـ چېۋىلەر ئىچىدە تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى ئەڭ داڭلىق» دەپ يازغانلىقىنى ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان ئاساس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىككى خىل كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان

داۋلىسى ۋە مۇنازىرە پاكىتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئە-
چىمدە قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە كەسكىن ھۆكۈم قىلىشقا
تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدىن توغرا ئىلمىي يەكۈن
چىقىرىش ئۈچۈن، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىغا؛ قۇمۇل ۋە پىچاندىكى يەرلىك تەز-
كىرە يېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ ئە-
مەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ
ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدە يېڭى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشىغا توغ-
را كېلىدۇ.

# ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا توغرىسىدا

1917 - يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى تۈركمەنىستان، تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان تېررىتورىيىسىدىن ئىبارەت بولغان جايلار تۈركىستان دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. تۈركىستان دېگەننىڭ مەنىسى تۈركلەر ئېلى دېگەنلىك ئىدى. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بولمىغاچقا، تۈركىستان دەپ ئاتاش ئانچە مۇۋاپىق بولمىغانىدى. شۇڭا 1924 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي رايونلارنى ئايرىغاندا، تۈركىستان دېگەن جۇغراپىيىلىك نام ئورنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن نامنى قوللىنىش بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ مەتبۇئاتلاردا كۆپرەك قوللىنىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مەركىزىي ئاسىيا ناھايىتى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قاراقورۇم، ھىمالايا، كوئېنلۇن، تيانشان، پامىر، ئىدىقۇت ۋە ئالتاي قاتارلىق دۇنياغا تونۇلغان چوڭ تاغلار مۇشۇ تېررىتورىيىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. تاغلىق رايونلارنىڭ ھاۋا كېلىماتى سوغۇق كېلىدۇ. يۇقىرىقى چوڭ تاغلاردىن باشقا قاراقورۇم، تەكلىماكان ۋە قىزىلقۇم قاتارلىق قۇملۇقلارمۇ بار. بۇ جايلاردا قاتتىق ئىسسىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ ھاۋا كېلىماتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىياغا دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ تەسىرى بىۋاستە يېتىپ كېلەلمىگەچكە، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز،

قۇرغاق. ئەمما بۇلۇتقا تاقاشقان ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىكى. قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ئامۇ دەرياسى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستاننى كېسىپ ئۆتىدۇ. زەرەپشان دەرياسى بۇخارا ۋە سەمەرقەندنىڭ شىمالىدا، تازان ماراب دەرياسى تۈركمەنىستاندا. نارىن دەرياسى قىرغىزىستاندا ئارال كۆلىگە قويۇلىدىغان چۇ تالاس دەريالىرى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى بولغان شىنجاڭدىكى تارىم دەرياسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دەريا ئېقىنلىرى ۋە لوپنۇر كۆلى، ئىسسىقكۆل، بالقاش كۆلى ۋە ئارال كۆلى قاتارلىقلار بۇ تېررىتورىيىگە جايلاشقان بۇ دەريالار كۆل ياقىلىرىغا تۈزلەڭلىكلەرگە ئاھالە ناھايىتى زىچ ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا، مەركىزىي ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا كۆپلىگەن خەلقلەر ياشاپ كەلگەن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر جەريانىدا دەريا ئېتەكلىرى ۋە كۆل ياقىلىرىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت خارابە ئىزلىرىدىن ئەينى زاماندىكى ئىنسانلار ئىشلەتكەن تاش قوراللار، پىچاقلار، ئوقيالار مېھنەت قوراللىرى چاقماق تاش پارچىلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن ئاسار ئەتىقىلەر تېپىلدى. بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنىڭ داۋاملىق كۆپلەپ تېپىلىشى بەزى ئالىملار ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقاتلار جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت پەيدا بولغان ئەڭ دەسلەپكى بۆشۈك بولغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئىلمىي قىياسنى تېخىمۇ كۈچلۈك تۈردە ئىسپاتلىماقتا ۋە كىشىلەرنىڭ بارغانچە دىققىتىنى تارتماقتا. ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر قۇرۇلغان، ئەينى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆپ قېتىم ئىستېلاچىلار بېسىپ كىرىپ بۇ رايوندىكى گۈللەنگەن شەھەرلەرنى سۇ ئىنشائاتلىرىنى ۋە خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلغانىدى. شۇنداقلا بۇ رايونلارنىڭ يەرلىك خەلقلىرى بىلەن كۆچمەن خەلقلەر ئۇزاقىچە جەڭگى ـ جىدەللەر داۋام

قىلغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىياغا يېقىن بولغان شەرق ئەللىرىگە قە-
دىمدىنلا بۇ جايلار مەلۇم ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيە-
لىك ناملىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى V - VI ئەسىرلەرگە
مەنسۇپ بەزى تارىخىي هۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەنىدى. مىلادىيە-
دىن ئىلگىرىكى V ئەسىردە گىرېتسىيىلىك كىرىست ئوتتۇرا
ئاسىيا توغرىسىدا كەڭ دائىرىدە مەلۇماتلارنى توپلىغان، ئۇ كې-
يىن پارس تىلىدا يېزىپ قالدۇرۇلغانىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرى-
كى IV ئەسىردە ئالېكساندىر ماكېدونىسكى دارا ئىمپېرىيىسىنى
مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ،
پەرغانە رايونىغىچە يېتىپ كەلدى. ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ
شۇ قېتىمقى ئىستېلاسى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدى-
كى تەسەۋۋۇرلىرىنى كېڭەيتىشكە ۋە قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى
بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇرۇشتا ئوي-
يېكتىپ جەھەتتە مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغانىدى. كېيىنكى
تارىخىي دەۋرلەردىكى يېڭى تارىخىي ۋەقەلەر مەسىلەن: يېڭى سودا
يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى موڭغۇللارنىڭ ئىستېلاسى قاتارلىقلارنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ
مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئېلىمىزنىڭ ساياھەتچىلىرى
مىلادىيىدىن ئىلگىرى تيانشاننىڭ غەربىگە جايلاشقان ئەللەرگە
بارغان بولۇپ، بۇ ھەقتە خەنزۇچە يازما خاتىرىلەردە تەپسىلىي
مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇڭا گېرمانىيىلىك روتېر بۇ ھەقتە جۇڭ-
گولۇقلار ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي يېرىمى
توغرىسىدا غەربتىكىلەرگە نىسبەتەن خېلى ئىلگىرىلا چوڭقۇر
جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارغا ئىگە ئىدى، دېگەنىدى. ئوتتۇرا ۋە
مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى-
گە، بولۇپمۇ، ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر
قوشقان بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىن كۆپلىگەن ئالىملار، يازغۇچىلار
مۇتەپەككۇرلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. مەسىلەن مۇھەممەد ئىبنى

موسا خارەزىمى، ئەبۇناسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئەلىشىر ناۋائى، ئۆمەر ھەييام، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، رۇداكى، لۇتفى قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر.

# قەدىمكى يىپەك يولىدىكى چەت ئەللىكلەر

قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، ياۋروپا بىلەن ئاسىيانىڭ مۇھىم قاتناش يولى بولغان يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان شىنجاڭ غەرب بىلەن شەرقنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كەلگەنىدى.

مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىكى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىشقا قۇربىتى يەتمىدى، شۇڭا، قەدىمدىن بۇيان شەرق بىلەن - غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئالاقە يولى بولۇپ كەلگەن «يىپەك يولى» تەدرىجىي ھالدا تاشلىنىپ قالدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، چەت ئەللىكلەر ئۆز زامانىسىدا ئىنتايىن گۈللەنگەن، ھازىر قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان شىنجاڭدىكى خارابىلىقلارغا ئىنتايىن قىزىقتى. ئۇلار تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ جايدا نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك بايلىقلار يوشۇرۇنغان، دەپ ھېسابلاشتى.

1895 - يىلى 5 - ئايدا شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن 1 - قېتىم خوتەنگە كېلىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قايتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە شۇ يىلى 12 - ئايدا يەنە بىر قېتىم قەشقەردىن يولغا چىقىپ 21 كۈندە خوتەنگە كەلدى. ئارقىدىن ئۇ كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىنى خەۋپ - خەتەرلەر ئىچىدە كېسىپ ئۆتۈپ، جۇغراپىيە ۋە ھايۋاناتشۇناسلىققا دائىر زور مىقداردىكى ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىياللارغا ئېرىشتى، ئۇ ئاخىرى خوتەن خارابىلىقىدىن كۆپ مىقداردىكى يازما يادىكارلىقلارنى ساندۇقلارغا لىق قاچىلاپ قايتتى. تۆت

يىلدىن كېيىن، يەنى 1899 - يىلى 9 - ئايدا ئۇ شىۋېتسىيە پادىشاھى ئوسكا بىلەن مىليونېر نوبىلنىڭ قوللىشى بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكلىماكانغا كىردى. ئۇ ئۆز خاتىرىسىگە بۇ قېتىم مەن ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئەڭ زور نەتىجىگە ئېرىشكەنىدىم دەپ يازغان. ئۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى شەھىرى كىرو-راننى تاپتى. بۇ يەردىن زور مىقداردىكى تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئەپچىقىپ كەتتى. سىۋېن ھېدىنىنىڭ نەتىجىسى ئەينى چاغدا ئار-خېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارقىمۇ - ئارقا شىنجاڭ رايونىغا ئارخېئولوگىيە چارلاش ئەترەتلىرىنى ئەۋەتتى.

1900 - يىلى 5 - ئايدا، ۋېنگىرىيىلىك مارك ئاۋرىل ستەيىنىنىڭ ئاياغ ئىزى يىپەك يولىغا بېسىلدى. ئۇ سىۋېن ھېدىنىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، سەپەر تەييارلىقلىرىنى ياخشى قىلدى. ئۇ ئارخېئولو-گىيىلىك تەكشۈرۈشتىن باشقا، يەنە يەر تەكشىلىكىنى، پاراللېل ۋە مېرىدىياننى ئۆلچەش ئارقىلىق خەرىتىلەردىكى ئاق ئورۇنلارنى تولدۇردى. ئۇ دەندان ئۆيلۈك، نىيە، ئەندىر، راۋاق قاتارلىق جايلاردا چارلاش ئېلىپ بارغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىگە ئائىت نۇرغۇن ئاسارئەتىقىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەت-تى.

1907 - يىلى ستەيىن يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئاساسىي نىشانى - تىلسىمات دەپ ئاتالغان تەكلىماكاندىكى كىروران خارابىسى بولدى. سەپەر قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ قەشقەردە جاڭ ئىسىملىك بىر خەنزۇنى ئۆزىگە ياندى-ۋالدى. چۈنكى ئۇ ئۇرۇمچىلىك بىر سودىگەرنىڭ ئاغزىدىن كى-روراندا ساقلىنىۋاتقىنىغا نەچچە مىڭ يىل بولغان كىتابلارنىڭ تېپىلغانلىقى، ئۇنىڭغا بىر مەنچىڭ ئەمەلدارىنىڭ قارايدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېلىقى خەنزۇ ياردەمچە-

سىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 500 سەر تەڭگىگە 570 پارچە بۇددا
نومىنى سېتىۋالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېلىقى مەنچىڭ ئە-
مەلدارى چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالدى ۋە كېيىن
ئۆيلەردىن تاپقان بۇددا نوملىرىنى چەت ئەللىكلەرگە سېتىپ بې-
رىپ تۇردى.

ستەيىن 1914 - يىلى 3 - قېتىم شىنجاڭغا كەلگەن. ئۇ
دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان رايونلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، مول ماتېرى-
ياللارغا ئېرىشتى، ئۇنى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتلەرنىڭ
كېپەنلىرى ناھايىتى قىزىقتۇردى. ئۇ جەسەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى
چىرايلىق قەدىمكى توقۇلما بۇيۇملارنى كېسىۋالدى.

1902 - يىلدىن 1914 - يىلى 1 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانغا
قەدەر، گېرمانىيىلىكلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم
شىنجاڭغا كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.
1 - قېتىمقىغا پروفېسسور ئالبېرت گرۈنۋېدېل باشچىلىق قىل-
دى. ئۇ تۇرپان رايونىدا بەش ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە 46
ساندۇق ئاسارئەتىقىنى، جۈملىدىن بۇددا دىنىغا ئائىت تام رە-
سىم، قوليازما ۋە ھەيكەللەرنى يىغدى. 2 - قېتىمدا گرۈنۋېدېل-
نىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا
فون لېكوك ۋاكالىتەن ئەۋەتىلدى. ئۇ 1904 - يىلى 9 - ئايدا
بېرلىندىن يولغا چىقتى.

1904 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى لېكوك قاراغوجىغا
كەلدى. ئۇ بۇ جايدا مانى دىنىنىڭ ئاساسچىسى مانى تەسۋىرلەن-
گەن، ئەزەلدىن چېلىقماي كەلگەن بىر پارچە تام رەسىمنى
كۆرۈپ ھەيران قالدى ھەمدە ساقلىنىۋاتقىنىغا مىڭ يىلدىن ئاش-
قان مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ھەرىدەپ سويۇۋېلىپ، ئۇلارنى
بېرلىنگە توشۇپ كەتتى. سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا،
گېرمانىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تۆت قېتىملىق سەپىرىدە
ئېلىپ كەتكەن تام رەسىملىرى 624 پارچە بولۇپ، ئۇلارنىڭ

تەڭدىن تولىسى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولۇپ كەتكەن.
فرانسىيىلىكلەر شىنجاڭغا كېرمانلاردىن سەل كېچىكىپرەك كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئېپكەتكەن ماتېرىياللارمۇ ئاز بولمىدى. چۈنكى شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن 27 ياشلىق پېللىئوت 13 خەنزۇشۇناس بولۇپ، ئۇ خەنزۇچىدىن باشقا يەنە دۇنيادىكى خىل تىل - يېزىقنى بىلەتتى. ئۇ ئاساسەن كۇچا رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى.
كۇچا رايونى گېرمانىيىلىكلەر، ياپونلار ۋە رۇسلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا قولغا چۈشۈرگىدەك ماتېرىياللار بار ئىدى. فرانسىيىلىكلەر كۇچادا 8 ئاي چارلاش ئېلىپ بېرىپ ئاخىرى بۇددا دىنىغا ئائىت نۇرغۇن يازما ھۆججەتلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلار ساقلانغان گەمىنى تاپتى. ئۇ بۇ قېتىمقى توپلىغان ماتېرىياللارنى رەتلەپ ئالتە توملۇق تارىخىي كىتاب نەشر قىلدى.
ياپونلار 1902 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم كەلدى. ئۇلار تەكلىماكاندىكى بەزى خارابىلەردە قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بۇددا نومىلىرىنى ۋە تام رەسىملىرىنى تاپتى. ئۇنىڭدىن كېيىن باي قىزىل مىڭئۆيدىكى تام رەسىملىرىدىن 650 پارچە سۈرەت تارتىۋالدى. كېيىن بۇنى بىر توپلام قىلىپ نەشر قىلدى.
چار رۇسىيە جۇڭگو بىلەن چېگرىداش بولغانلىقى ئۈچۈن، جۇغراپىيە جەھەتتىكى قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ 1909 - يىلى شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىغا بىر چارلاش ئەترىتى ئەۋەتتى. بۇ ئەترەتكە كىسرووف يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ قارا قوجو دېگەن جايدا نۇرغۇنلىغان بۇددا نومى، قولىيازما، پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمى - بىر مەلىكىنىڭ قەبرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان يىپەك رەختتىكى ياكى قەغەزلەرگە چىرايلىق سىزىلغان بۇددا

دىنىغا ئائىت 25 پارچە رەسىمنى تاپتى. ئۇ قايتقاندىن كېيىن، ئورېنبۇرگ باشچىلىقىدىكى يەنە بىر ئارخېئولوگىيە ئەترىتى شىنجاڭغا كەلدى. ئۇلار قاراشەھەر، كۇچا، بېزەكلىك ۋە يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىگە جايلاشقان باشقا خارابىلىقلارنى ئايلىنىپ، نۇرغۇن تام رەسىمى ۋە ھەيكەللەرنى ئېلىپ كەتتى.

ئامېرىكىلىقلار بۇ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە كېچىكىپرەك قاتناشتى. 1923 - يىلى كوزدە ۋارنېر بىلەن جانىس ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، تارىخىي خارابە ئىزى - قارا قوجوغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايدىن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنى تاپالماي دۇنخۇاڭغا كەتكەن.

شىنجاڭدىكى مىڭئۆي، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى - نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە كۆلىمى زور، مەزمۇنى مول، داۋاملىشىشچانلىقى ئەڭ ئۇزاق بولغان، سەنئەت جەھەتتە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغان مەدەنىي يادىكارلىق خەزىنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# ماننېرھېيمنىڭ ئېلىمىزدىكى ئېكسپېدىتسىيىسى

فىنلاندىيە يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاتاقلىق ھەربىي ئالىم ۋە سىياسىئون كارل ماننېرھېيىم 1906 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ، گەنسۇ قاتارلىق رايونلىرىغا كېلىپ، ئۇ جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇ جايلارنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى قاتارلىقلارغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ بۇ ھەقتە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان، نۇرغۇن سۈرەت تارتقان.

ماننېرھېيمنىڭ ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ تاجىك ئېغىزى ئارقىلىق قەدىمكى «يىپەك يولى» لىنىيىسىنى بويلاپ قەشقەر بوستانلىقىغا كەلگەن، بۇ يەردە خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئات ياكى ئېشەك مىنىدىغانلىقىنى، بايۋەچچىلەرنىڭ ياۋروپاچە كۆڭلۈكى بارلىقىنى، باي خېنىملارنىڭ رۇس ئاياللىرىدىنمۇ چىرايلىق، رەڭدار ياسىنىپ يۈرۈيدىغانلىقىنى، قەشقەر شەھىرىدىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھويلا تېمى بىلەن قورشالغان پاكار كېسەك ئۆي ۋە ئېتىزلارنىڭ بارلىقىنى، بۇ يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىپايان قۇملۇق قەشقەر بوستانلىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ماننېرھېيىم قەشقەردە بىر ئاي تۇرۇپ، قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئاندىن قىزىلسۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ياپچان كەنتىدە تۇرغان. ئۇ بۇ كەنتتە 60 ئېغىز ئۆي، تەخمىنەن 90 ئائىلە، 20 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بارلىقىنى، بۇ ئېتىزلارغا ئاساسلىقى قوناق ۋە بۇغداي، يەنە كېۋەز، ئارپا، شال تېرىلىدىغانلىقى ۋە ئۇ يەردە مېۋىلىك دەرەخلەر بارلىقىنى خاتىرىلىگەن.

ئۇ يەنە يېڭىسار، يەكەن قاتارلىق جايلارغا بارغان. يەكەندە مەسـ-
چىت - مەدرىسلەرگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىگەن، ئۇ يەرگە ماكانـ-
لاشقان ئافغانلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان. ماننېرھېيىم يەـ-
كەندە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرۇپ ئاندىن خوتەنگە بارغان،
ئۇ خوتەن شەھىرىنىڭ 24 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتىكى شەھەر-
سېپىلى بىلەن قورشالغانلىقى، شەھەرنىڭ غەربى ئاھالىلەر ئولـ-
تۇرۇشلۇق رايون ئىكەنلىكى، شەھەرنىڭ شىمالىدىمۇ بەزى پاكار
ئۆيلەر بارلىقى، تېرىلغۇ يەرلەر كىچىك ئېتىزلارغا بۆلۈنگەنلىـ-
كى، دېھقانچىلىق قوراللىرى ئىپتىدائىي ھالەتتە ئىكەنلىكى،
بوغداي، قوناق ۋە شال تېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇر-
غان. ئۇ كېيىن ئاقسۇغا بېرىپ ئىككى ھەپتە تۇرغان، ئۇ يەردە
تۇرغۇن يەر شەكلى خەرىتىسىنى سىزغان ھەمدە مۇزارت داۋىنىـ-
دىن ئۆتۈپ ئىلى رايونى ۋە غۇلجا شەھىرىگە كەلگەن، ئۇ غۇلجىـ-
دىن جەنۇبقا مېڭىپ، تېكەس دەرياسى ۋادىسى بىلەن ئۇرۇمچىگە،
ئاندىن گۇچۇڭ ۋە تۇرپانغا بارغان.

ماننېرھېيىم شىنجاڭنىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ ئېكسپېدىتـ-
سىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، سۇجۇنىڭ شەر-
قىي شىمالىدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان جىنتا (ئالـ-
تۇن مۇنار) دېگەن جايدىن شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ مېـ-
ڭىپ، ماجۇاڭزى كەنتىگە يېتىپ بارغان، ئۇ بۇ يەردە 40 ئائىلىـ-
لىك يۇيگۇ (سېرىق ئۇيغۇر) نى تەكشۈرگەن. ئاندىن شەرققە
قاراپ سەپەر قىلغان ۋە يول بويىدىكى جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىپ، 1908 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جاڭجياكوغا،
ئاندىن بېيجىڭغا كەلگەن. ئۇ بېيجىڭدا ئاساسلىقى بۇ قېتىمقى
سەپىرىنىڭ خاتىرىلىرىنى رەتلىگەن.

ئۇ بۇ قېتىمكى سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
«فىن - ئۇگور جەمئىيىتى ژۇرنىلى» نىڭ 28 - سانىدا «يۇيگۇلار
(سېرىق ئۇيغۇرلار) نى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى» ناملىق چوڭ

ھەجمىلىك ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ 1940 - يىلى «فىن - ئۇگۇر جەمئىيىتى» نىڭ ياردىمىدە «1906 ـ 1908 - يىللىرى ئاسىيانى غەربتىن شەرققە كېسىپ ئۆتۈش» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدۇر- غان، بۇ كىتاب 1969 - يىلى قايتا نەشر قىلىنغان.

مانىرھېيمىنىڭ ئېلىمىزدە ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە- سى داۋامىدا خاتىرىلىگەن مەلۇماتلىرى ئۇ بارغان جايلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى، ئېلىمىز بىلەن فىنلاندىيە- نىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا خېلى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقى- قاتى» قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا مانىرھېيمىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيىسىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

# چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ مەخپىيىتى

چىڭگىزخان (1162 ـ 1227) جۇڭگو تارىخى ۋە دۇنيا تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي شەخس. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى تېمۇچىن بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ بوردىچىن ئۇرۇقىدىن. ئۇ 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەبىلە سەردارى بولغان، 1206 ـ يىلى ئونان دەرياسى بويىدا قەبىلە باشلىقلىرى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ ئۆزىنى موڭغۇللارنىڭ چىڭگىزخانى (كۆچمە مەنىسى بۈيۈك خانى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان. چىڭگىزخان موڭغۇللارنى جۇرجىت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغان ھەمدە زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە كىرىشىپ 1211 ـ ۋە 1215 ـ يىلى ئىككى قېتىم جىن سۇلالىسى زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى، جۇملىدىن ئوتتۇرا پايتەخت (بۈگۈنكى بېيجىڭ) نى ئىشغال قىلغان، 1219 ـ يىلى خارەزىم خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان. كابۇل دەرياسى بويىدا ئۇرۇس ـ قىپچاق بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە رۇسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە قوشۇۋالغان. 1226 ـ يىلى چىڭگىزخان شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ تاڭغۇتقا ھەربىي يۈرۈش قىلغان، ئىككىنچى يىلى شۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن.

بىر مەھەل «تەڭرىنىڭ ئەركىسى» دەپ ئاتالغان چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئىجىنخورو خوشۇنلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان ئورۇن ـ ئاتىڭشىلەن بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى گاندىرئاباۋ دېگەن يەردە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرغان. قىزىقارلىقى شۇكى، قەبرە چىڭگىزخاننىڭ

بولسمۇ، ئۇنىڭغا چىڭگىزخاننىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنمىغان. چىڭگىزخاننىڭ جەسىتى قەيەرگە دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدە تارىخىي كىتابلاردا ھەر خىل مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان، «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى» دا: چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن «ئونان، جۇيۇلەن، خۇلائۇچ دەريالىرىنىڭ مەنبەسى بۇرخان، خالدۇن تاغلىرىنىڭ بىرىگە دەپنە قىلىنغان» دەپ خاتىرىلەنگەن، «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» دە: «چىڭگىزخان ئالىش دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغقا دەپنە قىلىنغان» دېگەن مەلۇماتمۇ بار. يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەر ناملىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلانباتۇر ئەتراپىغا جايلاشقان يەرلەرنىڭ ناملىرىدۇر. ئەمما جەسەت قويۇلغان جاينىڭ ئورنى ئېنىق بولماسلىقىدا مۇنداق سەۋەبلەر بار:

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، 1227 - يىلى چىڭگىزخان ئۆلۈش ئالدىدا «مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمنى مەخپىي تۇتۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، چىڭگىزخان تاڭغۇتلارنىڭ لىڭجۇ ئوبلاستى (ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى لىڭۋۇ ناھىيىسى) غا قىلىنغان ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەن، ۋەسىيەتكە بىنائەن ئۇنىڭ جەسىتىنى لىڭجۇدىن چۇيۇلەن دەرياسىنىڭ مەنبەسى ئەتراپىغا جايلاشقان چوڭ ئوردىغا مەخپىي تۇردە يۆتكەپ كەلگەن ھەمدە خەۋەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغانلار پەقەت يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن، دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن «ئازلا ئادەم جەسەتنى دەپنە قىلىدىغان جايغا ئاپىرىپ بىر دەرەخ تۈۋىگە كۆمگەن» («ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى» گە قاراڭ). شۇڭلاشقا يۇقىرىدا ئېيتىلغان «ئازلا ئادەم» ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ چىڭگىزخاننىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن جاينى بىلمەي قالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئاخىرىدا چىڭگىزخاننىڭ جەسىتى جىددىي ئۇرۇش يىللىرىدا نىمە ئۈچۈن شۇنچە يىراق جايغا، يەنى نىڭشيادىن ئۇلانباتۇر ئەتراپىغا يۆتكەپ كېلىنگەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ،ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن 700 يىل ئىلگىرى چىڭگىزخان ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا چۈيۈ-لەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى ئەتراپىغا كەلگەن، ئۇ بىر يېگانە دەرەخ ئاستىدا دەم ئېلىۋېتىپ، بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن ئور-نىدىن دەس تۇرۇپ: «مەن ئۆلسەم مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىڭلار» دېگەن. چىڭگىزخان تاڭغۇت ئېلىدە ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئوغۇل-لىرى ۋە نەۋكەرلىرى ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىپ، ئۇزۇن يىللارنى بېسىپ جەسەتنى يۆتكەپ كەتكەن.

# جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭدا ئەپيۇننى مەنئىي قىلىشى

شىنجاڭ - يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ غەربتىن، ئاساسلىقى ھىندىستان، پاكىستاندىن ئەپيۇن كىرگۈزىدىغان، ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

1945 - يىلى 10 - ئايدا گېنېرال جاڭ جىجوڭ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋەكىل بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت ئارقىلىق يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەندى. گېنېرال جاڭ جىجوڭ ئۆلكە رەئىسلىكىنى، ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى.

جاڭ جىجوڭ رەئىس بولغاندىن كېيىن دەرھال «سىياسىي ھاۋانى ياخشىلاش، ئۈچ زىيانداش (ئەپيۇن، قىمار، خىيانەتچىلىك) نى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئەپيۇننى چەكلەش كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئىدارە - ئورگان ۋە مەكتەپلەردىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئەپيۇننى چەكلەش توغرىلىق قەسەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى، جاڭ جىجوڭ ئەپيۇننى قەتئىي چەكلەش ئىرادىسىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن قەسەمياد يىغىنىغا شەخسەن ئۆزى نازارەتچىلىك قىلدى ھەمدە ئەپيۇن چەككۈچىلەرنىڭ بىر ئاي ئىچىدە ئەپيۇن چېكىشنى تاشلىشىنى، 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئومۇمىي تەكشۈرۈشتە ئەپيۇن چېكىشنى تاشلىمىغانلار سېزىلسە ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشىغا

تاپشۇرۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى. ئۇ يەنە 1946 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا ئەپيۇن ۋە ئەپيۇن غاڭزىسىنى كۆيدۈرۈشنى، ئەمەلدارلار ۋە خەلقنى بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىشقا ئۇيۇشتۇرۇشنى قارار قىلدى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جاڭ جىجۇڭ ئۇرۇمچى مەيدانىغا چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتر، كەڭلىكى ئالتە مېتر كېلىدىغان ئىككى ئورەك كولىتىپ، يىغىۋېلىنغان ئەپيۇن، نەشە ۋە غاڭزىلارغا ھاك، كىرسىن، تۇز ئارىلاشتۇرۇپ كۆيدۈرگۈزدى. ئەپيۇن ۋە نەشىلەر چۈشتىن كېيىن سائەت بىردىن سائەت يەتتىگىچە كۆيۈپ كۈل بولدى. بۇ قېتىمقى ئەپيۇن، نەشە كۆيدۈرۈشنى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن ئون نەچچە مىڭ كىشى كۆردى.

جاڭ جىجۇڭ قوللانغان بۇ كەسكىن تەدبىرلەر جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئەپيۇن ئەتكەسچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زەھەرلەش ۋە چىرىتىشتىن ئىبارەت يامان غەرىزىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

# شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

شىنجاڭ ئىلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي كىتابلىرىدا «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان، تارىخشۇناسلار غەربىي يۇرتنى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، شەرقتە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۈيمېنگۈەن (قاشقوۋۇق) تىن غەربتە قارا دېڭىزغىچە، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، يۈيمېنگۈەندىن كۆكئارت (پامىر) نىڭ شەرقىغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى باش ئەمەلدارى زو زوڭتاڭ غەربىي شىمال چېگرىسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەكلىپىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ تەكلىپ چىڭ ئوردىسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي چارە - تەدبىر ئارقىلىق يولغا قويۇلمىغان.

1880 - يىلى زو زوڭتاڭ ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىپ، ليۇ جىنتاڭ شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي مۇۋەققەت باش ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1882 - يىلى ليۇ جىنتاڭ زو زوڭتاڭنىڭ تەكلىپىنى تولۇقلاپ ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە يەنە بىر قېتىم يوللىغان. چىڭ ھۆكۈمىتى شۇ قېتىم ليۇ جىنتاڭنىڭ تەكلىپىنى تەستىقلىغان ۋە 1884 - يىلى 11 - ئايدا، شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىش، دىخۇا (ئۈرۈمچى) نى ئۆلكە مەركىزى قىلىش، ليۇ جىنتاڭنى شىنجاڭنىڭ شۇنفۇ (ھەربىي - مەمۇرىي باش ۋالىيسى) لىققا تەيىنلەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن.

شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بەگلىك

تۇزۇمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېڭىدىن بىر قىسىم مەمۇرىي ئەمەلدارلار سايلانغان ھەمدە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش جەھەتلەردە بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرى يولغا قويۇلغان. بۇلار گەرچە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، بەگلىك تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى نەتىجىسىدە يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېخىمۇ تېزلىتىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. لېكىن خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئانچە ياخشىلانمىغان، «ئىسلاھات» نىقابى ئاستىدا خەلق ئۈستىدىكى ھەر خىل باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساقلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۆلكە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، خەلق ئاممىسىنى باستۇرۇش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلدى. چىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەرلىك فېئوداللار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەمگەكچى خەلقنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى.

# ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرىغا دائىر ئەھۋاللار

ياڭ زېڭشىن گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، 1928 - يىلى يۈز بەرگەن «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. شۈيتسىيىلىك سۋېن ھېدىن ياڭ زېڭشىن ھەققىدە: «ھازىرقى يەر شارىدا بار ھۆكۈمرانلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ھوقۇقى ئۇنىڭكىدەك چوڭ ئەمەس، ئۇ شىنجاڭدا گويا ‹ھوقۇقى چەكسىز پادىشاھ›، قا ئوخشاش ھۆكۈمرانلىق قىلدى» دېگەنىدى. ئۇ، شىنجاڭدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنىڭ باش مۇدىرى، ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى، دىخۇا (ئۈرۈمچى) نىڭ ۋالىيسى قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مالىيە - باج ۋە مەنسەپكە تەيىنلەش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 1912 - يىلى يۈەن داخۇا خىزمىتىدىن ئىستېپا سوراپ ئىچكىرىگە قايتقاندا، ياڭ زېڭشىننى دۇدۇ (ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارى) لىققا كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ شىنجاڭدا 17 يىل ھۆكۈم سۈردى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ سانائەت ئاساسى ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، سانائەت ماللىرى ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن، ئۇنىڭدىن قالسا ئەنگلىيە، روسىيىدىن كىرگۈزۈلەتتى، 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ سانائىتى ئۇرۇش تەسىرىدە تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغاچقا، شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرى بىر مەھەل روناق تاپقانىدى، ئەمما بۇ ھالەت ئۇزاق داۋاملاشمايلا، سودىدا يەنە كاساتچىلىق كېلىپ

چىقتى. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار» دا، «شىنجاڭنىڭ سودا ئىشلىرى ئانچە روناق تاپمىدى» دەپ ۋايسىغا-
نىدى.

شىنجاڭدا سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاسا-
سەن، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان.
ئەڭ دەسلەپتە ئىلى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى 1893 - يىلى قۇرۇل-
غان. شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن
كېيىن دىخۇا، گۇچۇڭ، سۈيدۈڭ، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا سو-
دىگەرلەر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. شىنجاڭ سودىگەرلەر باش ئۇ-
يۇشمىسى 1915 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇيۇشمىدا
56 نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى، 2331 ئۇيۇشما ئەزاسى بار ئىدى،
1916 - يىلى ئۇيۇشما ئەزاسى 2461 كىشىگە يەتكەن.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە دىخۇا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سودا مەركى-
زى ئىدى. 1919 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۈرۈمچىنىڭ
نوپۇسى 50 مىڭ بولۇپ، 1926 - يىلغا كەلگەندە 71 مىڭ 800
كىشىگە يەتكەن. ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدە 764 چوڭ - كىچىك
سودا دۇكىنى، 370 ئۇستىخانا (قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانى-
سى) بار ئىدى. سودىگەرلەر ئىچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، رۇسلار
كۆپ ئىدى. ئۇلاردىن «تيەنجىنلىك سەككىز چوڭ ئائىلە» نىڭ
سەرمايىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ۋۇشاۋلىن «شىنجاڭغا نەزەر»
دېگەن كىتابىدا: «تيەنجىنلىك سەككىز چوڭ ئائىلىنىڭ ھەرقاي-
سىسىنىڭ نەچچە يۈز مىڭ سەردىن دەسمايىسى بار» دەپ يازغان.
ئۇلار، بېيجىڭ، تيەنجىنلەرنىڭ تۈرلۈك ماللىرىنى شىنجاڭغا
ئەكىلىپ ساتقان، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى بېيجىڭ،
تيەنجىنگە ئاپىرىپ پىششقلاپ ئىشلەپ، ئۇلاردىن كۆپ پايدا ئال-
غان. دىخۇانى مەركەز، تيەنجىننى باش تۈگۈن قىلىپ، تيانشان-
نىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا شۆبە دۇكانلارنى ئاچقان؛ ئۇلارنىڭ
گۇچۇڭ، قۇمۇل، ئىلى، چۆچەك، قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچا،

يەكەن، خوتەن، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا سودا دۇكانلىرى بول-
غان.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە دىخۇادا چاي تىجارىتى خېلى راۋاجلان-
دى. 1920 - يىلى سۈيىۋەن - شىنجاڭ يولى ئارقىلىق دىخۇاغا
تۆگە بىلەن توشۇلغان چاي 2 مىليون 217 مىڭ 700 جىڭ
بولۇپ، بۇنىڭدىن 1 مىليون 324 مىڭ جىڭى تاش چاي ئىدى.
1921 - يىلى ئۈرۈمچىدە شېڭخېڭماۋ چاي دۇكىنى 200 دەن
(تەخمىنەن 20 مىڭ جىڭ) چاي ساتقان.

ئەينى چاغدا دىخۇادا يىڭدېتاڭ قاتارلىق جۇڭيى دورىلىرىنى
ساتىدىغان دورا دۇكانلىرى بار ئىدى. 1927 - يىلى لىيۇ گۇيىلىڭ
ئىسىملىك بىر سودىگەر ئۈرۈمچىدە مىنشىڭ (خەلق تۇرمۇشى)
ناملىق دورا دۇكىنى ئېچىپ، جۇڭيى دورىلىرى ۋە غەرب دورىلى-
رىنى ساتتى. شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى دورا دۇكانلىرىنىڭ بەزى-
لىرىدە دۇكاندا ئولتۇرۇپ كېسەل كۆرىدىغان تېۋىپلار بولۇپ،
بىمارلار قاچان كەلسە شۇ چاغدا كېسەلنى كۆرۈپ دورا بېرەتتى.
شۇ چاغدا يەنە يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرى، چوڭ ئاشخانىلار
بار ئىدى.

1926 - يىلى جۇ بېڭ دېگەن كىشى دىخۇادا بوغدا كىتابخانى-
سى ئېچىپ، گېزىت - ژۇرنال ساتقان ھەمدە شاڭخەيدىكى شاڭۋۇ
كىتابخانىسى، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى بىلەن كىتاب ئېلىش
توختىمى تۈزگەن ھەمدە مۇشتىرىلارنىڭ گېزىت - ژۇرناللارغا
مۇشتىرى بولۇش شارائىتى يارىتىپ بەرگەن، مەكتەپلەرنىڭ
دەرسلىك سېتىۋېلىشىغا ياردەملەشكەن. 1928 - يىلى بۇ كىتاب
دۇكىنىنىڭ ساتىدىغان كىتاب ژۇرنىلى 2000 خىلدىن ئاشقان.

1918 - يىلى ئەنگلىيىلىك بىر روھانىي دىخۇادا رەسىمخانا
ئاچقان. لېكىن رەسىم تارتىش باھاسى بەك قىممەت بولۇپ،
9 × 21cm چوڭلۇقتا بىر پارچە رەسىم تارتسا بەش يۈەن كۈمۈش
تەڭگە، بىر پارچە رەسىم يۇيدۇرسا بىر يۈەن كۈمۈش تەڭگە

ئالغان. 1920 - يىلى سوۋېتتىن كەلگەن بىر تاتار «مىزگىن» ناملىق بىر رەسىمخانا ئاچقان ۋە فوتوسۈرەت رەسىمخانا ... قىلغان. ئۇيغۇر سودىگەر يۈسۈپمۇ نەنىبىندا بىر رەسىمخانا ئاچقان ۋە قوشۇمچە سائەت رېمونت قىلىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

لىن جىڭ «غەربىي شىمال مەجمۇئەسى» نىڭ I بۆلۈم، 3 - توم، 267 - بېتىدە: «1919 - يىلى دىخۇانىڭ ئومۇمىي سودا سوممىسى 5 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئىدى» دەپ يازغان.

دىخۇا ئەينى چاغدا گۆچۈڭ ئارقىلىق خېبېي، سەنشى بىلەن؛ قۇمۇل ئارقىلىق سەنشى، گەنسۇ، خېنەن، سىچۇەن، خۇنەن، خۇبېي بىلەن قويۇق سودا ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ئىلى، چۆچەك، قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئالتاي قاتارلىق جايلار ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا ئالاقىسىنى، ئىقتىسادىي ئالاقىنى كۈچەيتكەن.

شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنىڭ سودا ئىشلىرىدا مۇنداق تۆت ئالاھىدىلىك بار ئىدى: بىرىنچى، تىجارەت دائىرىسى كەڭ ئىدى، يەنى سودا دۇكانلىرى بىر خىللا تاۋار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانماي، كۆپ خىل تاۋار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىككىنچى، ئۈرۈمچىدىكى دۇكانلار توپ - پارچە سېتىشنى تەڭ ئېلىپ باراتتى. ئۈچىنچى، بىرلىككە كەلگەن باھا يوق ئىدى، مال باھاسى مالنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە، تاۋار زاپىسىغا، مالنىڭ بازىرى ئىتتىك ياكى كاساتلىقىغا، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. تۆتىنچى، پۇل بىرلىككە كەلمىگەنىدى.

دىخۇادىن باشقا، قەشقەر، قۇمۇل، ئىلى، چۆچەك، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ خېلى چوڭ سودا بازارلىرى بار ئىدى.

قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم سودا مەركىزى ھېسابلىناتتى. قەشقەر رۇسىيە، ئافغانىستان، ھىندىستان بىلەن چېگرىداش بولغاچقا، بۇ ئەللەر بىلەنمۇ قويۇق سودا ئالاقىسى قىلاتتى. لىن جىڭنىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە قىسقىچە خاتىرە» دە

يېزىشىچە، ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ «قاتناش يوللىرى ئاۋات، بازارلىرىدا ئادەم كۆپ» بولۇپ، سودىگەرلەر توپلىنىدىغان جاي ئىدى. ئەينى چاغدا قەشقەرنىڭ ئەڭ ئاۋات سودا بازارلىرى شىمالىي چوڭ كوچا، غەربىي چوڭ كوچا، ھېيتكاھنىڭ ئالدى، گەزمال بازىرى بولۇپ، ئەنگلىيە، رۇسىيە سودىگەرلىرى شىمالىي دەرۋازا ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقانىدى. ۋۇ شاۋلىن «شىنجاڭغا نەزەر» دە يېزىشىچە، ئەينى چاغدا ھۆسەيىنباي بىلەن ئۆمەربايلار قەشقەر بويىچە ئەڭ باي سودىگەر ھېسابلانغان بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ سەرمايىسى 4 ـ 5 مىليون يۈەنگە يەتكەن، ئۇلارنىڭ تيەنجىن ۋە شاڭخەيدىكى بانكىلار بىلەنمۇ ئالاقىسى بار ئىدى. ئۆمەرباي رۇسىيە ماللىرىنى ۋە سىچۈەننىڭ تاۋار ـ دۇردۇنلىرىنى ئەكېلىپ سېتىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى جۇملىدىن يۇڭ ـ تېرە، پاختىلىرىنى چەتكە چىقىرىپ، نۇرغۇن پايدا ئالغان. ئۇ، قەشقەر كونا شەھەردە پاختا زاۋۇتى قۇرۇپ، رۇسىيىلىك بىر تېخنىكنى ياللاپ ئىشلەتكەن. تۆت دانە چىگىت ئايرىش ماشىنىسىنى سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرگەن، ھەربىر ماشىنا كۈنىگە 12 مىڭ جىڭ چىگىت ئايرىغان.

قۇمۇل شەرقىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم سودا شەھىرى ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىققان سودىگەرلەر ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى چاي، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق ماللارنى قۇمۇلغا ئەكېلىپ، قۇمۇلنىڭ يۇڭ ـ تېرە، قوغۇن قېقى، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرغان. 1916 ـ يىلى قۇمۇلدىن سىرتقا چىقىرىلغان قوي يۇڭى 200 مىڭ جىڭغا يەتكەن. قۇمۇلنىڭ قوغۇن قېقى، دورا ماتېرىياللىرى، قىزىل قارىغاي ۋە ئالما، نەشپۈت، ياڭاق قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىلىپ، ئۇ جايلاردىن گۈرۈچ ۋە باشقا تاۋارلار ئېلىپ كېلىنگەن.

قۇمۇلغا قوشنا بولغان پىچان، تۇرپانلاردىن پاختا، ئۈزۈم

كۆپ چىقىدۇ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تاۋار سوۋېتتىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەللەرگە چىقىرىلغان. 1917 ـ يىلى پىچاندىن 1 مىليون 600 مىڭ جىڭ پاختا، 1 مىليون جىڭ ئۈزۈم چىققان. شۇ چاغدا بىر خالتا (100 جىڭ) پاختىنىڭ باھاسى 20 نەچچە سەر كۈمۈش تەڭگە، 100 جىڭ ئۈزۈمنىڭ باھاسى 6 ـ 7 سەر كۈمۈش تەڭگە ئىدى. شۇ چاغدا پىچاننىڭ لەمجىن يېزىسىدا يۈز نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بولۇپ، نەچچە ئون سودا دۇكىنى، تۆت دەن بار ئىدى. تۇرپان پىچاندىن چوڭراق بولۇپ، كونشەھەر ۋە يېڭىشەھەرگە بۆلۈنگەنىدى. شىې بىن «شىنجاڭدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دە، ئەينى چاغدا تۇرپاننىڭ «يىللىق سودا سوممىسى 2 مىليون يۈەندىن ئاشاتتى، ئېكسپورت سوممىسى ئىمپورت سوممىسىدىن 1 مىليون يۈەن ئارتۇق» دەپ يازغان.

ئىلى شىنجاڭنىڭ غەربىي چېگرىسىدىكى مۇھىم سودا مەركىزى بولۇپ، شۇ چاغدا كۈرە (惠远城)، سۈيدۈڭ (绥城定)، غۇلجا، قورغاس، ئۆكۈز بارسۇق (广仁城)، چاغانئۇسۇ (瞻德城)، تارچى (塔勒奇)[1]، بايانداي (惠宁城)، قارا بۇلاق (熙春城) تىن ئىبارەت توققۇز شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىلىدا خەنزۇ، رۇس سودىگەرلەردىن باشقا، خېلى باي ئۇيغۇر سودىگەرلەرمۇ بار ئىدى. ئالايلۇق ھۈسەنبايىنىڭ سەرمايىسى ئىككى مىليون يۈەندىن ئاشاتتى. ياقۇپنىڭمۇ سەرمايىسى 7 ـ 8 يۈز مىڭ يۈەنگە يېتەتتى. ھۈسەنبايىنىڭ سودا دۇكىنى ھەتتا گېرمانىيىنىڭ لېيفسىگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن يەرمەنكىگىمۇ قاتناشقان. مۇفتى ئاخۇن (شايىدى، خۇيزۇ) ئىلىدا قوي يۇڭ شىركىتى ئاچقان، يەنە خەسەن شەمىيېف كۈرەدىن غۇلجىغا يولۇچىلارنى توشۇش كەسپىنى يولغا قويغان. ئاپتوبۇسلار كۈنىگە 10 قېتىم قاتنىغان.

---

[1] بەزى ماتېرىياللاردا ئۆكۈز بارسۇق «ئوقۇربورسۇق» دەپ: تارچى «تالچى» دەپ: چاغانئۇسى «چىلخانئۇسۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇ چاغدا ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان تۆت سودا يولى بار ئىدى.

چۆچەك شىنجاڭنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى مۇھىم سودا مەركىزى بولۇپ، سودىدا چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئاساسىي تاۋار ئىدى. چۆچەكتە روسىيە سودىگەرلىرى كۆپ بولۇپ، شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا سودا چەمبىرىكى قۇرغان، سودا ئىشلىرىدا رۇبلىنى ئاساس قىلغانىدى. روسىيە سودىگەرلىرى چۆچەككە گەزمال، تۆمۈر بۇيۇملار، چىنە ـ قاچا، قەنت، قەغەز قاتارلىقلارنى ئەكېلىپ، تېرە ـ يۇڭ، پاختا، قۇرۇق يەل ـ يېمىش قاتارلىقلارغا ئالماشتۇراتتى.

چۆچەككە 1190 چاقىرىم كېلىدىغان ئالتاي شەھىرىدە 120 سودا دۇكىنى بار ئىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئىچىدە سادىرئاخۇن[1] ئەڭ باي بولۇپ، ئەجنەبىيچە سېلىنغان ئىگىز، ھەشەمەتلىك دۇكىنى بار ئىدى. شيې بىن «دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە خارجى ئىشلار» دېگەن كىتابىدا، شۇ چاغلاردا ئالتايغا بىر يىلدا كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتكەنلىكىنى، باجنى 2 پىرسەنت دەپ ھېسابلىغاندا، تاۋاردىن قىلىنغان باج كىرىمى 6 ـ 7 مىڭ يۈەنگە يېتىدىغانلىقىنى يازغان.

ئاقسۇ ـ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم جاي بولۇپ، ئاقسۇدا ئەنگلىيە، روسىيە سودىگەرلىرىدىن 40 نەچچىسى بار ئىدى. ئاقسۇغا تەۋە ئۇچتۇرپاندا سودا بازارلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى شەرقتە ئاقسۇغا، غەربىي جەنۇبتا قەشقەرگە ئاپىرىلىپ سېتىلاتتى. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ سودىگەرلىرىمۇ كېلىپ تۇراتتى، باينىڭ بازىرى يامۇل ئالدىدىكى كونا بازاردا ئىدى، كۇچادا سودا ئىشلىرى خېلى روناق تاپقان بولۇپ، كۇچانىڭ كۆپىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە،

[1] تارىخ تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق باشلىقى چېن خۇيشېڭنىڭ ماقالىسىدىن ئېلىنغان، ماتېرىيال ئاساسى ئىشەنچلىك.

ئەنگلىيە ۋە روسسىيىگە چىقىرىلاتتى، كۆچانىڭ قەلەمتۆرىچىمۇ ناھايىتى نەپىس ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن داڭلىق چىقارغانىدى.

خوتەن پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان مۇھىم سودا مەركىزى. ئەينى چاغدا خوتەن شەھىرىنىڭ ئالدى كوچا، ئۇيغۇر شەھىرى ۋە غەربىي قوۋۇق قاتارلىق جايلىرىدا سودا ـ سېتىق روناق تاپقانىدى. خوتەننىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ھەر يىلى ئىچ-كى ئۆلكىلەرگە بېرىپ نۇرغۇن مال ئېلىپ كېلەتتى. شۇ چاغلار-دا يىللىق سودا سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى. خوتەن گىلىمى ۋە شايى ـ ئەتلىسى داڭلىق بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا چىقىرىلاتتى. خوتەن، كېرىيىلەردىن سىرتقا چىقىرىل-غان يۇڭ ـ تېرە، پاختا، شايى ـ ئەتلەس، كىگىز، گېلەم قاتارلىقلارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. خوتەن كىگىزى ئاق ھەم چىڭ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئاسان يىرتىلمايتتى. خوتەندىن چىقىدىغان قاشتېشىمۇ باشقا جايلاردا ناھايىتى ئەتىۋارلىق بۇيۇم ھېسابلىناتتى.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چەت ئەل سودىگەرلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە روسىيىلىك سو-دىگەرلەر ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئەنگلىيە سودىگەرلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلاردىن باشقا گېرمانىيە، ئامېرىكا، ھىندىستان، ئافغا-نىستان ۋە تۈركىيە سودىگەرلىرىمۇ بار ئىدى.

1914 ـ يىلى روسسىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن تاۋارلى-رىنىڭ قىممىتى 11 مىليون 56 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن، شىنجاڭ-دىن روسسىيىگە چىقىرىلغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى: چارۋىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 697 مىڭ رۇبلىغا يەتكەن، قوي يۇڭى 6087 توننا، تېرە ـ يۇڭ 2475 توننا بولغان. 1915 ـ يىلى روسسىيىنىڭ ئىقتىسادى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى-نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ قىممىتى 5 مىليون رۇبلىغا ئازىيىپ كەتكەن. 1927 ـ يىلى

ئەنگلىيە - ھىندىستان (ئەينى چاغدا ھىندىستان ئەنگلىيىنىڭ ھامىيلىقىدا ئىدى) نىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 186 مىڭ 848 رۇبلى، شىنجاڭدىن ئەنگلىيە - ھىندىستانغا چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 814 مىڭ 565 رۇبلى بولغان. ئافغانىستاننىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 530 مىڭ 500 رۇبلىغا، شىنجاڭدىن ئافغانىستانغا چىقىرىلغان تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 547 مىڭ 540 رۇبلىغا يەتكەن.

ئەينى چاغدا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا ئاساسەن ئۈچ سودا يولى بولغاندىن باشقا، يەنە سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىقمۇ شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتنىغىلى بولاتتى. پەن زۇخۇەن «شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سودا ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىدە، 1924 - يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 4 مىليون 300 مىڭ سەردىن كۆپرەككە، شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەن ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 400 مىڭ سەردىن كۆپرەككە يەتكەنلىكىنى يازغان («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - سان، خەنزۇچە، 159 - بەتكە قاراڭ). زېڭ ۋېنۋۇ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دا ئېيتىلىشىچە، ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن تاۋارلار ئىچىدە تاۋار - دۇردۇن، يۇڭ توقۇلما، رەخت، چاي، تاماكا، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، چىنە - قاچا، قەلەم - سىياھ، مېتال ئەسۋاب، شېكەر، زىننەت - گىرىم بۇيۇملىرى؛ شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلغان ماللار ئىچىدە ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئات قۇيرۇقى، ئالىقات، سوغىگۈل، توشقان زەدىكى، كېپەك ئالتۇن، تۆگە تىۋىتى، تۆگە يۇڭى، ھەر خىل قۇرۇق يەل - يېمىش بار ئىكەن. ئەينى چاغلاردا شىنجاڭ بىلەن ئىچكى

ئۆلكىلەرنىڭ سودا ئىشلىرىدا تۈگە كارۋىنى بىلەن ئات هارۋىسى ئاساسىي توشۇش قورالى بولغان.

ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجى هەرقايسى جايلاردا تولىمۇ تەكشىسىز، تاۋارلارنىڭ تۈرىمۇ كەمچىل ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى ناهىيىلەرنىڭ هاكىملىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن جاڭيۇ ئەكەلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇرهان ئەپەندى «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» دېگەن كىتابىنىڭ 207 - بېتىدە، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە تۈرلۈك ناملار بىلەن ئېلىنىدىغان باجلار ناهايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئاساسىي باجلاردىن باشقا، يەنە قەغەز بېجى، پەيجو بېجى، ئىسپات بېجى، ماركا بېجى قاتارلىق باجلار بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

قىسقىسى، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىر ئىزىدا توختاپ قېلىپ روناق تاپالمىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن ياڭ زېڭشىن هاكىمىيىتىنىڭ چىرىك، ئىقتىدارسىزلىقى، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئاساسىنىڭ ئاجىز، مال مەنبەسىنىڭ كەملىكى، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ قالاق، قولايسىزلىقى، ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەشنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئاجىز بولغانلىقى قاتارلىقلار سەۋەب بولغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە، 3 - قىسىم.
② بۇرهان شەهىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم».
③ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1987 - يىللىق 11 - سان.
④ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1 - قىسىم، 294 -، 347 - بەتلەر.
⑤ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، خەنزۇچە 1 - سان.
⑥ زېڭ ۋېنۋۇ: «جوڭگونىڭ غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىش تارىخى».

# دۇنيادىكى يىلنامىلەر

ھازىر دۇنيادا ئاساسلىق تۆت يىلنامە قوللىنىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، مىلادى يىلنامىسى. مىلادىيە يىلنامىسى قىسقارتىلىپ A. D (ئاننو نومىنى) دەپمۇ: مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى يىلنامە قىسقارتىلىپ B. C (Beforc christ) دەپمۇ يېزىلىدۇ. مىلادىيىنىڭ مەنبەسى مۇنداق: خرىستىيان دىنىنىڭ مۇرىتى Hoins مىلادى 532 ـ يىللاردا «ئەيسا (خرىستىيان دىنىنىڭ پەيغەمبىرى) بۇنىڭدىن 532 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان. بۇنىڭدىن كېيىنكى يىل ئەيسا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى 533 ـ يىلى بولۇشى كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان، شۇنىڭدىن كېيىن مىلادىيە يىلى باشلىنىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە قوللىنىلغان. مىلادىيىنىڭ 1 ـ يىلى مەملىكىتىمىزدە قۇرۇلغان غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پىڭدى پادىشاھىنىڭ 1 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە يىلنامىسى دۆلىتىمىزدە 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ رەسمىي قوللىنىلغان.

ئىككىنچىسى، ئىسلام يىلنامىسى: (ھىجرىيە) يەنى قىسقارتىلىپ A. H (After Hejira) دەپمۇ يېزىلىدۇ.

ھىجرىيىنىڭ مەنبەسى: ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەن ۋاقىت مىلادىيە 622 ـ يىلى ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلى قىلىنغان (ھىجرىيە ـ ھىجرەتنىڭ ئەسلى مەنىسى «كۆچۈش»). ھىجرىيىنىڭ 1 ـ يىلىنىڭ تۇنجى كۈنى مىلادى 662 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن باشلانغان.

ئۈچىنچىسى، يەھۇدى يىلنامىسى: يەھۇدى يىلنامىسى قىسقارتىلىپ A. M (Anna Mundi) دەپ يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنبە-

سى: يەھۇدى دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە خۇدانىڭ مۇشۇ يىلنامە باشلانغان ۋاقىتتا دۇنيانى ئاپىرىدە قىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت-كە ئاساسلانغان. يەھۇدى دىنىنىڭ يېڭى يىلى ئادەتتە مىلادىيە يىلىنىڭ 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۈنلەرگە توغرا كېلىدۇ. يەھۇدى يىلنامە-سى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3617 - يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن باشلانغان.

تۆتىنچى، بۇددا يىلنامىسى: قىسقارتىلىپ B. E (Buddnist Era) دەپ يېزىلىدۇ. بۇ يىلنامە بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنى-نىڭ ۋاپات بولغان يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يىلنامە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 543 - يىلىدىن باشلىنىدۇ. بۇ يىلنامە-نى دۇنيادىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەللەر قوللىنىدۇ.

# تارىخقا ئائىت ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇلى توغرىسىدا دەسلەپكى قاراشلىرىم

20 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن، مەن تەتقىقات، تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك ئەمەلىيىتىدە تارىخقا دائىر ماقالىلەرنى يېزىشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۇسۇلى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچە ۋە تەجرىبە- گە ئىگە بولدۇم. مەن بۇنى پېشقەدەملەر ۋە كەسىپداشلارنىڭ تارىخقا دائىر ماقالىلەرنى يېزىش توغرىسىدا ئېيتقانلىرىغا بىر- لەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ باقماقچىمەن. نامۇۋاپىق جايلىرىغا كەسىپداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. تېما تاللاش

ئالدى بىلەن يېڭى، نۇقتىئىنەزەرى توغرا بولۇش شەرتى ئاستىدا بىر قەدەر ئەھمىيەتلىك تېمىنى تاللاش ناھايىتى مۇھىم. ئەھمىيەتلىك تېمىنى تاللاش دېگىنىمىز باشقىلار قىزىقىدىغان، جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان تېمىنى تاللاشنى كۆرسىتىدۇ. تېما تاللاشتا ئۆزىنىڭ شۇ تېمىدا ماقالە يېزىپ چىقىش - چىقال- ماسلىق ئېھتىمالىنى، يەنى ئۆزىنىڭ شۇ ھەقتە توپلىغان ماتېرى- يالى قانچىلىك، تارىخ پېنى جەھەتتىكى ئاساس نەزەرىيىسى سە- ۋىيىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، قانداق يېڭى كۆز قارىشى بارلىقىنىمۇ ھېسابقا ئېلىش لازىم. تارىخقا دائىر ماقالىلەرنى يېزىشتا، تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئاساس قىلىنغان تېمىلارنى تاللاش- قا بولىدۇ:

(1) مەلۇم بىر تارىخىي ۋەقە ياكى تارىخىي شەخسنى تونۇش-

تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىش. بۇنىڭدا، ئەڭ ياخشىسى ئاپتونوم رايونىمىز ياكى ئۆزىمىز تۇرغان ۋىلايەت، ناھىيە، ئورۇن تەۋەسىدىكى تارىخىي ۋەقە ياكى تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا ماقالە يېزىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

(2) ئىلمىي مۇنازىرە خاراكتېرلىق تارىخقا دائىر ماقالىلەر (بۇنىڭ دائىرىسى بەك كەڭ، ئالايلۇق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مىللەت، دىن، تىل - ئەدەبىيات، قانۇن - تۈزۈم تارىخى قاتارلىقلار) نى يېزىش، يەنى كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان تارىخقا دائىر ماقالىلەرنىڭ ئۆز كۆز قارىشىغا ئوخشايدىغان ياكى قىسمەن ئوخشمايدىغان نۇقتىئىنەزەرىنى بايان قىلىش ئاساسىدىكى ماقالىلەرنى يېزىش.

(3) تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە ماقالە يېزىش.

(4) تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە بوشلۇق دەپ قارىلىۋاتقان باشقىلار تېخى تەتقىق قىلىپ باقمىغان، ئىزدىنىشكە تېگىشلىك بولغان يېڭى - يېڭى تېمىلار ئۈستىدە دادىل پىكىر يۈرگۈزۈپ باشقىلارنىڭ بۇ تەتقىقات تېمىسىغا بولغان قىزىقىشىنى قوزغاش ئارقىلىق تارىخ تەتقىقاتىنى تېخىمۇ كۆپ خىللىققا ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىدىغان تېمىلار ھەققىدە ماقالە يېزىش.

(5) مەلۇم بىر تارىخىي ئەسەرگە قارىتا تەقرىز (باھا) يېزىش. بۇنىڭدا ئاساسەن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاپتور خاتا يەكۈن چىقىرىپ قويغان، كەتكۈزۈپ قويغان مەسىلىلەرگە قارىتا تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىش، بۇنىڭدىن باشقا تارىخقا ئائىت بەزى تەرجىمە ئەسەرلەردىكى مەزمۇن ياكى ئاتالغۇ جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە تەقرىز يېزىش.

(6) تارىخقا ئائىت يېڭى كىتابلارنى ياكى يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەرنى يېزىش، ۋە باشقىلار.

ماقالە تېمىسىنى تاللىغاندىن كېيىن، بەزىدە ئالاقىدار يولداشلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ تېمىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدۇ. تېما تاللاشتا يەنە تېمىغا ئاساسەن ماتېرىيال توپلاش ۋە تاللاش شۇنداقلا ئېرىشكەن (توپلىغان) ماتېرىيال ئاساسىدا تېما تاللاش ئۇسۇلىنىمۇ قوللىنىش مۇمكىن.

## 2. ماتېرىيال توپلاش

ماقالە تېمىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارغا، ئۇنىڭدىن قالسا تارىختا دائىر خەنزۇچە ماتېرىياللارغا (بولۇپمۇ «24 تارىخ» تىكى مەلۇماتلارغا) ۋە چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك يازما يادىكارلىقلارغا، مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرنال، ئىلمىي ئەسەرلەرگە، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلار ئىچىدىكى كېرەكلىك جەۋھەرلەرنى جۇغلاش زۆرۈر. ماتېرىيال توپلاشتا ئادەتتىكى چاغلاردا كۆرگەن ماتېرىياللاردىن كارتا قالدۇرۇشنىڭ رولى چوڭ. يېزىلغان كارتىلارنى مەزمۇن ياكى يىل تەرتىپى بويىچە تۈرگە ئايرىپ ماقالە يېزىشتا پايدىلىنىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. دەرۋەقە، كۆرگەن ماتېرىيال قانچە كۆپ، توپلىغان ماتېرىيال قانچە مول بولسا شۇنچە ياخشى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماتېرىيال مول بولسىلا، ماقالىنى ياخشى يازغىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. يەنە توپلىغان ماتېرىيالنىڭ شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى تاللاشقا، ساختىسىنى چىقىرىۋېتىپ چىنىنى ساقلاپ قېلىشقا، مۇنازىرە پاكىتى ئۈچۈن باشقىلار ئىشلەتمىگەن يېڭى پاكىتلارنى نەقىل كەلتۈرۈشكە، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيىلىك يېڭى تېپىلمىلار ئارقىلىق ئۆز كۆز قارىشىنى ئىسپاتلاشقا، باشقىلارنىڭ تارىخ توغرىسىدىكى باھالىرىنى تولۇقلاش ئۇنىڭغا ياكى قايتىدىن مۇۋاپىق باھا بېرىشكە دىققەت قىلىش

كېرەك. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ماقالىدە پايدىلانغان ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسى ئېنىق كۆرسىتىلىشى، يەنى ماقالىدىكى نەقىللەر قايسى كىتاب، قايسى ژۇرنال، قايسى توپلامدىن ئېلىنغانلىقى، ئاپتورى، تېمىسى، قانچىنچى توم ياكى قانچىنچى سان، قانچىنچى يىللىق نەشرى، بېتى توغرىسىدا تەپسىلىي، ئېنىق ئەسكەرتىش بېرىلىشى لازىم. ئىزاھلار ئەڭ ياخشىسى، شۇ بەت ئاستىغا بېرىلىشى كېرەك. ئىزاھات بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، شۇ بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەپسىز بولسا، ئىزاھلىنىدىغان سۆز - جۈملە ئۈستىگە ئىزاھ نومۇرى قويۇپ، ماقالىنىڭ ئاخىرىسىغا ئىزاھات بەرسىمۇ بولىدۇ.

## 3. ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بېكىتىش

ماتېرىيال توپلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بېكىتىش كېرەك، ئادەتتىكى ماقالىلەر كىرىش سۆز، رەسمىي تېكىست، خۇلاسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. كىرىش سۆز قىسمىدا ئادەتتە ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ئەھمىيىتى، ماقالىنى يېزىشتىكى مەقسەت، جەريان قاتارلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ، بەزى ماقالىلەرنىڭ رەسمىي تېكىست قىسمى كىچىك ماۋزۇچاقلارغا بۆلۈنىدۇ ياكى مەزمۇنىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە نومۇر قويۇپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ماقالىنىڭ خۇلاسە قىسمىدا ماقالىدە ئىلگىرى سۈرگەن كۆز قاراش ئىنچام، ئېنىق يەكۈنلىنىدۇ. بەزى ماقالىلەردە «كىرىش سۆز»، «خۇلاسە» دېگەن كىچىك ماۋزۇلار يېزىلمىسىمۇ، لېكىن قۇرۇلمىسى پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسىغا قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ ـ ماقالىنىڭ تۈزۈلۈش قاتلىمى روشەن، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقى تەييارلىقلاردىن كېيىن ماقالە يېزىشقا كىرىشىش كېرەك. ماقالىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى جىق يېزىلىشتىن قورقماسلىق، دەسلەپكى ئورىگىنال پۈتكەندىن كېيىن ھەر بىر ئابزاس، ھەر بىر جۈملىلەر بويىچە ئانالىز قىلىپ، قايتا - قايتا ئۆزگەرتىپ، ماۋزۇغا مۇناسىۋەتسىز مەزمۇنلارنى دادىل قىسقارتىپ ياكى چىقىرىۋېتىپ، ماقالىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ماقالىنى بېكىتىشكە ئالدىراسلىق، سۆز - جۈملىلىرى راۋان، ئېنىق، تىنىش بەلگىلىرى جايىدا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئەڭ ياخشىسى، ماقالىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ تۈزىتىش پىكىر بېرىشىگە سۇنۇپ، يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلاپ، كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىپ، ماقالىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش لازىم. تېما تاللاش، ماتېرىيال توپلاش، ماقالە قۇرۇلمىسىنى بېكىتىشتىن باشقا، يەنە خۇلاسە قىسمىمۇ ماقالىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

تارىخقا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىشتا ماقالە ئاخىرقى ھېساباتا بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە ئېنىق، چىرايلىق كۆچۈرۈپ چىقىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى دەسلەپكى ئورىگىنالىغا سېلىشتۇرۇپ چىقىپ تۈزىتىش ۋە تولۇقلاش زۆرۈر.

# يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر

1

ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن، ئەمگەك-چان، پاراسەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق تارىخى، پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشقا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت-لەرنىڭ تارىخ ئەسەرلىرىنى يىغىپ رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت تەتقىقات خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يې-تىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىگە دائىر يازما يادىكار-لىقلىرىنى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، يىغىش، توپلاش، رەت-لەش، تەتقىق قىلىش، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش جەھەتتە زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇ-رۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى-دا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا يېڭى

يۇكسىلىش بولدى. بۇ نەتىجىلەر ئاساسلىقى ئۇيغۇر تارىخ ۋە
مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەر، ئىلمىي ماقالە ۋە
تەرجىمىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، تارىخ ئوقۇتۇ-
شىنىڭ ئېھتىياجىنى، تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتى ھەۋەسكارلىرى-
نىڭ، تارىخ تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسەن قان-
دۇرغانلىقىدا ھەممە ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتىگە ئائىت ماتېرى-
ياللارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتى تەتقىقاتى
قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتقانلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنى-
دۇ. ئالايلۇق، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى،
شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشريا-
تى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، شىنجاڭ گۈزەل سەن-
ئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى قاتارلىق نەشرىياتلار ئۇيغۇر
تارىخى - مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئۇيغۇرچە كىتاب ۋە تەرجى-
مە ئەسەرنى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقا-
تى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «ئىجتىما-
ئىي پەنلەر مۇنبىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىل-
مىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي
ژۇرنىلى»، «خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ئىلمىي ژۇرنى-
لى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (1997 - يىلى 9 - ئايغىچە
جەمئىي 40 سان نەشر قىلىندى)، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكار-
لىقلىرى» (1997 - يىلى 6 - ئايغىچە جەمئىي 33 سان نەشر
قىلىندى)، «بۇلاق»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدە-
نىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»،
«قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»،
«ئاسىيا كىندىكى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «شىنجاڭ
ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرنال، مەجمۇئە-
لەردىمۇ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئىلمىي
ماقالە، ماقالە ۋە تەرجىمىلەر بېسىلدى.

ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ئەسەر، تەرجىمە ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش جەھەتتە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نۇرغۇن ئىجابىي خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە نەشر قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتاب - ژۇرنال 11 مىڭ 520 خىل بولۇپ، بۇ مۇشۇ مەزگىلدە نەشر قىلىنغان بارلىق كىتاب - ژۇرنالنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخ ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئەسەرلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەر ۋە تەرجىمىلەر خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن يازغان «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى» (1980 - يىل)، گېڭ شىمىن بىلەن تۇرسۇن ئايۇپ نەشرگە تەييارلىغان «ئوغۇزنامە» (1980 - يىل 11 - ئاي)، «مايترى سىمىت» («مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى»)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن - تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى ھاجى نۇرھاجى يازغان «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1983 - يىل 7 - ئاي)، «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1993 - يىل 8 - ئاي)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىغان، ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، قاسىم ئارىش، ئابلەت نۇردۇنلار تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۈچ قىسىم، 1982 - يىل 1 - ئايدىن 1991 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان)، كوروپاتكىن يازغان، ھەكىمە ئەرشىدىن ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان «قەشقەرىيە» (1986 - يىل 6 - ئاي)، ياپونىيىلىك

خادا تورۇ يازغان ئىسلامجان شېرىپ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلـ-
غان «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (1986 - يىل)، ئابدۇ-
قېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ تۈزگەن «قەدىمـ-
كى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانـما» (1983 - يىـل
9 - ئاي)، ئاياز شىكەستە يازغان، ئابدۇشۈكۈر تۇردى نەشرگە
تەييارلىغان «جاھاننامە» (1985 - يىل)، «چىڭگىزنامە»، ئاپ-
تورى (موللا مىرسالى كاشىغەرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،
ھاجى نۇرھاجى نەشرگە تەييارلىغان. 1985 - يىل)، «شىنجاڭدا
ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربـانلارنىڭ تەرجىمـىھالى» (1984 -
يىل)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرگە تەييار-
لىغان، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا خېلى كۆپ
مەلۇمات بېرىلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1984 - يىل 5 -
ئاي)، جاڭ جىجۇڭ يازغان، رازاق مالىك تەرجىمە قىلغان
«ئۇرۇمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر»
(1987 - يىل 5 - ئاي)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا
ئاسىيا تەتقىقات ئورنى نەشرگە تەييارلىغان «تارىخىـي خاتىـرىـ-
لەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» (بۇلار 1989 - يىل
9 - ئايدىن 1997 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان)، ئىمىن تۇرسۇن
يازغان «تارىمدىن تامچە»، ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر
ئىشخانىسى نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»
(1989 - يىل 10 - ئاي)، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
باشچىلىقىدا نەشرگە تەييارلانغان، ئەزىز يۈسۈپ قاتارلىقلار تەر-
جىمە قىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1990 - يىل
5 - ئاي)، تۈركىيىلىك رىشاد گەنج يازغان، تۇرسۇن ھوشۇر
بىلەن تۇرسۇنئاي ساقىم ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان «قاراخانىيلارنىڭ
دۆلەت تەشكىلاتى» (1990 - يىل 3 - ئاي)، ۋەلى، داۋۇت
سايىم، ئابلەت نۇردۇنلار تۈزگەن «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە - تارىـ-
خىي ئاتالغۇلار لۇغىتى» (1991 - يىل)، ۋاڭ جىلەي يازغان

ئابلەت نۇردۇن، ئەزىز يۇسۇپ تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (1 ـ، 2 ـ قىسىم، 1991 ـ يىل)، ئابلىز مۇھەممەد سايرامى يازغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» (1991 ـ يىل)، ھىمىت ئىسمائىل قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئاراتۇرۇكنى قوغداش جېڭى» (1993 ـ يىل 7 ـ ئاي) رەھىمە ئوسمان، خالىدە شاراخمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر كىتابلار كاتالوگى» (1993 ـ يىل 8 ـ ئاي)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى مەرھۇم ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا يازغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» (1993 ـ يىل 4 ـ ئاي)، روسىيىلىك ئا. گ. مالياۋكىن يازغان، ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان «9 ـ 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» (1994 ـ يىل 8 ـ ئاي)، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تەتقىقاتچىسى ئابدۇقېيۇم خوجا يازغان «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» (1995 ـ يىل 4 ـ ئاي)، لى يىنپىڭ يازغان، ئەبەيدۇللا ئاقۇب تەرجىمە قىلغان «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» (1995 ـ يىل 8 ـ ئاي)، «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» (1995 ـ يىل 8 ـ ئاي)، دۈەن ليەنچىن يازغان، يۇنۇسجان، ھەنىپە تەرجىمە قىلغان «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار، تېلېلار» (1996 ـ يىل 4 ـ ئاي)، «شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى» (1996 ـ يىل 4 ـ ئاي)، غوجاخمەت يۇنۇس يازغان «گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار» (1996 ـ يىل 10 ـ ئاي)، پاكىستانلىق سەئىد فەيياز يازغان، ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1996 ـ يىل)، شىنجاڭ تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر» (جەمئىي تۆت قىسىم، 1997 ـ يىل)، مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن يازغان «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (1997 ـ يىل 8 ـ ئاي) ۋە

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتې-
تى نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (بۇ مەجمۇئە-
نىڭ ئۇيغۇرچىسى 1998 - يىل 9 - ئايغىچە جەمئىي 41 سان
چىقىرىلدى) قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتىدىن باشقا، مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ
ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، شىنـ-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىمۇ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە
دەئىر بىر مۇنچە كىتاب ۋە تەرجىمىلەرنى نەشر قىلدى. بۇنىڭغا
مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييار-
لىغان «تارىخىي مۇسقىيۇن» (1982 - يىل 6 - ئاي)، شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، تەت-
قىقاتچى، مەرھۇم ليۇ زىشياۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (ئىككى
قىسىم، 1986 - يىل)، بۇرھان شەھىدى يازغان «شىنجاڭنىڭ
50 يىلى» (1986 - يىل 5 - ئاي)، تارىخچى مۇللا مۇسا
سايرامى يازغان، مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان،
«تارىخىي ھەمىدى» (1986 - 12 - ئاي)، مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر
ۋە خەيرىنىسا سىدىق يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»
(1989 -يىل)، ئىبراھىم مۇتىئىي يازغان «ئىلمىي ماقالىلەر
توپلىمى»، زوھۇرىدىن مۇھەممەد بابۇر يازغان، خەمىت تۆمۈر
نەشرگە تەييارلىغان «بابۇرنامە» (1992- يىل 10- ئاي)، ئابلىز
مۇھەممەد سايرامى يازغان «سۇي - تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن
ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى» (1993 - يىل 10 - ئاي)، مەملىكەت-
لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى
يازغان «ئۆمۈر داستانى» (ئىككى قىسىم، 1991 - يىل 6 -
ئاي)، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقات
خادىملىرىدىن ھاجى نۇرھاجى بىلەن چېن گوگۇاڭ يازغان «شىنـ-
جاڭ ئىسلام تارىخى» (1995 - يىل 11 - ئاي)، شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات

ئۇرنىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى مەھمۇد زەيىدى يازغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر» (1995- يىل- 12 - ئاي) قاتارلىق كىتابلارنى؛ شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «تەڭرىتاغ بۈركۈتى» (1983 - يىل 2 - ئاي) ، قۇربان ۋەلى يازغان «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» (1986 - يىل 5- ئاي) ، داۋۇت سايىم، راھىلە داۋۇت تۈزگەن، دۇنيانىڭ، جۈملىدىن غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان «دۇنيا مىللەتلىرى» (1996 - يىل 6 - ئاي)، ئابدۇكېرىم راخمان يازغان «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى» (1996 - يىل) ، جۇچىڭباۋ يازغان، پەرھات سىيىت تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرتقا كەلگەن ئېكسپېدىتسىيىچىلەر» (1996 -يىل 7 - ئاي) قاتارلىق كىتابلارنى؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان، ئىبراھىم نىياز يازغان «تارىختىن تەرمىلەر» ، موللا ھاجى يازغان، ئابدۇرەھىم سابىت نەشرگە تەييارلىغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» (1988 - يىل 3 - ئاي) ، مۇھەممەد سادىق قەشقىرى ياغان، نىجات مۇخلىس، شەمشىدىن ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان «تەزكىرەئىي ئەزىزان» (1988 - يىل 3 - ئاي) ، تاجىكىستانلىق ب. گ. غاپوروف يازغان، زايىت تەرجىمە قىلغان «تاجىكلار تارىخى» (ئىككى قىسىم، 1988 - يىل 11 - ئاي) ، شاھ مەھمۇد جوراس يازغان، ھەبىبۇللا ئېلى نەشرگە تەييارلىغان «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (1989 - يىل 8 - ئاي) قاتارلىق كىتابلارنى؛ شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تۈزگەن، داۋۇت سايىم قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (ئىككى قىسىم، 1992 - يىل 4 - ئاي) قاتارلىق كىتابلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ

ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1980 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە نەشر قىلغان يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 60 نەچچە خىل (بۇنىڭ ئىچىدە 20 نەچچە تەرجىمە ئەسەر بار) ئاساسلىق كىتابتىن مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى بايان قىلىنغان كىتاب ئۈچ خىل، مەخسۇس شىنجاڭ تارىخى بايان قىلىنغان كىتاب ئىككى خىل، قالغانلىرى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر يازما يادىكارلىقلار توغرىسىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ دىن، مەدەنىيەت، سەنئەت، تىل - يېزىق توغرىسىدىكى، ئۇيغۇرلار قۇرغان سۇلالە - خانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى توغرىسىدىكى، ئۇيغۇرلار تارىخىدا (شىنجاڭ تارىخىدا) ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر توغرىسىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى مىللەتلەر توغرىسىدىكى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى توغرىسىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە -.يوسۇن تارىخى توغرىسىدىكى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر كىتاب، ئىلمىي ماقالە، ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى توغرىسىدىكى ۋە شىنجاڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان تارىخى توغرىسىدىكى ئەسلىمە خاراكتېرلىك كىتابلاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇچىدىن ۋە باشقا چەت تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان كىتاب جەمئىي 22 خىل، بۇلاردىن باشقا، شىنجاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلىك ۋە شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ نەشر قىلىندى. ئۇلارغا سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «سۇتۇق بۇغراخان» ، مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يازغان «ئىز» ، «ئويغانغان زېمىن» ، پەرھات جىلان يازغان «مەھمۇد قەشقەرى» ، ئابدۇللا تالىپ يازغان «قاينام ئۆركىشى» ، مەرھۇم تۇردى سامساق يازغان «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر» ، ئەيسا يۇسۇپ يازغان «ئاقسۇدا 1945 - يىلى» ، ئابدۇراخمان ئەبەي يازغان «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» ، ۋەلى يازغان «بەدۆ-

لەت» (ئۈچ قىسىم) قاتارلىق كىتابلارنى مىسال كەلتۈرۈش
مۇمكىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى ئەركىن شېرىپ، ۋەلى
قاتارلىق تارىخ - مەدەنىيەتكە دائىر ئۇيغۇرچە كىتابلارنى نەشر
قىلىشقا مەسئۇل يولداشلاردىن ئىگىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ ۋاڭ جى-
لەي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» («ئوتتۇرا
ئاسىيا تارىخى»، 2 - قىسىم، نەشردىن چىقتى)، ياڭ شېڭمىن
يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى نەشردىن چىقتى»، جيەن
ۋېن، چېن زۇڭۋاڭ يازغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» (نەشردىن
چىقتى)، ۋېي لياڭتاۋ يازغان «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»
(نەشردىن چىقتى)، «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي
يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى»، زېڭ ۋېنۋۇ يازغان «جۇڭ-
گونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، رىشات گەنج يازغان
«بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى»، مۇختار يازغان «ھېيتگاھ
ۋە ساما ئۇسسۇلى»، سىۋېن ھېدىن يازغان «يىپەك يولى»
(نەشردىن چىقتى)، شىۋېتسىيىلىك گۇننار يارىڭ يازغان «قەش-
قەرگە قايتا سەپەر» (نەشردىن چىقتى)، ياپونىيىلىك جۇرۇيچى
يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكىسپېدىتسىيىسى»، ئاۋرېل ستەيىن
يازغان «قۇمغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت»، ئامېرىكىلىق شىفېر ياز-
غان «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەت»،
گرۇسسېت يازغان «بوزقىر ئىمپېرىيىسى» («يايلاق ئىمپېرىيە-
سى»)، «جەمئۇتتەۋارىخ»، («تارىخلار جەمئىيسى»)، لىن
گەن، گاۋ زىخۇ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» نەشردىن
چىقتى، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» (نەشردىن چىقتى)،
«شەجەرەئىي تۈرك»، ۋېي لياڭتاۋ يازغان «قاراخانىيلار تارىخ-
دىن بايان» (نەشر قىلىندى) قاتارلىق كىتابلارنى[①] * بۇ
يىل ۋە كېلەر يىل نەشر قىلىنىدىغان كىتابلار قاتارىغا كىرگۈ-
زۈپتۇ. كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان يەنە بىر خۇشخەۋەر شۇكى،

① * ھازىر بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى - ق.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى چېن شىمىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇلار دۇنياغا داڭلىق قىممەتلىك ئەسەر ـ «24 تارىخ» نى تەشكىل قىلغۇچى «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە» (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر قىسمى) لەرنى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، يەنە «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، «جىننامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «لياڭنامە»، «سۇينامە»، «تاڭنامە» لەرنىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسىنى ئىشلەش خىزمىتىنى ئاساسەن ئاياغلاشتۇرۇپتۇ ۋە ئۇلارنى بىر - ئىككى يىل ئىچىدە نەشر قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، خىراجەت كاپالەتكە ئېرىشسىلا، 2005 - يىلىغىچە «سۇڭنامە»، «لياڭنامە»، «چىنامە»، «شىمالىي چىنامە»، «جۇنامە»، «سۇينامە»، «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «كونا بەش دەۋر تارىخى»، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى»، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ماتېرىياللىرىنىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسىنى ئىشلەش، نەشر قىلدۇرۇشنى پىلانلاپتۇ.

ئىلمىي ژۇرناللار ئىچىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەشر ئەپكارى ـ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر، تەرجىمىلەر ئەڭ كۆپ بېسىلدى. چۈنكى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنىدا، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى (كېيىن بۇ تەتقىقات ئورنى مەدەنىيەت نازارىتىگە قوشۇۋېتىلگەن) دا، تىل، ئەدەبىيات، دىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تەتقىقات خادىملىرى، ئالىي ئۇنىۋانلىق داڭلىق تەرجىمانلار بولغاچقا، ئۇلار بۇ ژۇرنالنى ئۇزاقتىن

لەت» (ئۈچ قىسىم) قاتارلىق كىتابلارنى مىسال كەلتۈرۈش
مۇمكىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىكى ئەركىن شىرىپ، ۋەلى
قاتارلىق تارىخ - مەدەنىيەتكە دائىر ئۇيغۇرچە كىتابلارنى نەشر
قىلىشقا مەسئۇل يولداشلاردىن ئىگىلىشىمچە، ئۇلارنىڭ ۋاڭ جە-
لەي يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» («ئوتتۇرا
ئاسىيا تارىخى، 2 - قىسىم، .نەشردىن چىقتى) ، ياڭ شېڭمىن
يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى نەشىردىن چىقتى» ، جيەن
ۋېن، چېن زۇنۋاڭ يازغان «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى» (نەشردىن
چىقتى) ، ۋېي لياڭتاۋ يازغان «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»
(نەشردىن چىقتى) ، «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي
يۇرتقا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» ، زېڭ ۋېنۋۇ يازغان «جۇڭ-
گونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى، رىشات گەنج يازغان
«بۈيۈك تىلچى مەھمۇد قەشقەرى» ، مۇختار يازغان «ھېيتگاھ
ۋە ساما ئۇسسۇلى» ، سىۋېن ھېدىن يازغان «يىپەك يولى»
(نەشردىن چىقتى) ، شىۋېتسىيىلىك گۇننار يارىڭ يازغان «قەش-
قەرگە قايتا سەپەر» (نەشردىن چىقتى) ، ياپونىيىلىك جۇرۇيچى
يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيىسى» ، ئاۋرىل ستەيىن
يازغان «قۇمغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت» ، ئامېرىكىلىق شىفېر ياز-
غان «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چەتتىن كىرگەن مەدەنىيەت» ،
گرۇسسىت يازغان «بوزقىر ئىمپېرىيىسى» («يايلاق ئىمپېرىيە-
سى» ) «جەمئۇتتەۋارىخ» ، («تارىخلار جەمئىيسى» ) ، لىن
گەن، گاۋ زىخۇ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» نەشردىن
چىقتى، «موگغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» (نەشردىن چىقتى) ،
«شەجەرەئىي تۈرك» ، ۋېي لياڭتاۋ يازغان «قاراخانىيلار تارىخى-
دىن بايان» (نەشر قىلىندى) قاتارلىق كىتابلارنى[1] * بۇ
يىل ۋە كېلەر يىل نەشر قىلىنىدىغان كىتابلار قاتارىغا كىرگۈ-
زۈپتۇ. كىشىنى خوشاللاندۇرىدىغان يەنە بىر خۇشخەۋەر شۇكى،

① * ھازىر بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى نەشر قىلىپ تارقىتىلدى - ئا.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ مەس-
ئۇلى چېن شىمىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇلار دۇنياغا داڭلىق
قىممەتلىك ئەسەر ـ «24 تارىخ» نى تەشكىل قىلغۇچى «تارىخىي
خاتىرىلەر» ، «خەننامە» ، «كېيىنكى خەننامە» (ئۇلارنىڭ ئىچى-
دىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر
قىسمى) لەرنى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، يەنە «ئۈچ پادى-
شاھلىق تەزكىرىسى» ، «جىننامە» ، «شىمالىي سۇلالىلەر
تارىخى» ، «لياڭنامە» ، «سۇينامە» ، «تاڭنامە» لەرنىڭ ئىزاھ-
لىق تەرجىمىسىنى ئىشلەش خىزمىتىنى ئاساسەن ئاياغلاشتۇرۇپ-
تۇ ۋە ئۇلارنى بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە نەشر قىلماقچى بولۇۋې-
تىپتۇ، خىراجەت كاپالەتكە ئېرىشسىلا، 2005 ـ يىلىغىچە
«سۇڭنامە» ، «لياڭنامە» ، «چىننامە» ، «شىمالىي چىننامە» ،
«جۇنامە» ، «سۇينامە» ، «كونا تاڭنامە» ، «يېڭى تاڭنامە» ،
«كونا بەش دەۋر تارىخى» ، «يېڭى بەش دەۋر تارىخى» ، «لياۋ
سۇلالىسى تارىخى» ، «جىن سۇلالىسى تارىخى» ، «يۈەن سۇلالى-
سى تارىخى» ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى ئوتتۇرا ئاسىيا
ماتېرىياللىرىنىڭ ئىزاھلىق تەرجىمىسىنى ئىشلەش، نەشر قىلى-
دۇرۇشنى پىلانلاپتۇ.

ئىلمىي ژۇرناللار ئىچىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكا-
دېمىيىسىنىڭ نەشر ئەپكارى ـ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر
ئىلمىي ماقالىلەر، تەرجىمىلەر ئەڭ كۆپ بېسىلدى. چۈنكى ئىج-
تىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئورنىدا، ئارخې-
ئولوگىيە تەتقىقات ئورنى (كېيىن بۇ تەتقىقات ئورنى مەدەنىيەت
نازارىتىگە قوشۇۋېتىلگەن) دا، تىل، ئەدەبىيات، دىن، ئوتتۇرا
ئاسىيا تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقا-
تى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تەتقىقات خادىملىرى، ئالىي ئۇنۋان-
لىق داڭلىق تەرجىمانلار بولغاچقا، ئۇلار بۇ ژۇرنالنى ئۇزاقتىن

بۇيان بۇ جەھەتتىكى خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ماقالە، تەرجىمىلەر بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل شىنجاڭ ۋە بېيجىڭدىكى ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقات خادىملىرىمۇ بۇ ژۇرنالغا ئاكتىپ ماقالە ئەۋەتىپ كەلدى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە چىقىرىلغان تۇنجى ئۇيغۇرچە ژۇرنال «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» دېگەن نام بىلەن ئىككى سان چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» غا ئۆزگەرتىلگەن. 1981 - يىلى بۇ پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن 1998 - يىل 9 - ئايغىچە جەمئىي 65 سان چىقىرىلدى، بۇنىڭدىن باشقا 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ژۇرنالنىڭ 89 سان ئىچكى سانى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. پەسىللىك ژۇرنالغا ئادەتتە تۆتتىن 10 غىچە، ئىچكى ژۇرنالغا ئىككىدىن تۆتكىچە (مەخسۇس سانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالە ۋە تەرجىمىلەر بېسىلدى. بىز بىر سان پەسىللىك ژۇرنالغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالتە پارچىدىن، ئىچكى ژۇرنالغا ئۈچ پارچىدىن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە بېسىلدى، دەپ تەخمىن قىلساق، بۇ ئىككى ژۇرنالدا ھازىرغا قەدەر جەمئىي 657 پارچە ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ئېلان قىلىنغان بولىدۇ. ئاتاقلىق ئالىم، مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 1995 - يىلى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە (يەنى تۇنجى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنىپ 23 كۈندىن كېيىن مەن ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا يوقلاپ بارغىنىمدا) ژۇرنىلىمىزنىڭ ياخشى چىقىرىلىۋاتقانلىقىغا يۇقىرى باھا بەرگەن. بىزنى ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرغان ھەمدە «ناۋادا ژۇرنىلىڭلاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالە، تەرجىمىلەر ئىجتىمائىي پەن تۈرلىرى بويىچە

رەتلىنىپ چىقىلسا ياخشى قامۇس بارلىققا كەلگەن بولاتتى» دېگە-
نىدى.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدىن قالسا،
شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدىغان شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) 1956 - يىلى
«شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى» دېگەن نام بىلەن ئىككى سان چىقىرىد-
لىپ توختاپ قالغانىدى. بۇ پەسىللىك ژۇرنال 1978 - يىلىغا
كەلگەندە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دېگەن نام
بىلەن قايتا نەشر قىلىنىپ، 1997 - يىل 9 - ئايغا قەدەر جەمئىي
72 سان نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانىدا تەخمىنەن
ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تۆت پارچە ئىلمىي ماقالە،
تەرجىمە ئېلان قىلىندى، دەپ ھېسابلىساق، ئۇنداقتا ھازىرغا
قەدەر جەمئىي 288 پارچە ئىلمىي ماقالە، تەرجىمە ئېلان قىلىند-
غان بولىدۇ. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا
ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلەر-
نىڭ كۆپىنچىسىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە تارىخى،
تىل - ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدىكى ماقالىلەرنى خېلى يۇقىرى
سەۋىيىلىك ئىلمىي ئەسەر، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىد-
نىدىغان «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» («شىنجاڭ تەزكىرىسى»)
ژۇرنىلىمۇ 1984 - يىلىدىن 1997 - يىلى 9 - ئايغىچە جەمئىي
41 سان چىقىرىلدى، ئۇلار يەنە 1985 - يىلدىن 1998 - يىل
9 - ئايغىچە 12 توم ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ يىلنامىسى» نى، يەتتە
توم ناھىيە، شەھەر تەزكىرىسى، بىر توم «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي
تەزكىرىسى» نى نەشر قىلىپ تارقاتتى. يۇقىرىقى ژۇرنال، يىلد-
نامە ۋە تەزكىرىلەردىمۇ شىنجاڭ (ئۇيغۇر) تارىخى ۋە مەدەنىيىتى
توغرىسىدىكى، جۈملىدىن تارىخىي ۋەقە، تارىخىي شەخسلەر توغ-
رىسىدىكى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە ماتېرىد-

ياللار ئېلان قىلىندى. ئۇلاردىن باشقا، ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلمىي ژۇرناللارمۇ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە، ماقالە ۋە تەرجىمىلەرنى ئېلان قىلدى. گېزىتلەر ئىچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «جاھاننەما» بېتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. «جاھاننەما» بېتى 1997 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە جەمئىي 704 سان چىقىرىلغان، بۇ بەتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا دۇنيا، جۇڭگو تارىخ - مەدەنىيىتىگە دائىر ماقالىلەردىن باشقا، ھەر ساندا دېگۈدەك ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيىتىگە دائىر - بىر ئىككى پارچە ماقالە ياكى تەرجىمە ئېلان قىلىنىپ تۇردى. گېزىت سەھىپىسىنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن بۇ ماقالىلەر قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى ئىخچام بايان قىلىپ بەرگەچكە، بۇ بەت مۇشتېرىلار ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ «جاھاننەما» بېتىگە بېسىلغان «ھون تەڭرىقۇتى - مودۇ»، «ئۇيغۇر كىيىمى ۋە ئۇيغۇر ئېتى» قاتارلىق ماقالىلەرنى «جاھاننامە» بېتىگە بېسىلغان ياخشى ماقالە ۋە ياخشى تەرجىمە دەپ ھېسابلاش مۇمكىن.

ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئىلمىي ئەسەر، ئىلمىي ماقالە، ماقالە ۋە تەرجىمىلەرنىڭ نەشر قىلىنىپ جەمئىيەتكە تارقىتىلىشى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، تەرجىمىچىلىكى ۋە تەھرىرلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقات قوشۇنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تەتقىقاتى قوشۇنىنى، تەرجىمانلار قوشۇنىنى ۋە تەھرىرلەر قوشۇنى يېتىشتۈرۈش ۋە زورايتىشقا، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» دەرسلىكى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەت-

لىك دەرسلەرنى ياخشى ئۆتۈشتە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىبىل ئەنئەنە، ياخشى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئەنئەنىسىنى جارىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىشتە مۇھىم ئىجابىي رول ئوينىدى.

## 2

ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخىي مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش جەھەتتە قولغا كەلگەن زور نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەر مەيلى سان جەھەتتىن بولسۇن ياكى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان تەلىپىنىڭ ئېھتىياجىدىن، ھەر مىللەت تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىدىن، تەھرىرلەر ۋە تەرجىمانلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىدىن تېخى كۆپ يىراق، بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋاپات بولۇش، ياشىنىپ قېرىش، كېسەللىك، چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىش، تەتقىقات خىزمىتى قىسلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى قوشۇنىدا نىسبىي ھالدا ئۈزۈكچىلىك كۆرۈلىۋاتىدۇ، ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن، بىر نەچچە خىل چەت ئەل تىلىنى، بولۇپمۇ قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىنى پۇختا ئىگىلىگەن، ئۆز ئانا تىلىغا پۇختا، يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن قەلىمى كۈچلۈك ياش - ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات خادىملىرى ھەم كەسىپكە پىشقان تەرجىمان، تەھرىرلەر كەمچىل بولماقتا. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەت-

كى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تارىخ فاكۇلتېتلىرىدا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخ بىلىمى خېلى ئەتراپلىق، خېلى چوڭقۇر بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا تارىخشۇناسلىق نەزەر-يىسى، تارىخىي ئەسەر ۋە تارىخقا دائىر ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇلى، يەنى تېما تاللاش، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، قوراشتۇرۇش، خۇلاسىلەش، كىتاب، ماقالىلەرنى ئۆزگەرتىش، بېكىتىش قاتارلىق يېزىقچىلىق ئۇسۇلى توغرىسىدىكى دەرس ئو-رۇنلاشتۇرۇلمىغاچقا، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەر يېزىش پىلانىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، يېزىقچىلىققا كىرىشمەكچى بولۇپ قولىغا قەلەم ئالغاندا ئۆزىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى (ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوقلۇقىنى) ھېس قىلىپ، ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي بېشى قاتماقتا.

2) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئۇي-غۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەر ئىچىدە يۇقىرى سەۋىيىلىك يىرىك ئەسەر ئانچە كۆپ ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسىنى تونۇشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئەسەر دەپ قاراش مۇم-كىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەنزۇچە نەشر قىلىنغان «غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ سانائەت، پەن - تېخنىكا تارىخى» قاتارلىق كىتابلارغا سېلىشتۇر-غاندا، نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە يىرىك ئەسەرلەر ئىچىدە ئۇيغۇر-لارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تارىخى مەخسۇس بايان قىلىنغان ئەسەرلەر تېخىمۇ ئاز، خىراجەت قىسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، راشىددىن يازغان چوڭ ھەجىملىك 1 - قول تارىخىي ماتېرىيال - «جەمئۇتتەۋارىخ» («تارىخلار جەمئىيىسى»)، «تا-رىخى رەشىدى» قاتارلىق دۇنياۋى داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشرگە تەييارلانغان ئورگىنالى كۆپ يىللاردىن بۇيان نەشرىيات ئورۇنلى-رىدا بېسىلىپ قېلىپ نەشر قىلىنمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇرچە نەشر

قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر تەتقىقات خاراكتې-
رىدىكى يىرىك ئەسەرلەرنىڭ نىسبىي ھالدا ئاز بولۇشىغا ھەر
يىلى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىدى-
غان ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى تاللاپ بېكىتىشتە، دۆلەت ۋە
ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تاللاپ
بېكىتىش، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش ھەيئەتلىرىدە ئۇيغۇر
ھەيئەتلەر ياكى ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان ھەيئەتلەرنىڭ ئازلىقى تو-
پەيلىدىن، ئۇيغۇرچە تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم بې-
رىلىدىغان تەتقىقات تۈرلىرى قاتارىغا ئانچە كىرەلمەيۋاتقانلىقىمۇ
مۇھىم سەۋەب بولغان. كىتاب ماتېرىياللارنىڭ باھاسى ئۈزلۈك-
سىز ئۆسۈۋاتقان، تەتقىقات خىراجىتى ئۆرلەۋاتقان ئەھۋالدا،
مائاشىغا ۋە ئاز تولا قەلەم ھەققىگە (خىراجەت قىسلىقى تۈپەيلى-
دىن نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قەلەم ھەققى ئۆلچىمى-
دىن خېلى تۆۋەن بولغان قەلەم ھەققىنىمۇ خېلى ئۇزاققىچە،
ھەتتا بىر نەچچە يىلغىچە تارقىتالمايۋاتىدۇ) تايىنىپ كۈن كەچۈ-
رىدىغان تەتقىقات خادىملىرىنىڭ خىراجەت كۆپ كېتىدىغان، قى-
يىن، چوڭ تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۆز خىراجىتى بىلەن ۋۇجۇدقا
چىقىرىشى ناھايىتى تەسكە توختايدىغانلىقى ھەممىمىزگە چۈشى-
نىشلىك.

3) «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى» (بۇ
لۇغەتكە 11 مىڭچە تارىخقا دائىر ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن، تۇنجى
قېتىملىق ئىزدىنىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ لۇغەتتىمۇ بەزى
يېتەرسىزلىك مەۋجۇت) دىن باشقا، تارىخ ئاتالغۇلىرىنى تەرجىمە
قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشتە پايدىلىنىدىغان قورال كىتاب،
ماتېرىيال تولىمۇ كەمچىل بولغاچقا، بۇ كىتابخانلارنىڭ ئۇيغۇر
تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەرنى چۈشىنىشىدە ئېنىق-
سىزلىق ۋە مۇجمەللىك پەيدا قىلماقتا. مەسىلەن، « 西城 »
(شىيۈي) دېگەن بىر يەر نامى «غەربىي يۇرت»، «غەربىي را-

يون» ، «غەربىي زېمىن» ، «غەربىي دىيار» ، «غەربىي ئۆلكە» ، «غەربىي كائىنات» ، «غەربىي ئەل» ، «قۇرىغار» ، «قۇرىقار» دەپ؛ « 高昌 » دېگەن يەر نامى «قۇچۇ» ، «قوچۇ» ، «قوجۇ» ، «قوجو» دەپ؛ « 鄂尔浑 » دېگەن نام «ئورخۇن» ، «ئورخۇن» ، «ئورقۇن» دەپ؛ « 王朝 » دېگەن ئاتالغۇ «سۇلالە» ، «خانلىق» ، «خاندانلىق» دەپ تەرجىمە قىلىنماقتا. يۇقىرىقى ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، مېنىڭچە، ئاساسەن ئومۇملاشقان ئاتالغۇلارنى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردا قوللىنىلغان (ياكى يېرىمى قوللىنىلغان) ئاتالغۇلارنى ئالدى بىلەن بېكىتىش پرىنسىپىنى قوللانساق، مۇشۇ بويىچە بولغاندا، «غەربىي يۇرت» «ئورقۇن» دېگەن ئاتالغۇلارنى مۇقىملاشتۇرساق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى ۋە مەدەنىيەتلاردا خېلى ئومۇملىشىپ قالغان خانلىقلارنىڭ ناملىرىنى، مەسىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ نامىنى «سۇلالە» دەپ؛ شىنجاڭدا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ نامىنى «خانلىق» دەپ؛ ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ نامىنى «خاندانلىق» دەپ ئاتىساق. تارىخقا دائىر ئەسەرلەردە دەۋر پۇرىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر كىتابخانلار چۈشىنىدىغان كونا سۆزلەرنى قوللىنىش زۆرۈر بولسىمۇ، ئەمما قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا دائىر بەزى ئەسەرلەردە «ئىلمىي نۇجۇم» ، «تەقۋىمچىلىك» ، «تىببابەتچىلىك» ، «مەدەنچىلىك» دېگەن كونا سۆزلەرنىڭ ئورنىغا «ئاسترونومىيە» ، «كالېندارچىلىق» ، «مېدىتسىنا» ، «مېتالچىلىق» دېگەن ھازىرقى زامان پۇرىقىغا ئىگە سۆزلەر ئىشلىتىلمەكتە؛ نەشر بۇيۇملىرىدا كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ ئىسمى رەسمىي نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭكىگە ئوخشاش، يەنى «تۈركى تىللار دىۋانى» ، «قۇتادغۇ بىلىك» ، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ ئېلىنماي، «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» (زۆرۈر تېپىلغاندا ئەسلى

ئوقۇلۇشىنىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە)، «قۇتاتقۇبىلىك»،
«قۇتاتقۇبىلىگ»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «مەھمۇد قەشقىرى»،
«مەھمۇت قەشقىرى»، «مەھمۇد قەشقەرى»، «يۈسۈپ خاس
ھاجىپ» دەپ ھەر خىل ئېلىنىۋاتىدۇ. بەزى تەرجىمە ئەسەرلىر-
دە، بەزى خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ مەنىسى كونتېكستنىڭ مەنىسى
زامان، ماكان بىلەن ھېسابلاشماي، لۇغەتتىكى ئىزاھى بويىچىلا
تەرجىمە قىلىنغاچقا، مەنە جەھەتتە خاتالىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. مە-
سىلەن، خەنزۇچە « 寇 » دېگەن خەت «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە
لۇغەت» نىڭ 1046 - بېتىدە «تاجاۋۇز قىلىش» دەپ ئىزاھلانغان-
لىقى ئۈچۈن، تارىختا دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەردە « 寇 » خېتى
ئاساسەن «تاجاۋۇز قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئالايلۇق،
«خەننامە» 1 - جىلد «خەن گۇاڭدى ھەققىدە خاتىرە» نىڭ
3 - بېتىدە «چياڭلار ۋۇدىغا تاجاۋۇز قىلدى»، «خەننامە»
4 - جىلد «خەن ۋېندىنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 14 - بېتىدە
«ھونلار چېگرا قورۇلىغا تاجاۋۇز قىلىپ بېيدى ۋىلايىتىنىڭ
كاھىبېگى سۈن ئاڭنى ئۆلتۈردى»، 17 - بېتىدە «ھونلار لەۋزىگە
خىلاپلىق قىلىپ تاجاۋۇز قىلدى»، 32 - بەتتە «ھونلار تاجاۋۇز
قىلىۋاتقان جىددىي بىر پەيتتە» ۋە «دىلار تاجاۋۇز قىلدى»
دېيىلگەن. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمەت
كومىتېتىنىڭ لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى
1990 - يىلىدىن باشلاپ نەشر قىلغان (1998 - يىل 9 - ئايغىچە
بەش تومى نەشر قىلىندى) «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»
نىڭ 2 - قىسىم 12 - بېتىدە، «تاجاۋۇزچى» دېگەن سۆزگە
«تاجاۋۇز قىلغۇچى»، «باسمىچى» دەپ؛ «تاجاۋۇز» دېگەن
سۆزگە «ئىسىم (ئەرەبچە سۆز)، بىر ياكى بىر نەچچە دۆلەتنىڭ
باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش
مەقسىتىدە قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇپ كىرىشى» دەپ ئىزاھ
بېرىلگەن ھەمدە ئۇنىڭغا «ياپونىيە جۇڭگونىڭ تەڭدىن تولىسىنى

تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان ئەمەسمىدى؟» دەپ مىسال كەلتۈرگەن. بىز بۇنىڭدىن تاجاۋۇز قىلىش دېگەن سۆزنىڭ چەت ئەللەردىكى يات مىللەتلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىگە قارىتىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى دەۋردە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى ھېسابلىنىدىغان چياڭ، ھون، دى قاتارلىقلارنىڭ ھۇجۇمىنى «تاجاۋۇز قىلىش» دەپ ئاتاش توغرا بولمايدۇ، مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىنىڭ زېمىن كېڭەيتىش، ماددىي بايلىق ئىگىلەش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرىنى «بېسىپ كىردى»، «ھۇجۇم قىلدى» دېيىش ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بەزى ئەسەرلەردە چەت ئەللىك بەزى داڭلىق ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ ئىسمى خەنزۇچە ئوقۇلۇشى بويىچە ئېلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ «كىرىش سۆزى» نىڭ 2 - بېتىدە فرانسىيىلىك ئاتاقلىق شەرقشۇناس چاۋاننېسنىڭ ئىسمى خەنزۇچە ئوقۇلۇشى بويىچە «شاۋەن» دەپ ئېلىنغانلىقىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن ۋە باشقىلار.

4) ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇن خەنزۇچە تارىخى ئەسەرلەر، ھەتتا تەرجىمە قىلىش ناھايىتى قىيىن ھېسابلىنىدىغان «24 تارىخ» نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر بەزى قىسىملىرى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرچە يېزىلغان يۇقىرى سەۋىيىلىك تارىخقا دائىر ئەسەرلەرنى خەنزۇچىگە ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەرجىمە قىلىدىغان تەرجىمانلار تولىمۇ ئاز بولغاچقا، ئۇيغۇرچە يېزىلغان تارىخقا دائىر نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەر خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان ياخشى ئىلمىي ئەسەرلەردىن بىۋاستە ئۇيغۇرچىگە تەر-

جىمە قىلىنغان ئەسەرلەر تېخىمۇ ئاز (كۆپىنچىسى خەنزۇچىدىن
ۋاستىلىك تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ). ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلەر-
نى باھالاش - مۇكاپاتلاش كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ،
لېكىن ھازىرغىچە تەرجىمانلىقتا ئەڭ قىيىن ھېسابلىنىدىغان تا-
رىخقا دائىر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ
بېرىلمىدى. بۇمۇ تارىخ تەرجىمانلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىغا مەلۇم
دەرىجىدە بەرھەم بەرمەي قالمىدى. بۇ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت
تەتقىقات خادىملىرىنىڭ، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات
نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقى-
قاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىسىز.

## 3

ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە
دائىر ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش جەھەتتە ساقلانغان يۇقىرىقى تۆت
جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندى-
كى چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك.

بىرىنچى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان، ئەسىر ھالقىيدىغان ياش - ئوتتۇرا ياش تەتقى-
قات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ
تارىخ فاكۇلتېتلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى ھەر تەرەپلىمە تەربىيە-
لەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ تارىخ كەسپىي بىلىملىرى
ۋە تارىخشۇناسلىق، يېزىقچىلىق بىلىملىرىنى پۇختىلاش، ئۇلارغا
تارىخقا دائىر ئەسەر، ئىلمىي ماقالە يېزىش مېتودى ھەققىدىكى
دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالىي مەكتەپلەردىكى، تەتقىقات
ئورۇنلىرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەھەتتە
نەتىجىسى زور، نوپۇزلۇق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۇلارغا ئۇي-
غۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا، جۈملىدىن تارىخقا دائىر

ئەسەرلەرنى يېزىش مېتودى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش، ئىقتىدارلىق ياشلارنى نۇقتىلىق تەربىيىلەشكە، ئۇلارنىڭ چەت ئەل تىلى، قەدىمكى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، تارىخشۇناسلىق يېزىقچىلىقى مېتودىغا دائىر ئۇيغۇرچە دەرسلىك، ماتېرىيال تۈزۈش ۋە ئۇلارنى نەشر قىلدۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قابىل كۈچلەرنى ياخشى تەشكىللەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، مۇھىم، قىيىن تېمىلارنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك، يىرىك ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشنى پىلانغا كىرگۈزۈش، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ پىلاننىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ھەر جەھەتتىن مەدەت بېرىش، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدىغان ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى تاللاپ بېكىتىدىغان ھەيئەتتىكى ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەر ياكى ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ ئۇيغۇرچە يېزىلىدىغان تەتقىقات تېمىلىرىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئېرىشتۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، بۇ ھەقتىكى لۇغەت، ئىزاھلىق لۇغەت، قورال كىتابلارنى تۈزۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشخانىسى قەرەللىك ھالدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى تەتقىقاتچى، تىلچى، تەرجىمان، مۇھەررىرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تارىخقا دائىر دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشى ھەمدە ئۇلارنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىپ تارىخقا دائىر ئاتالغۇ-

لارنىڭ قېلىپلىشىشىغا ۋە بىر خىل قوللىنىلىشىغا نازارەت قىلىشى كېرەك. ھازىرچە قېلىپلاشتۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىن بولغان بەزى ئاتالغۇلارغا كەلسەك، مېنىڭچە ئالدى بىلەن بىر كىتاب ياكى بىر ماقالىدە بىر ئاتالغۇنىڭ بىر خىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

تۆتىنچى، تارىخ تەرجىمانلىرى ۋە تارىخقا دائىر ئەسەرلەرنى تەھرىرلەيدىغان مۇھەررىرلەرنى سىياسىي، كەسپىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش، تارىخقا دائىر قىيىن ئەسەرلەرنى ياخشى تەرجىمە قىلغان، تەھرىرلىگەن خادىملارنىڭ خىزمىتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنى چۈشىنىپ، تارىخقا دائىر تەرجىمە ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

ئەسكەرتىش: بۇ ئىلمىي ماقالە 1998 - يىلى 10 - ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەييارلانغان ۋە شۇ قېتىمقى چوڭ يىغىندا ئوقۇلغان. بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانىغا، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىتتىپاق نەشرىياتى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى قاتارلىق تۆت ئورۇن نەشر قىلغان «قامۇس» قا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ماقالە ئاپتورىغا شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلگەن.

# قوشۇمچە

## شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى

△ مىلادىدىن 3000 يىل ئىلگىرى، شىنجاڭ سىپتا تاش قورال مەدەنىيىتى دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

مىلادىيەدىن ئىلگىرى 1115 ـ 1079 ـ يىللاردا جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى چىڭۋاڭ گاۋجىلىڭ (بوگونكى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزگەن، چۇسۇ (كۇسەن)، كانگىيە (سەمەرقەند)، باكتىرىيە (سوغىيانا)، يەكەن، توخرى قاتارلىق جايلارنىڭ ئەلچىلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇملىرىنى ئېلىپ گاۋجىڭغا كېلىپ، مەرىكىنى قۇتلۇقلىغان.

△ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى چەرچەن بىلەن ئۇدۇن (خوتەن) نىڭ ئارىلىقىدىكى بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان باكتىرلار غەربكە ـ باكتىرىيىگە كۆچكەن.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى، هون تەڭرىقۇتى تۇمەن تەڭرىقۇت مودۇ (باتۇر) نى تەخت ۋارىسلىقىدىن قالدۇرۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خوتۇنىنىڭ ئوغلىنى ۋارىس قىلماقچى بولغاندا، مودۇ تۇمەن تەڭرىقۇتنى، ئۆگەي ئانىسىنى ۋە ئۆزىگە بويسۇنمىغان ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتىغان،

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلى شەرقىي غۇزلار مودۇدىن تۇمەننىڭ ئۇچقۇر ئېتىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان،

مودۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغان، شەرقىي غۇز خانى مودۇنى قورقتى، دەپ ھېسابلاپ، تەڭرىقۇتتىن بىر خوتۇنىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان، مودۇ ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنىمۇ قاندۇرغان. شەرقىي غۇز خانى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ھونلارنىڭ ۋاتونىڭ سىرتىدىكى زېمىنىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، مودۇ دەرغەزەپ بولۇپ، قوشۇن تارتىپ شەرقىي غۇز خانىنى مەغلۇپ قىلغان، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن غەربتە توخرىلارغا زەربە بېرىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتكەن، جەنۇبتا لوفەننى، بەييائىخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ خانىنىڭ زېمىنىنى ئۆزىگە قوشىۋالغان؛ شىمالدا غۇن، چۈيشى، دىڭلىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى)، كەنكۇن (قىرغىزلارنىڭ ئەجدادى)، شىڭلى قەۋملىرىنى بويسۇندۇرغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 202 - يىلى مودۇ تەڭرىقۇت باغانسىرى قۇدرەت تېپىپ 300 مىڭ چاقىرىم كەڭلىكتىكى زېمىننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 176 - يىلى مودۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىگە يازغان خېتىدە: «.... مىران (كروران)، ئۇيسۇن (ئىلى دەرياسى ۋادىلىرى)، خۇدات (خۇجيې) نى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 26 بەگلىكنى بەيئەت قىلدۇردۇم» دېگەن. ھونلار غەربىي رايوننىڭ كۆپ قىسمىنى كونترول قىلغان ۋە ئۇ جايلاردا ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 161 -، 160 - يىللاردا، ئۇيسۇنلارنىڭ كۈنبېيىسى ھونلارنىڭ رۇشات تەڭرىقۇتىدىن ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. رۇشات تەڭرىقۇت كۈنبېيىنىڭ ياردىمىدە، غەربتە توخرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرگەن. توخرىلار يەنە غەربكە كۆچۈپ، باكتىرىيىگە بېرىپ ماكانلاشقان، شۇنىڭ بىلەن كۈنبېيىنىڭ قەۋمى توخرىلار زېمىنى (ھازىرقى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى

جايلار) دا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە خېلى كۈچەيگەن، رۇشات تەگۈرنۇت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار هونلارغا ئىتائەت قىلمايدىغان بولۇۋالغان، هونلار ئۇلارغا زەربە بېرىشكە ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلار پادىشاھ ۋۇدىغا: «هونلار توخرىلار خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، توخرىلار خانىنىڭ باش سۆڭىكىدە جام ياساتتى، توخرىلار يىراققا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، هونلاردىن قىساس ئېلىش نىيىتىدىن يانمىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ هونلارغا بىرلىكتە زەربە بېرىدىغان ئىتتىپاقچىسى يوق» دېگەن، پادىشاھ ۋۇدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، جاڭ چيەننى هونلار زېمىنىغا ئەۋەتكەن. جاڭ چيەن ئۇ يەرگە بارغاندا هونلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان، ئۇ هونلار ئارىسىدا ئون نەچچە يىل تۇرۇپ، ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولغان، ئۇ بالا - چاقىسى بىلەن هون زېمىنىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، غەربتە پەرغانىگە، كانگىيىگە، توخرىلار زېمىنىغا بارغان. توخرىلار شۇ چاغدا باكتىرىيىدە ئولتۇراقلاشقانىدى، ئۇ جاينىڭ يېرى مۇنبەت، بايلىقى مول، خەلقى خاتىرجەم بولغاچقا، توخرىلار هونلارغا هۇجۇم قىلىشنى خالىمىغان، شۇنىڭ بىلەن جاڭ چيەن قاتارلىقلار قايتىپ كەتكەن.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 126 -يىلى جاڭ چيەن نەنسەن (جەنۇبىي تاغ) نى بويلاپ چياڭلار زېمىنى ئارقىلىق قايتماقچى بولغاندا، يەنە هونلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. هون تەگۈرنۇتى ئۆلگەندىن كېيىن، سولقول لولىقان تېكىنىنىڭ تەختكە چىقىشىغا قارشى چىقىپ ئۇرۇش قوزغىغان، هون ئېلى مالىمانچىلىشىپ كەتكەن، جاڭ چيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غوز ئايالى ۋە هەمراھى گەنفۇ بىلەن بىللە خەن سۇلالىسى زېمىنىغا قېچىپ كېلىۋالغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 121 - يىلى، خەن سۇلالىسى

چەۋەندازلار قوشۇنىنىڭ بۈيۈك سانغۇنى خۇ چۈبىڭنى 10 مىڭ ئەسكەر بىلەن گەنسۇنىڭ غەربىدە هونلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن، خۇ چۈبىڭ ئالتە كۈن ئايلىنىپ ئۇرۇش قىلىپ، دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشكەن.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلى، خەن سۇلالىسى بۈيۈك سانغۇن ۋېي چىڭ باشچىلىقىدىكى بەش تۈمەن قوشۇننى دېڭراڭدىن، چەۋاندازلار سانغۇنى خۇ چۈبىڭ باشچىلىقىدىكى بەش تۈمەن قوشۇننى دەيجۈندىن ئاتلىنىپ هونلارغا زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان. ۋېي چىڭ قورغاندىن يولغا چىقىپ، مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول ماڭغاندىن كېيىن، هون تەڭرىقۇتى بىلەن توقۇنۇشقان، تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە ئەسكەر، ئاتلىرىنىڭ سەرخىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ غەلىبىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ يىراققا قاچقان، ۋېي چىڭ ئۇلارنى تيەنيەن تېغى (هازىرقى هانگاي تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمى) غىچە قوغلاپ بارغان. خۇ چۈبىڭ قورغاندىن چىقىپ ئىككى مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول ماڭغاندىن كېيىن هونلارنىڭ سولقول بىلگە خانى بىلەن توقۇنۇشقان سولقۇل بىلگە خان مەغلۇپ بولۇپ قاچقان.

شۇ يىلى، جاڭ چيەن خەن سۇلالىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئورپاقبەگلىككە تەيىنلەنگەن ۋە 300 ئادەم (هەر بىرسىگە ئىككىدىن ئات بېرىلگەن) نى باشلاپ، ئون نەچچە مىڭ كالا ـ قوينى هەيدەپ، نۇرغۇن قىممەت باهالىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە كەلگەن، ئۇيسۇنغا كەلگەندىن كېيىن، جاڭ چيەن مۇئاۋىن ئەلچىسىنى پەرغانە، كانگىيە ئۇلۇغ توخرىلار ئېلى، باكتىرىيە پارفىيە، سىندۇ (هىندىستان)، ئۇدۇن، ئۇزۇنتات ۋە باشقا قوشنا ئەللەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، ئۇيسۇنلار جاڭ چيەنگە نەچچە ئون ئات بەرگەن، نەچچە ئون ئەلچىسىنى جاڭ چيەننى ئاپىرىپ قويۇشقا بەلگىلىگەن. جاڭ چيەن قايتىپ كېلىپ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىن ئالەم-

دىن ئۆتكەن.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 110 ـ، 105 ـ يىللاردا، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى جياڭدۇ ۋاڭى ليۇجەننىڭ قىزى شى جۈننى مەلىكىلىككە ئۆستۈرۈپ، ئۈيسۇن كۈنبېيىسى لېجابىغا ياتلىق قىلغان. لېجابى مەلىكە شى جۈننى ئوڭقول خانىش قىلغان.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 108 ـ يىلى، مىران، قانقىل ھونلارغا پەرمانبەردارلىق قىلغان، ھونلار ئۇلارغا خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى توسۇۋېلىشقا بۇيرۇغان. خەن سۇلالىسى ئىككى ساۋ-غۇن ـ جاۋ پۇنۇ بىلەن ۋاڭ خۇينى ئۇلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەت-كەن. ئۇلار مىران خانىنى ئەسىر ئېلىپ، قانقىلنى مەغلۇپ قىلغان.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 105 ـ يىلى، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى غەربتە كۆكئارتتىن ئۆتۈپ پارفىيىگە بارغان. پارفىيە خەن سۇلالىسى ئەلچىسىگە تۆگە قۇشى تۇخۇمىنى ۋە ئائۇرسىلىق سېھرىگەرنى تەقدىم قىلغان، ئۇ قايتقاندا قانقىل، ئۇزۇنتات قا-تارلىق بەگلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ ئەلچى ئەۋەتكەن.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 104 ـ، 101ـ يىللىرى، شى جۈن مەلىكە ئۆلگەندىن كېيىن خەن سۇلالىسىچۇۋاڭنىڭ نەۋرىسى جيېيۇينى (غەمخالاس) مەلىكىلىككە ئۆستۈرۈپ، ئۈيسۇن كۈن-بېيىسىغا ياتلىق قىلغان.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 104 ـ يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى، ئات ئەكېلىشكە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىنىڭ پەرغا-نە خانى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، لى گۇاڭلىنى ئەرشى سانغۇنلۇققا تەيىنلەپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن پەرغانىگە يۈرۈش قىلغۇزغان.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 103 ـ يىلى، لى گۇاڭلىنىڭ قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى بۇ ئۇزۇن سەپەردە ئۇزۇق - تۈلۈكى ئۈكسۈپ قېلىپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئامان قالغان

نەچچە مىڭ ئەسكەر پەرغانىگە قاراشلىق يۈيچېڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، پەرغانە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 102 - يىلى، لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن پەرغانىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇلار 40 نەچچە كۈن جەڭ قىلىپ ئاخىرى پەرغانە شەھىرىنى ئىشغال قىلغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 97 - يىلى ھون تەڭرىقۇتى چاڭشۈيلىڭ ئوغۇز (غۇز) لاردىن ۋېي لۈينى دىڭلىڭلارغا خان قىلغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 90 - يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ كەيلىڭ بېگى مىران (كىروران) قاتارلىق ئالتە بەگلىكنىڭ ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ قانقىلغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، قانقىل خانى تەسلىم بولۇپ، بەيئەت قىلغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 77 - يىلى بۈيۈك سانغۇن خو گۇاڭ بوجېيزىنى ئەۋەتىپ، مىران خانىنى ئۆلتۈرگەن ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى خەن سۇلالىسىدە تۇرغاق (بارىمتاي) بولۇپ تۇرغان ۋېي دۈيەننى خان قىلغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 74 - يىلى قانقىل بەگلىكى ھونلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇيسۇنغا ھۇجۇم قىلغان، ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىدىن ياردەم سورىغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 72 - يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ تىرىكەك چېرىكچىسى چاڭ خۇي ئۇيسۇنلارنىڭ 50 مىڭ ئەسكىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا ھونلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنىڭ 39 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئالغان، 70 مىڭ تۇياقتىن كۆپرەك مال چارۋىسىنى قولغا چۈشۈرگەن.

شۇ يىلى قىشتا، ھون تەڭرىقۇتى نەچچە تۈمەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇيسۇنغا زەربە بەرگەن، ئەسكەرلەر قايتىش سەپىرىدە

جۇت - شۇۋرغانغا ئۇچراپ، چارۋىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ توڭلاپ ئۆلگەن، قارار گاھقا قايتىپ كېلەلىگەنلەر بارغانلارنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمىگەن، شۇنىڭ بىلەن دىڭلىڭلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىمالىي تەرەپتىن، ئوغانلار شەرق تەرەپتىن ئۇيسۇنلار غەرب تەرەپتىن ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەچچە تۈمەن ئادىمىنى يوقاتقان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھونلار زەئىپلىشىشكە يۈزلەنگەن.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 70 -يىلى، كەشمىرلىك ئالىي راھىب بىلۇجىنا ئۇدۇن بەگلىكىگە كېلىپ دىن تارقاتقان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 62 - يىلى، قاتقىل خانى ئۇگۆي ئۇيسۇنغا قېچىپ كەتكەن، خەن سۇلالىسى ئەلچى ئەۋەتكەندىن كېيىن ئۇيسۇنلار ئۇگۆينى چاڭئەن (شىئەن) گە ئەۋەتىپ بەرگەن.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 54 - يىلى جەنۇبىي ھون تەڭرىقۇتى قوغىشار بىلەن شىمالىي ھون تەڭرىقۇتى قۇتئۇش (قوتئۇس) توقۇنۇشۇپ قالغان، بۇ ئۇرۇشتا قوغىشار يېڭىلگەن.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 45 - يىلى قۇتئۇش تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ قوغىشارغا ياردەم بەرگەنلىكىدىن ئاغرىنىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى گۇ جىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە بۇ قىلمىشىدىن قورقۇپ، قوۋمىنى باشلاپ كاڭگيە (سەمەرقەند) گە قېچىپ كەتكەن، كاڭگيە خانىنىڭ قىزىنى قۇتئۇش، قۇتئۇشنىڭ قىزىنى كاڭگيە خانى ئالغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 36 - يىلى، غەربىي يۇرت تۇتۇق بېگى گەن يەنشۇ قوشۇن باشلاپ شىمالىي ھونلارغا يۈرۈش قىلغان ۋە ئۇلارنى بىتچىت قىلىپ قۇتئۇش تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرگەن.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 33 - يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى يۈەندى مەلىكە ۋاڭ جاۋجۈننى جەنۇبىي ھون تەڭرىقۇتى قوغىشارغا ياتلىق قىلغان.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 31 - يىلى، قوغنشار ئۆلگەن، ئۇ جىل تەڭرىقۇت ۋاڭ جاۋجۈنگە ئۆيلەنگەن.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 20 - يىلى، ئۇجىل تەڭرىقۇت ئۆلگەن، ئورنىغا ئىنىسى تەڭرىقۇت بولغان.

△ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 - يىلى، هون تەڭرىقۇتى ۋە ئۇيسۇن كۇنبىيسى خەن سۇلالىسى ئوردىسىغا تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئەيدى ئۇلارغا ئىنئام بەرگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 18 - يىلى يەكەن خانى يەن ئۆلگەن، ئوغلىكاڭ تەخت ۋارىسى بولغان.

△ مىلادىيىنىڭ 29 - يىلى، يەكەن خانى كاڭ قوشنا ئەللەرنىڭ ئەسكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، هونلارغا تاقابىل تۇرغان.

△ مىلادىيىنىڭ 33 - يىلى، يەكەن خانى كاڭ ئۆلگەن، ئورنىغا ئىنىسى شيەن تەخت ۋارىسى بولغان. ئۇ قۇمىد، كۆكيارلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، كاڭنىڭ ئىككى ئوغلىنى بۇ ئىككى جايغا خان قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 45 - يىلى، ئالدىنقى قانقىل، پىشامشان، كىنگىت (قاراشەھەر) قاتارلىق 18 بەگلىك خەن سۇلالىسىگە تۇرغاق ئەۋەتكەن.

△ مىلادىيىنىڭ 60 - يىلى كۇسەنلىكلەر ئۆز خانى زىرونى ئۆلتۈرگەن ۋە شىمالىي هونلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خان تىكلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. هونلار كۇسەنلىك ئاقسۆڭەك سىيندۇنى كۇسەنگە خان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن كۇسەن هونلرغا بېقىنغان.

△ مىلادىيىنىڭ 55 - يىلى، يەكەن خانى ئۇدۇنغا هۇجۇم قىلغان، ئۇدۇن خانىنى ئۇدۇندىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇدۇن زېمىنىنى ئۆز دائىرىسىگە قوشۇۋالغان.

△ مىلادىيىنىڭ 60 - يىلى، يەكەن خانى ئەۋەتكەن هۆكۈمران جۇندې ئۇدۇندا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ پۇقرالارنى

بىزار قىلغان. ئوتتۇرا قىسىمىدىكى ئوددۇنلۇق ئاقسۆڭەك دۇۋېي ئىنىسى بىلەن بىرلە-
شىپ جۇندېنى ئۆلتۈرگەن. ئوددۇنلۇق يەنە بىر ئاقسۆڭەك شيۇ-
موبا باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، دۇۋېينى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنى
ئۆلتۈرۈپ ئوددۇنغا خان بولغان. شيۇموبا قۇمىدىلىقلار بىلەن بىر-
لىكتە گۇمىغا ھۇجۇم قىلىپ، يەكەن ھۆكۈمرانىنىڭ گۇمىدىكى
ئەمەلدارىنى ئۆلتۈرگەن. يەكەن خانى ئۈچ تۈمەن كىشىلىك قو-
شۇننى شيۇموباغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ قوشۇن
مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن. يەكەن خانى نەچچە تۈمەن كىشىلىك
قوشۇننى باشلاپ بېرىپ ئۈچ ئالماقچى بولغان. لېكىن شيۇموبا
تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئاران قېچىپ قۇتۇلغان.
شيۇموبا غەلىبە پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەي، يەكەننى مۇھاسىرە
قىلغان، بۇ جەرياندا غايىپ ئوق تېگىپ ئۆلگەن.

△مىلادىيىنىڭ 60 - يىلى، ھونلار كۇسەن قاتارلىق بەگ-
لىكلەر بىلەن بىرلىكتە يەكەنگە ھۇجۇم قوزغىغان، لېكىن يەكەن-
نى ئىشغال قىلالمىغان.

△مىلادىيىنىڭ 61 - يىلى، ئوددۇنلۇقلار شيۇموبانىڭ جىيە-
نى گۇاڭدېنى خان قىلىپ تىكلىگەن. گۇاڭدې ئۈچ تۈمەن كىشى-
لىك قوشۇن بىلەن يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان. يەكەن خانى ئۇلار-
نىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرغان. ئاخىرىدا گۇاڭدې يەكەن خانىنى
شەھەردىن ئالداپ ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، يەكەننى ئۆز
دائىرىسىگە قوشۇۋالغان.

شۇ يىلى، ھونلار گۇاڭدېنىڭ يەكەننى مۇنقەرز قىلغانلىقىنى
ئاڭلاپ، كىنگىت، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ئۈچ تۈمەندىن
ئارتۇق ئادىمى بىلەن ئوددۇنغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان. گۇاڭدې
تەسلىم بولۇپ، ئوغلىنى تۇرغاق (بارىمتاي) لىققا ئەۋەتكەن.
قىشتا شىمالىي ھونلار سابىق يەكەن خانىنىڭ ئوغلىنى خان
قىلىپ تىكلىگەن. گۇاڭدې يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ ھونلار تىكلە-
گەن خاننى ئۆلتۈرگەن ۋە چىلىنى يەكەن خانى قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 73 - يىلى، خەن سۇلالىسى سانغۇن دۇ گۇ بىلەن سانغۇن گىڭ بىن باشچىلىقىدىكى قوشۇننى تەڭرىتاغدىكى هونلارنىڭ قويانخانىغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. قويانخان مەغلۇپ بولۇپ قاچقان، خەن سۇلالىسى قوشۇنى بارىكۆلگىچە قوغلاپ بارغان.

شۇ يىلى، خەن سۇلالىسى چېرىكچى ئامبال بەن چاۋنى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، بەن چاۋ پىشامشانغا بېرىپ هون ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇدۇن هۆكۈمرانى ئۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ بولۇپ، هون ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بەن چاۋغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 124 - يىلى، خەن سۇلالىسى ئەۋەتكەن غەربىي رايون دورغابى بەن يۇڭ ئون مىڭدىن ئارتۇق چەۋەندازنى باشلاپ ئالدىنقى قانقىل ئوردىسىغا هۇجۇم قىلىپ، هونلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قوغلاپ چىقارغان.

△ مىلادىيىنىڭ 129 - يىلى، ئۇدۇن خانى ئىلگىرى قومىد (قارا قۇرۇم) خانىنى ئۆلتۈرگەن. شىڭنى قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئوغلىنى قومىدقا خان قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 135 - يىلى، شىمالىي هونلارنىڭ قويانخانى كېيىنكى قانقىلغا بېسىپ كىرگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 148 - يىلى، پارفىيە دۆلىتىنىڭ ئالىي راهىبى ئەن شىگاۋ شىنجاڭدىن ئۆتۈپ لوياڭغا بارغان.

△ مىلادىيىنىڭ 149 - يىلى، توخرىلار ئېلىنىڭ ئالىي راهىبى شىنجاڭدىن ئۆتۈپ لوياڭغا بارغان.

△ مىلادىيىنىڭ 151 - يىلى، شىمالىي هونلارنىڭ قويانخانى ئېۋىرغولغا بېسىپ كىرگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 152 - يىلى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن غەربىي رايون دورغابى ۋاڭ جىڭ ئۇدۇن ئاقسۆڭەكى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان.

△ مىلادىيىنىڭ 175 - يىلى، ئۇدۇن خانى ئەن گو قومىدقا ھۇجۇم قىلىپ، قومىد خانىنى ئۆلتۈرگەن.
△ مىلادىيىنىڭ 202 - يىلى، ئۇدۇن دۆلىتى خەن سۇلالىسىگە كۆندۈرۈلگەن پىل ھەدىيە قىلغان.
△ مىلادىيىنىڭ 222 - يىلى، پىشامشان، كۇسەن، ئۇدۇن ئۈچ ئەلنىڭ خانلىرى ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋېي سۇلالىسى بىلەن ئالاقە باغلىغان.
△ مىلادىيىنىڭ 284 - يىلى، رىم ئەلچىسى شىنجاڭدىن ئۆتۈپ جىن سۇلالىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان.
△ مىلادىيىنىڭ 327 - يىلى، شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى جاڭ جۈن قۇچۇنى ئىشغال قىلىپ، قۇجۇ ئايمىقىنى تەسىس قىلغان.
△ مىلادىيىنىڭ 346 - يىلى، جاڭ جۈن كىنگىتكە جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارغان.
△ مىلادىيىنىڭ 378 - يىلى، ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ خانى فۇجىيەن ياڭ گەننى قۇچۇغا ۋالى قىلغان.
△ مىلادىيىنىڭ 384 - يىلى، لۈي گۇاڭ كۆچمە قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ كىنگىتقا يۈرۈش قىلغان. كىنگىت خانى لىۇ تەسلىم بولغان.
△ شۇ يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا لۈي گۇاڭ كۇسەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، كۇسەن خانى بەيچۇن شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغان. كۆيخۇللار (قەدىمكى خەلق نامى) خانىنىڭ ئىنىسى 200 مىڭ چەۋەندازنى باشلاپ ياردەمگە كەلگەن. كۇسەن پايتەختىنىڭ غەربىدە كەسكىن جەڭ بولغان، لۈي گۇاڭ كۆيخۇللارنىڭ ياردەمچى قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، كۇسەن پايتەختىنى ئىشغال قىلغان، كۇسەن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن، ئالىي راھىب كۇماراجىۋانى ئېپكەتكەن.
△ مىلادىيىنىڭ 385 - يىلى، لۈي گۇاڭ بەيچۇننىڭ ئىنىسى

بەي جىننى كۇسەنگە خان قىلغان.
△مىلادىيىنىڭ 389 - يىلى، توقباتلار قۇرغان كېيىنكى لياڭ خانلىقىنىڭ ۋۇدى خانى غەربكە - ئېگىز قاڭقىللار (ئېگىز هارۋىلىقلار) قوۋمىلىرىغا يۈرۈش قىلغان.
△مىلادىيىنىڭ 394 - يىلى، شىمالىي ۋېي خانلىقى جۇرجانلارغا زەربە بەرگەن، جۇرجان خانى شېلۇن قوۋمىنى باشلاپ غەربكە كۆچكەن. ئۇلار قوجوغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يەرلىك قوۋملارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان ھەمدە تەدرىجىي قۇدرەت تېپىشقا باشلىغان.
△مىلادىيىنىڭ 402 - يىلى، توقبات سىيانپىلىرى جۇرجانلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، جۇرجان خانى شېلۇن ئېگىز قاڭقىللارنىڭ يايلاقلىرىنى ئىگىلىۋالغان.
△مىلادىيىنىڭ 405 - يىلى، كېيىنكى چىن خانلىقىنىڭ خانى غەربىي رايونلۇق كۇمىراجىۋانى دۆلەت ئۇستازى قىلغان. كۇمىراجىۋا 30 مىڭ جىلد بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلغان.
△مىلادىيىنىڭ 425 - يىلى، شىمالىي لياڭ خانلىقىنىڭ خانى خانىشىنى ئېلىپ جيۇچۈەندىن ئېۋىرغولغا قېچىپ كەلگەن.
△مىلادىيىنىڭ 438 - يىلى، ۋېي خانلىقى جۇرجانلارنى مەغلۇپ قىلغان، جۇرجان قاغانى غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرگە ۋېي خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرىنى كىرگۈزمەسلىكنى بۇيرۇغان.
△مىلادىيىنىڭ 440 - يىلى، قوجوغا قېچىپ كەلگەن لياڭ خانلىقىنىڭ ۋالىيسى قۇتقۇ ۋۇخۇي جيۇچۈەنگە قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىغان.
△مىلادىيىنىڭ 441 - يىلى، قۇتقۇ ئەنجۇ قوملۇقتىن ئۆتۈپ، پىشامشانغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالماي چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان.
△مىلادىيىنىڭ 442 - يىلى قۇتقۇ ۋۇخۇي سەركەردىسىنى ئەۋەتىپ قوجوغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان، قوجو خانى شىمالغا

قېچىپ جۇرجانلارغا بېقىنغان، قۇتقۇ جەمەتى قوجونى ئىگىلىۋالغان.

△ مىلادىيىنىڭ 445 ـ يىلى لياڭجۇ (گەنسۇدا) لۇق سەككىز راھىب بۇددا نومى ئەپكېلىشكە ئودۇنغا بارغان، ئۇلار قايتىشىدا قوجوغا كەلگەندە، قەھەتچىلىك بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 448 ـ يىلى، ياپبان دۆلىتى (قېپقالغان ھونلار كۇسەننىڭ شىمالىدا قۇرغان دۆلەت) ۋېي خانلىقىغا سېھەرىگەر ھەدىيە قىلغان ھەمدە ۋېي خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جۇرجانلارغا تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. ۋېي خانلىقى سەركەردە ۋەن دۇگۇينى غەربكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن. كىنگىت خانى مەغلۇپ بولۇپ كۇسەنگە قېچىپ كەتكەن.

△ مىلادىيىنىڭ 460 ـ يىلى، جورجانلار قۇتقۇ ئەنجۇنى ئۆلتۈرۈپ، قوقۇنى ئىشغال قىلغان ۋە كەن بوجۇنى قوجوغا خان قىلىپ تىكلىگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 470 ـ يىلى، جورجانلار ئودۇنغا ھۇجۇم قوزغىغان، ئودۇن ۋېي خانلىقىدىن ياردەم سورىغان بولسىمۇ، ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگىچە ئودۇن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان.

△ مىلادىيىنىڭ 475 ـ يىلى قوجو خانى كەن بوجو ئۆلگەن، ئوغلى كەن يىچېڭ تەخت ۋارىسى بولغان.

△ مىلادىيىنىڭ 477 ـ يىلى قوجو خانى كەن يىچېڭ ئىنىسى كەن شوگوي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان، كەن شوگوي ئۆزىنى خان، دەپ ئېلان قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 481 ـ يىلى ئېگىز قاڭقىلىلىقلار خانى ئاۋۇزلۇ قوجو خانى كەن شوگوينى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى قوجوغا خان قىلىپ تىكلىگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 487ـ يىلى ئېگىز قاڭقىل خانلىقى كۈندىنكۈنگە قۇدرەت تاپقان، جورجان قاغانىنى ئارقا ـ ئارقىدىن مەغ-

لۇپ قىلىپ، ئالدىنقى قانقىلىنىڭ غەربىي شىمالىنى، ئىنىسى چۆچى جەنۇبىنى باشقۇرغان.

△مىلادىيىنىڭ 496 - يىلى قوجولىقلار جاڭ مېڭمىڭنى ئۆلتۈرۈپ، مارۇينى خان قىلىپ تىكلىگەن.

△مىلادىيىنىڭ 508 - يىلى دەسلەپتە ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ بېگى چۆچى ئېفتالىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئوغلى مىتۇ ۋارىس بولغان بولسىمۇ قوۋمى تاراپ كەتكەن. ئارقىدىن ئېگىز قاڭقىل خانلىقىنىڭ خانى ئاۋۇزلۇمۇ خەلق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئورنىغا باليان خان قىلىپ تىكلەنگەن، مىتۇ باليانىنى ئۆلتۈرۈپ خانلىقنى تارتىۋالغان، جۇرجان قاغانى مىتۇغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى باركۆلدە مەغلۇپ قىلغان، مىتۇ ئىۋىرغولنىڭ شىمالىدىكى تاغقا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مىتۇ باركۆلنىڭ شىمالىدا جۇرجان قاغانى ئوتاخانغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن.

△مىلادىيىنىڭ 518 - يىلى ۋېي سۇلالىسى ئۆز ئەلچىسى سۇڭ يۈن ۋە راھىب خۇي شىڭ، فا لى قاتارلىقلارنى غەربىي يۇرتقا نوم ئەكېلىشكە ئەۋەتكەن.

△مىلادىيىنىڭ 521 - يىلى ئېفتالىتلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئېگىز قاڭقىل خانى مىتۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىلبەگنى يۇرتىغا ئاپىرىپ قويغان.

△مىلادىيىنىڭ 522 - يىلى سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ قاتارلىقلار 170 جىلدلىق نومنى ئېلىپ لوياڭغا قايتقان.

△مىلادىيىنىڭ 541 - يىلى ئودۇن دۆلىتى قاش تېشىدىن ئويۇلغان بۇددا ھەيكىلىنى لياڭ خانلىقىغا ھەدىيە قىلغان.

△مىلادىيىنىڭ 542 - يىلى تۈركلەر خۇاڭخېدىن ئۆتۈپ، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «تۈرك» لەرنىڭ نامى خەنزۇچە تارىخنامىلەرگە خاتىرىلەنگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 550 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ قەبىلە سەردارى تۇمەن تېلېلارنىڭ 50 مىڭ تۈتۈنگە زەربە بەرگەن، تۇمەن جۇرجانلار بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئاناگاي قاغان تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

△ مىلادىيىنىڭ 552 ـ يىلى تۈرك قاغانى تۇمەن جۇجانلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان، ئاناگاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، تۇمەن ئۆزىگە ئېلىگ قاغان دەپ نام بېرىپ، تۈرك خانلىقىنى قۇرغان، تۇمەن ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى ئىشىگ قاغان بولغان.

△ مىلادىيىنىڭ 553 ـ يىلى ئىشىگ قاغان غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، جۇرجانلارغا ھۇجۇم قىلغان. ئىشىگ ئۆلگەندىن كېيىن، مۇقان قاغان تەخت ۋارىسى بولغان. ئۇ ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) دا بارگاھ قۇرغان، شەرقتە قىتانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىنىسى ئاشىناقۇينى شەرق تەرەپ قاغانى قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 554 ـ يىلى تۈركلەر جۇرجانلارغا يەنە ھۇجۇم قوزغىغان، جۇرجانلار چى خانلىقى زېمىنىغا قاچقان.

△ مىلادىيىنىڭ 555 ـ يىلى جۇرجان خانلىقى ھالاك بولغان، ئۇنىڭ ئاخىرقى خانى دىڭ شۇزى ئۆلتۈرۈلگەن. تۈركلەر غەربكە يۈرۈش قىلىپ، قۇجۇنى مەغلۇپ قىلغان، قۇجۇ تۈركلەرگە بېقىنغان. [sic: بەيئەت قىلغان]

△ مىلادىيىنىڭ 556 ـ يىلى تۈركلەر غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تۇيغۇنلارغا يۈرۈش قىلغان، مۇقان قاغان تۇيغۇنلارنىڭ خانى كۇالۇينىڭ خوتۇنىنى ئەسىر ئالغان.

△ مىلادىيىنىڭ 558 ـ يىلى ئېگىز قاڭقىللىقلارنىڭ بېكقۇلۇ (ئاۋارېس) قەبىلىسىنى تۈركلەر قوغلاپ چىقارغان، ئۇلار غەربكە — ياۋروپاغا كۆچكەن.

△ مىلادىيىنىڭ 564 ـ يىلى تۈركلەر جۇ خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، چى خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ

بولۇپ چېكىنگەن.
△مىلادىيىنىڭ 566 - يىلى مۇقان قاغان 100 مىڭ ئادەمنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئېفتالىتلارنى مەغلۇپ قىلغان، ئىنىسى ئىستەمىنى غەرب تەرەپ قاغانى قىلغان.
△مىلادىيىنىڭ 568 - يىلى ئىستەمى ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) غا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېفتالىت خانلىقىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.
△ مىلادىيىنىڭ 569 - يىلى ۋىزانتىيە زېماركۇسنى تۈركلەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، زېماركۇس ئىستەمى قاغان بىلەن كۆرۈشكەن، ئىككى تەرەپ پېرسىيە (ئىران) غا قارشى ئىتتىپاق تۈزگەن.
△ مىلادىيىنىڭ 574 - يىلى شىمالىي ھىندىستانلىق راھىب تۈرك دۆلىتىگە كەلگەن.
△ مىلادىيىنىڭ 576 - يىلى ئىستەمى قاغان ئۆلگەن، ئوغلى تاردۇ غەرب تەرەپ قاغانى بولغان.
△ مىلادىيىنىڭ 582 - يىلى تۈرك قاغانى ئىشبارا كىچىك قاغانلار - ئاپا، تامغان بىلەن بىرلىشىپ، تويغۇنلارغا ھۇجۇم قىلغان، سۈي سۇلالىسى زېمىنىغا بېسىپ كىرگەن.
△ مىلادىيىنىڭ 585 - يىلى ئاپا قاغان موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىدىكى بارگاھنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى تۈرك قاغانى دەپ ئېلان قىلغان، غەربىي يۇرتتىكى ئەللەر ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان. تۈرك قاغانلىقى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، غەربنى تاردۇ قاغان، شىمالنى ئاپا قاغان، جەنۇبنى ئىشبارا قاغان ئىدارە قىلغان.
△ مىلادىيىنىڭ 586 - يىلى ئاپا قاغان بىلەن تاردۇ قاغان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ كەتكەن، تاردۇ قوشۇن باشلاپ ئاپا قاغاننى مەغلۇپ قىلغان.
△ مىلادىيىنىڭ 587 - يىلى ئىشبارا قاغان ئۆلگەن، ئىنىسى

چۇلۇق تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى باغا قاغان دەپ ئاتىغان.

△مىلادىيىنىڭ 588 - يىلى باغا قاغـان قوشـۇن باشـلاپ غەربكە — تاردۇ قاغانغا يۈرۈش قىلغان. ئۇنىڭغا جەڭدە ئوق تېگىپ ئورنىغا جىيەنى تۇرىيان قاغان بولغان.

△مىلادىيىنىڭ 590 - يىلى تۇرىيان قاغان غەربكە — تاردۇ قاغانغا يۈرۈش قىلىپ، قوجۇنىڭ تۆت شەھىرىنى ئىگىلىگەن.

△مىلادىيىنىڭ 591 - يىلى تۇرىيان قاغان ئۇدۇننى مەغلۇپ قىلغان.

△مىلادىيىنىڭ 597 - يىلى تاردۇ قاغان تۇرىيان قاغاننى ئىكار تۈزلەڭلىكىدە مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنى «يەتتە قوۋمنىڭ سەردارى، دۇنيادىكى يەتتە ئەلنىڭ خانى» دەپ ئاتىغان ۋە ۋىزانتىيىگە ئەلچى ئەۋەتكەن.

△مىلادىيىنىڭ 598 - يىلى تادۇ قاغان موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى تۈركلەرنىڭ بۈيۈك قاغانى، دەپ ئاتىغان، تۇرىيان قاغان تەسلىم بولغان.

△مىلادىيىنىڭ 599 - يىلى تۇرىيان قاغان ئۆلتۈرۈلگەن، تاردۇد قاغان ئۇنىڭ قوۋمىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

△مىلادىيىنىڭ 603 - يىلى تېلې قەبىلىلىرى ئىسيان كۆتۈرگەن. تۈركلەر شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

△ مىلادىيىنىڭ 605 - يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى نىل ئۆلگەن، چۇلۇق تەخت ۋارىسى بولغان. بىلگە قاغان تامخان تېغىدا بارگاھ قۇرغان، ئىۋىرغول، قوجۇ، كىنگىت بىلگە قاغانغا ئىتائەت قىلغان.

△مىلادىيىنىڭ 612 - يىلى سۈي سۇلالىسى مەلىكە خۇارۇڭنى قوجۇ خانى چۈي ۋېنتايگە ياتلىق قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 613 - يىلى، يابغۇ (شىكۈي) قاغان تېلې خانلىقىنى گۇمران قىلغان، تېلې خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا.

ـكىلەر شىكۈي قاغانغا، شەرقىي قىسىمدىن موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىغا كەتكەنلەر شەرقىي تۈركلەرگە بەيئەت قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 614 ـ يىلى سۈي سۇلالىسى شىن بى مەلـ-ـكىنى غەربىي تۈرك قاغانى گىساناغا ياتلىق قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 615 ـ يىلى، كۇسەن، ئۇدۇن، سۇلى قا-تارلىق بەگلىكلەر سۈي سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ تارتۇق يولـلى-غان.

△ مىلادىيىنىڭ 618 ـ يىلى، غەربىي تۈركلەرنىڭ كۆل قاغانى ئىسيان كۆتىرىپ، تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان.

△ مىلادىيىنىڭ 620 ـ يىلى، چۈي ۋېنتاي قۇجۇخانى بول-غان. شۇ يىلى غەربىي تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىگە ئېسىل ئات ھەدىيە قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ، شەرقىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەكلىپ قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 626 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى شەر-قىي تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، غەر-بىي تۈركلەرنىڭ قوشۇنىمۇ قاغان بۇت (جىمسار ئەترابى) شە-ھىرىدە مەغلۇپ بولغان. شۇ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقىدا مالـ-ـمانچىلىق يۈز بەرگەن، توققۇز تېلې قەبىلىلىرى-موڭغۇل دالـ-ـسىنىڭ شىمالىدا ئىسيان كۆتۈرگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 627 ـ يىلى، موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا توققۇز تېلې قەبىلىلىرىنىڭ ئىسيانى ئېخىمۇ ئەدەپ كەتكەن. ئېلتىرىش قاغان تۇيۇق شاد قاتارلىقلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن بولسىمۇ مۇۋاپپەقىيەت قازىنالمىغان.

△ مىلادىيىنىڭ 629 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسى لى جىنى قوشۇن باشلاپ شەرقىي تۈركلەرگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇ-غان، شەرقىي تۈركلەرنىڭ تولى قاغانى تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. شۇ يىلى بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ گۇاجۇ، شاجۇ ئوبلاستـ-ـلىرىدىن ئۆتۈپ ئىۋىرغولغا كەلگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 630 - يىلى، ئېۋىرغولدىكى يەتتە شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى شى ۋەنتيەن تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. بۇ رايوندا غەربىي ئېۋىرغول ئايىمىقى تەسىس قىلىنغان. شۇ يىلى شۆەنزاڭ ئېۋىرغولدىن يولغا چىقىپ قۇجۇغا كەلگەن، قۇجۇ خانى چۇي ۋېنتاي ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالغان ۋە ئۇزىتىپ قويغان، شۆەنزاڭ كىنگىت، كۇسەن ئارقىلىق سۇيئابقا بارغان، ئۇ جايدا غەربىي تۈركلەرنىڭ تۇنيابغۇ قاغانى بىلەن كۆرۈشكەن، ئاندىن غەربىي جەنۇبقا سەپەر قىلىپ ھىندىستانغا يېتىپ بارغان.

△ مىلادىيىنىڭ 635 - يىلى غەربىي تۈركلەرگە تەۋە تاڭغۇتلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۇيغۇنلارغا بەيئەت قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 637 - يىلى، غەربىي تۈرك خانلىقىدا مالىمانچىلىق كۆتۈرۈلگەن، ئىلتىرىش قاغان كىنگىتقا قېچىپ كەتكەن.

△ مىلادىيىنىڭ 639 - يىلى، ئىلتىرىش كىنگىتتىن قوشۇن باشلاپ بېرىپ، قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋالغان. شۇ يىلى چۇمكىن، چىگىل قەبىلىلىرى قۇجۇ بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، كىنگىتتىكى بەش شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، 1500 ئەر - ئايالنى بۇلاپ كەتكەن. 11 -، 12 - ئايلاردا ئىل بىلگە قۇتلۇق قاغان غەربىي تۈرك زېمىننى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 640 - يىلى، غەربىي تۈركلەرنىڭ يابغۇسى ئاشىنا بۇكۇن ئىل بىلگە قۇتلۇق قاغاندىن يۈز ئۆرۈپ، قاغان بوت شەھىرىدە تاڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 642 - يىلى، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىل بىلگە قۇتلۇق قاغانى قۇدرەت تېپىپ، كانگىيە، سوغدىيانا قاتارلىق جايلارنى زېمىن دائىرىسىگە قوشۇۋالغان.

△ مىلادىيىنىڭ 647 -يىلى، ئۇيغۇرلاردىن ئېلتەبىر تۇمىد قاتارلىقلار چاڭئەن (شىئەن) گە كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ

تەيزۇڭ خاننىڭ كۆتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولغان.

△ مىلادىيىنىڭ 648 - يىلى، غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا شىر كىنگىتنى مەغلۇپ قىلغان، ئاندىن كۇسەنگە بېسىپ كىرىپ، خان باھارى پوسپاتى تارمار قىلغان.

△ مىلادىيىنىڭ 872 - يىلى، ئەدەپكە قايتقان قوشۇنلارنىڭ سەردارى جاڭ يىچاۋ ئۆلگەن، ئۇيغۇرلار گەنجۇ ئايمىقىنى ئىگىلىۋالغان، خېشى كارىدورىنىڭ ۋەزىيىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن.

△ مىلادىيىنىڭ 873 - يىلى، ياقۇپ ئىبىن رەئىس ئەبۇ سەفار تاشىر خانلىقىنىڭ پايتەختىنى ئىگىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن تاشىر خانلىقى گۇمران بولۇپ، سەفار خانلىقى تىكلەنگەن.

△893 - يىلى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى بىلگە كۆل قادىرخان ئۆلگەن. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بازىر بالاساغۇننى، 2 - .ئوغلى ئوغۇلچاق قادىرخان تالاسنى باشقۇرغان. ئۇزاق ئۆتمەي ئوغۇلچاق پايتەختنى قەشقەرگە يۆتكەپ كەتكەن.

△ مىلادىيىنىڭ 904 - يىلى، ئوغۇلچاق ئەسكەر چىقىرىپ، سامانىيلار خانلىقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان. ئەمما غەلىبە قازىنالمىغان.

△ IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاڭ سۇلالىسى قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەردارى ئەل ئىگىسى كۆلقۇ يۇمىش باغاغا بۇلۇتسىمان تۇغلۇق سانغۇن، سول قانات مۇھاپىزەتچى قىسىمنىڭ بۈيۈك سانغۇنى ۋە شىتات سىرتىدىكى يارىدەمچى 5 - جەركىلىك ئەمەلدار ئۇنۋانىنى بەرگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 907 - يىلى، قارا قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى قىتانلار ئوردىسىغا ئەلچى ئارقىلىق تارتۇق ئەۋەتكەن.

△ مىلادىيىنىڭ 915 - يىلى، سامانىيلار خانلىقىدا ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەرگەن، خان جەمەتىدىن ئەبۇ ناسىر سامانى قاراخانىيلار خانلىقىغا قېچىپ كەلگەن، ئوغۇلچاق ئۇنى ئەتىۋارلاپ

ئۇنىڭ ئاتۇشتا مەسچىت سېلىشىغا ئىجازەت بەرگەن. ئوغۇلچاق-نىڭ جىيەنى ساتۇق ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەم مۇرت توپلاپ قەشقەرنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى «بۇغراخان» دەپ ئاتىغان.

△مىلادىيىنىڭ 916 ـ يىلى، لياۋ (قىتان) سۇلالىسىنىڭ تەيزۇ خانى تۇرك، تاڭغۇت، تۇيغۇنلارنى بەيئەت قىلدۇرغان.

△مىلادىيىنىڭ 923 ـ، 926 ـ يىللىرى، گەنجۇ ئۇيغۇر-لىرى گۇاجۇ، شاجۇ ئايمىقىنى تىزگىنلىگەن.

△مىلادىيىنىڭ 933 ـ يىلى، قاراخانىيلار سۇلالىسى قىتان سۇلالىسىگە تۇنجى قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن.

△مىلادىيىنىڭ 938 ـ يىلى، ئۇدۇن خانى ۋىسا سامبىخاۋا (لى شېڭتيەن) كېيىنكى جىن خانلىقىغا ئەلچى ئارقىلىق تارتۇق ئەۋەتكەن. كېيىنكى جىن خانلىقى جاڭ كۇاڭيى، گاۋجۇ خۇيلار-نى ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن.

△مىلادىيىنىڭ 940 ـ يىلى، قىتان سۇلالىسىنىڭ قاراخا-نىيلار سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ قايتىپ كەلگەن.

△942 ـ، 943 ـ يىللىرى، ساتۇق بۇغراخان بالاساغۇننى ئىشغال قىلىپ، چوڭ خاقان بولغان.

△مىلادىيىنىڭ 960 ـ يىلى، ئارسلانخان قاراخانىيلار سۇلا-لىسىدا ئىسلاملىشىشنى يولغا قويغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان 200 مىڭ كۆچمەن چارۋىچى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

△مىلادىيىنىڭ 965 ـ يىلى، ئۇدۇنلۇق راھىبلاردىن شيەن مىڭ بىلەن شيەن فا سۇڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ۋە ئىنئامغا ئېرىشكەن.

△مىلادىيىنىڭ 971 ـ يىلى، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئۇدۇندىكى ۋىسا جەمەتى خانلىقى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان.

△ مىلادىيىنىڭ 982 ـ يىلى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەل- چىسى ۋاڭ يەندې قاتارلىقلارغا قوجوغا ئەلچىلىككە كەلگەن.

△ مىلادىيىنىڭ 990 ـ يىلى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۇغراخانى ئەبۇ موسا ھەسەن ئىبنى سۇلايمان (ھارۇن) سامانىي- لار خانلىقىدىن ئىسبىجاب شەھىرىنى قايتۇرۇۋالغان.

ئەسكەرتىش: بۇ «چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» خەنزۇچە ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىنىپ رەتلەنگەن ـ ئا.

# ئاپتورنىڭ (ئابلەت نۇردۇننىڭ) ھەرقايسى ژۇرناللاردائېلان قىلغان ئاساسلىق تەرجىمە ماقالىلىرىنىڭ كاتالوگى

1. گېڭ شىمىن: «قاراخانىيلار تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىل 1 - سان.

2. خۇاڭ شىڭجاڭ: «مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى پامىر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982- يىل 2- سان).

3. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982 - يىل 3 - سان).

4. شۆ زۇڭجېڭ: «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىل 2 -، 3 - سان).

5. چى چىڭشۇن: «شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقا- تى»، ئىچكى ژۇرنال، 1984 - يىل 11 - سان).

6. شى جۇڭ: «شىنجاڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال 1983 - يىل 5 - سان).

7. چى چىڭشۇن: «غەربىي رايون، شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىل 3 - سان).

8. دۇەن ليەنچىن: «غەربىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تارىخىغا ئائىت بىر قانچە

مەسىلە توغرىسىدا» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 - يىل 2 - سان) .

9. ۋاڭ مىڭجيې: «ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ساك-لارنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» ، («شىن-جاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 - يىل 2 - سان) .

10. سۇ بېيخەي: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرى-سىدا يېڭى مۇلاھىزە» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقا-تى» ، ئىچكى ژۇرنال، 1985 - يىل 11 - سان) .

11. شۆ زۇڭجېڭ: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋا-يەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل 1 -، 2 - سان) .

12. چېن ۋېنجۇن: «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ھەيكەللەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل 3 - سان) .

13. دۇەن لىيەنچىن: «تېلېلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسى-ۋىتى ۋە تېلېلارنى مىللەت دەپ ئاتاشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلى-قى توغرىسىدا» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 - يىل 4 - سان) .

14. ليۇ گې: «تۇغانخان I ھۆكۇمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قاراخانىيلار تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر نەچچە زور ۋەقە» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئىچكى ژۇرنال، 1986 - يىل 9 - سان) .

15. جياڭ چىشياڭ: «كۇچا خانى راشىدىننىڭ قۇيدۇرغان پۇلى توغرىسىدا ئىزدىنىش» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئىچكى ژۇرنال، 1986 - يىل 10 - سان) .

16. ۋاڭ جىلەي: «مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىردى-كى ساك قەبىلىلىرى» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقا-تى» ، ئىچكى ژۇرنال، 1986 - يىل 12 - سان) .

17. تيەن ۋېيجياڭ: «شىنجاڭ موڭغۇللىرىنىڭ دوغلات قەبىلىسى توغرىسىدا تەتقىقات»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 1 - سان).
18. سەي جىنسۇڭ، سەي يىن: «ۋۇ جۇڭشىننىڭ شىنجاڭغا رەئىس بولۇشىنىڭ ئۆتمۈشى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 2 - سان).
19. ليۇ شىشىن: «تۈرك خانلىقىنىڭ بۆلۈنۈشى توغرىسىدا»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 3 - سان).
20. ۋاڭ مىڭجېي: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى بالبال (تاش ئادەم) لىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 3 - سان).
21. ليۇ گې: «قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەزنە خانلىقىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 - يىل 4 - سان).
22. جاڭ چىشياڭ: «چەت ئەل ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ قاراخانىيلارنىڭ پۇلى توغرىسىدا تەتقىقات ئەھۋالىدىن ئومۇمىي بايان»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1987 - يىل 2 - سان).
23. ۋېي لياڭتاۋ: «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1987 - يىل 4-سان).
24. جۇڭ شىنچى: «دىڭلىڭ، ئېگىز قاڭقىل، جۇرجان، چىلى ۋە تىلىلار توغرىسىدا مۇھاكىمە»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1987 - يىل 8-سان).
25. تيەن ۋېيجياڭ: «يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە روناق

تېپىشى» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1987 ـ يىل 12 ـ سان) .

26. چېڭ شولو: «جوڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 ـ يىل 2 ـ سان) .

27. مياۋ پۇشىڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى توغرىسىدا» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988ـ يىل 3 ـ سان) .

28. لى يۈيچۈن: «نىيە خارابىسىدىن چىققان مۇھىم يادىكارلىقلار» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 ـ يىل 4 ـ سان) .

29. لىيۇ گې: «ئېلىكخان تارىخىدىكى بىر نەچچە چوڭ ۋەقە» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئىچكى ژۇرنال، 1988 ـ يىل 1 ـ سان) .

30. گېڭ يۈەن: «يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇنتەيىنىڭ ئورنى ۋە بۈگۈنكى ‹ئۇرۇمچى› ، دېگەن نامىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، ئىچكى ژۇرنال، 1988 ـ يىل 12 ـ سان) .

31. چېڭ شولو: «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى» گە تولۇقلىما ۋە تۈزىتىش، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1989 ـ يىل 1 ـ سان) .

32. يۇ تەيشەن: «ساكلار ھەققىدە ‹خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دە خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلار» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1989ـ يىل 2ـ سان) .

33. ۋۇ جياڭ: «تۈرك خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر

تەتقىقاتى» 1989 ـ يىل 4 ـ سان).
34. فاڭ جيەنچاڭ: «تارىختا خرىستىئان دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1989 ـ يىل 3 ـ سان).
35. مياۋ پۇشېڭ: «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دولان ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 ـ يىل 1 ـ سان).
36. چېن شىلياڭ: «‹خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى› دىكى يول مۇساپىلىرىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 ـ يىل 2 ـ سان).
37. رۋي چۈەنمىڭ: «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا ئېيتىلغان ‹كەچىن› گە يۈرۈش قىلىش ۋەقەسى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 ـ يىل 4 ـ سان).
38. لى چى: «يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن يەكەن خانلىقىدىكى ئابدۇرىشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1990 ـ يىل 4 ـ سان).
39. جاڭ يۈەن: «تۇبۇتلەر بىلەن غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1991 ـ يىل 1 ـ سان).
40. ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1991 ـ يىل 2 ـ سان).
41. ليۇ گې: «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان مانى دىنى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي بايان»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1991 ـ يىل 4 ـ سان).

42. يۇ رۇڭچۇن: «يىپەك يولىنىڭ زاۋال تېپىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئىچكى ژۇرنال، 1992- يىل 2- سان).
43. گۇ باۋ: «مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1992 - يىل 1 - سان).
44. لىن مېيسۇن: «يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1992 - يىل 4 - سان).
45. جۇ ۋېيجۇ: «ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيانقى غەربىي يۇرت مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1993 - يىل 2 - سان).
46. ياڭ شىڭمىن: «〈ئۇيغۇر تارىخى〉دىن پارچە»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1994 - يىل 2 - سان).
47. گاۋ يۇڭجيۇ: «قارلۇقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1995 - يىل 2 - سان).
48. ۋاڭ جىلەي: «تاھىرىيلار خاندانلىقى ۋە ساففار خاندانلىقى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1995 - يىل 3 - سان).
49. ۋاڭ مىڭجيې: «ئالتايدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى توغرىسىدا»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1996 - يىل 3 - سان).
50. ليۇ جۇڭكاڭ: «نېستۇرى دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى»، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقا-

تى» 1996 ـ يىل 4 ـ سان، 1997 ـ يىل 1 ـ سان) .
51. ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقىغا دائىر بەش قەدىمىي ئەسەر» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 ـ يىل 4 ـ سان) .
52. ۋاڭ جىلەي: «غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھالاكىتى» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 ـ يىل 4 ـ سان) .
53. لىن گەن، گاۋزىخۇ: «‹ئۇيغۇر تارىخى› غا كىرىش سۆز» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1998 ـ يىل 3 ـ، 4 ـ سان) .
54. گاۋ زىخۇ: «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1999 ـ يىل 1 ـ سان) .
55. لى دېخۇا: «تۈركىيىدىكى جۇڭگولۇق قازاقلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى» ، («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1999 ـ يىل 2 ـ سان) .
56. ۋ. روكشىل (ئەنگلىيە) : «ليال (ئۇدۇن) نىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» ، («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1988 ـ يىل 1 ـ سان) .
57. رەن شۇزۇ: «سۈي سۇلالىسى بىلەن تۈركلەرنىڭ قۇدىلىشىشى توغرىسىدا» ، («خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىل 1 ـ سان) .
ئەسكەرتىش: 2000 ـ يىلدىن كېيىنكىلىرى كىرگۈزۈلمىدى

**图书版编目（C I P）数据**

西域历史文化之探索 / 阿不来提·努尔东. 一 乌鲁木齐：新疆大学出版社. 2001.6
ISBN 7－5631－1364－9

Ⅰ.西... Ⅱ. 阿... Ⅲ. 维吾尔族一民族历史一研究一中国一维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. K281.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2001）第 029392 号

# 西域历史文化之探索

阿布来提.努尔东 著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮政编码 830046）
新疆工人时报印刷厂印刷
新疆新华书店发行
850×1168 毫米 32 开本 11.75 印张
2001 年 6 月第 1 版 1 次印刷
印数：0001 — 3000

ISBN7－5631－1346—9/K.281.5 定价：16.00 元



ISBN 7-5631-1364-9
9 787563 113644 >

ISBN 7-5631-1364-9
K·146（维文）定价:16.00元